قەشقەر ئەدەبىياتى




KASHGAR LITERATURE

# قەشقەر ئەدەبىياتى

5

0990



قەشقەردىكى قەلەم-
كەشلەر خۇشاللىق
سورۇنىدا جەم
بولدى.

(م. زىبىبۇللا
فوتوسى)



ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئا-
ۋىن شۇجىسى، ۋالىي ئىسمايىل
تىلىۋالدى «قەشقەر ئەدەبى-
ياتى» ژۇرنىلى تەھرىرلىرى
بىلەن سۆھبەتتە.

(ماھىرە ئابلىمىت فوتوسى)



روھلار جۇشقۇن، خىيالار جۇشقۇن
ئۈمىدلەردىن چاقنايدۇ ئۇچقۇن.

(بىر قىسىم ياش ئاپتورلار
سەيلىگاھتا)

# قەشقەر ئەدەبىياتى

( قوش ئايلىق ژۇرنال )

5
1991

20 - يىل نەشرى

( ئومۇمىي 102 - سان )

«قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

AltunOq

# بوستاندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئەخمەت مۇساق ...... تۇكباش ...... 1
ئەلئۇرجان مەتتىمىن ...... شەپقەت ئۆلتۈرمەيدۇ ...... 13
ئەختەم ئۆمەر ...... قارا چاڭگال ...... 20
ئەمەت دەرۋىش ...... ئىلتىجا ...... 42
مۇھەممەتجان ئوسمان ...... تاغامنىڭ ئۆلۈمى ...... 47
ئادىلە ئىسمائىل ...... جاراھەتلىك قەلبلەر ...... 55
راجى تۇردى ...... بېخىل ...... 64
تۇراپ ئوبۇل ...... تەئەججۈپلۈق خىياللار ...... 67
تۇرسۇن مۇھەممەت ...... سەرسان خىياللار ...... 69
زۇلپىيە ...... ئاق لىچەك ...... 106
دىلمۇرات تۇرسۇن ...... ئىككى ھېكايە ...... 107
مۇھەممەتجان ئابلىز ...... ئىككى نەسىر ...... 109


## شېئىرىيەت گۈلزارى


ھوشۇر ئىبراھىم ...... غەزەللەر ...... 25
ئېلى قادىر ...... شائىر ھەققىدە رىۋايەت ( باللادا) ...... 27
ئابدۇللا ساۋۇت ...... تاڭ ھەققىدە ئىككى غەزەل ...... 28
ئابابەكرى ( تۈيغۇن) ...... شېئىرلار ...... 30
مۇختار سوپى ...... لىرىكىلار ...... 32
تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم ...... شېئىرلار ...... 33
قاسىم ھاشىم، نۇرۇللا خېلىل ، مۇھەممەتتۇرسۇن ئەخەت، مېھرىگۈل مۇھەممەت، ئابابەكرى چاپپار، تۇرسۇنگۈل ئابدۇراخمان ، ھەبىبە زەيدىنجان ، مۇھەممەت ئالماس، ئىمىن دەريا ...... شېئىرلار ...... 34


## ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر


مۇھەممەت رېھىم ...... شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ يېزىقچىلىق ئادەتلىرى ۋە ئىستىلى ...... 71
چىڭغىز ئايتماتوۋ ...... ئوبزور ۋە ئوبزورچى ...... 78


## ئالىم ۋە ئەدىبلىرىمىز


نۇردۇن مۇسا ...... ئىجتىھاتلىق شائىر، ئىرىشچان باغۋەن ...... 23


## جاھاننەما


مۇتەللىپ سىدىق ...... مىسىردا ئۆتكەن بىر يىل ...... 80


## ئەدەبىي ساۋات


كېرىمجان ئابدۇرېھىم ...... پروزىچىلىقنىڭ يېڭى قوللانمىسى ...... 91


## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن


قۇربانەم ئاخۇنباي، يالقۇنجان ياقۇپ ، ئەسقەرجان زەمىر ...... شېئىرلار ...... 102


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


كىرىشان چاندار ...... ئاكىجان ...... 113
ئاقىلجان ھۈسەينوۋ ...... ئارتىس بىلەن ئۇچرىشىش ...... 119
سوۋغات ...... 121


## خەزىنە


نەشرگە تەييارلىغۇچى: خېۋىر تۆمۈر ...... موللا مۇھەممەتتيار خەلپەت چاقچاقلىرىدىن ...... 122
ئابدۇكېرىم ئەخمەت رەتلىگەن ...... رىۋايەتلەر ...... 123


---

(بۇ ساندىكى ھۆسنخەت ۋە قىستۇرما رەسىملەرنى جۈمە ئابدۇللا، يالقۇنجان قۇربانلار ئىشلىگەن)

ئەخمەت مۇساق

# تۆكباش

(ھېكايە)





ئوما ئەمدىلا ئاياغلاشقان بولسىمۇ، ئېگىز ئورنىنى تېرىش، خامان تېپىش، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئەتىيازلىق زىرائەتلەرنىڭ پەرۋىشى... ئېتىزلىقتا ئىش قايناماقتا، لېكىن مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدىكى ماگىزىنىنىڭ ئالدىدا بىر توپ ياشلار قارتا قىمارغا چۈشۈپ كەتكەن. چۈنكى، 80-يىللاردىن كېيىن مەكتەپ پۈتتۈرۈپ يۇرتىغا قايتقان بۇ ياشلارغا ئۆز ۋاقتىدا ھۆددە يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلمىگەنلىكتىن، ئۇلاردا ھۆددە مەسئۇلىيىتى يوق. شۇڭا گويا ئۇلاردا ئەمگەك قىلىش مەجبۇرىيىتىمۇ يوقتەك خالىسا، ئېتىزلارغا بېرىپ ئارىلاپ قويىدۇ. خالىمىسا، مەھەللىنى بېشىغا كېيىپ، توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىرىشىپ يۈرۈۋېرىدۇ. ئالاھىدە مۇھىتنىڭ بۇ ئەركە پۇقرالىرىنى بىرەر ئىشقا زورلاشمۇ قىيىن. ھەي ھازىرقى ياشلار... ئاتا-ئانىلىرىنى «كېتىمەن!» دەپلا قورقۇتىدىغان، تېخى بىرەر-ئىككى ئاي يوقاپ كېتىدىغان بولۇۋېلىشتى. ئاتا-ئانىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ، «پالانىنىڭ بالىسى قېچىپ كېتىپتۇ» دېگەندىن كۆرە، «پالانىنىڭ بالىسى قىمار ئويناپ ئولتۇرۇۋېتىپتۇ» دېگىنى ياخشىراق ئاڭلىنىدۇ. چۈنكى، دېھقاندا پۇل كەم ئەمەس. بالىلىرى قېشىدىراق بولسىلا، پۇل بۇزغاننىڭ كارايىتى چاغلىق.

ياشلارنىڭ ئويۇنى راسا ئەۋجىگە چىقىپ، گۆرەن تومۇرلىرى يېرىلىپ كەتكۈچە تالىشىپ، چۆجە خورازلاردەك تاجىسىنى ھۆرپەيتىشىپ، بىر-بىرىگە ھازىرلا ئېتىلىدىغاندەك قىزىرىشىپ تۇرغان چاغدا، مەھەللىگە ئۈستى-بېشىنى چاڭ باسقان، ئۇزۇنتۇرا، يالاڭباشتاق بىر يىگىت كېلىپ، جىمجىتقىنا تاماشا كۆرۈۋاتقانلارنىڭ ئارقىسىغا كەلدى. قارىغاندا، سېرىق چىراي بالا ئۇتتۇرىدىغاندەك تۇراتتى. لېكىن، ئۇ يەنىلا ئاخىرقى كۆزىرىنى چىقىرىشقا پېتىنالماي،

Altun Oq
ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارىسالدا بولۇۋاتاتتى. يۈز - كۆزلىرىنى دانىخورەك باسقان شېرىكى پېشانىسىدىكى تەرنى ھەدەپ سۈرتكەچ سېرىق چىراي شېرىكىگە ئىشارەت قىلىۋاتاتتى. «تاشلا، كۆزىرىڭنى!» ناتونۇش ئاۋازنى ئاڭلىغان سېرىق چىراي كەينىگە قايرىلىپ قاراپمۇ قويماستىنلا كۆزىرىنى تاشلىدى. سورۇننىڭ ۋەزىيىتى دەرھال ئۆزگىرىپ، سېرىق چىراي تەرەپ يەڭدى.

— ھېساب ئەمەس، ھېساب ئەمەس، — سېرىق چىرايىنىڭ رەقىبى، توپا بېسىپ كەتكەن چاچلىرى كىر كەپكىسىنىڭ چېكىلىكىدىن چىقىپ تۇرىدىغان بالا يۈگرۈپ قوپتى، — ساڭا بىرسى دەپ بەردى.

— ماڭاۋاي، چىدىماس، كىم دەپ بېرىپتۇ؟

ھەممىسى بىر-بىرسىگە قاراشتى، ئاخىرىدا بىر مۇنچە كۆزلەر ئەشۇ ياقا يۇرتلۇققا تىكىلدى.

— ھەي، تۆكباش كەلگۈندى، نېمە سەن يولۇڭغا ماڭماي، بۇ سېرىققا دەپ بېرىسەن؟ — ھېلىقى «ئاقسا» لەقەملىك بالا ئۇنىڭغا دىۋەيلەپ كەلدى. ئادەتتە بىكارچىلىقتىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي يۈرگەن بۇ بالىلار ئۈچۈن بىرەر كەلگۈندىنى مۇشتكەتتى قىلىۋېتىش ھېچ ئىش ئەمەس ئىدى. بالىلارنىڭ تولىسى كەنت باشلىقىنىڭ ئوغلى — «ئاقسا»نى ياقتۇرمىسىمۇ، لېكىن ياقا يۇرتلۇقنىڭ ئالدىدا يەنىلا ئۇنىڭ تەرىپىنى ئېلىشاتتى. بىراق، دەل شۇ پەيتتە «سېرىق» كەنت بوغالتىرىنىڭ ئوغلى ئارىغا كىرىۋالدى:

— دەپ بەرسە نېمە بولىدىكەن؟ بەزىدە سەنمۇ جىم تۇرمايسەنغۇ؟

— ھەي پالاندى تۆكباش، ساڭا نېمە بار بۇ يەردە؟ — «ئاقسا» يەنە دىۋەيلەپ كەلدى.

— ئادىشاۋۇي، قاراپ تۇرغانغا نېمە بولىدۇ؟ سېنىڭ قولۇڭنى كۆردۈممۇ يا؟

— راست، كۆرگەنگە نېمە بولىدىكەن؟ بىر مۇساپىرنىڭ ئالدىدا ئاقسالىق قىلغىچە، نوچى بولساڭ، پۇلنى تاشلا، — سېرىق يەنىلا بوش كەلمىدى.

— سەنمۇ نوچى بولساڭ، ئۆز كوچۇڭغا تاياڭغىن، ئېلىشتا خورازدەك قىزارغىنىڭنى بىلەن، بىرىنچىسىدە كاۋىدەك سارغىيىپ كېتىسەن.

— سەن...

— سەن...

مۇشتلار تۈگۈلۈپ، بالىلار بىردەمدىلا ئىككى تەرەپكە ئايرىلدى. بىكار تەلەپ ياشلارنىڭ ئويۇنلىرىنىڭ نەتىجىسى ھەر كۈنى شۇنداق بولىسىمۇ، بۈگۈن سورۇنغا بىر كەلگۈندى ئارىلىشىپ قالغاچقا، ئىككىلا تەرەپ تېخىمۇ ئەۋزەيلەپ كېتىشتى.

— توختاڭلار! — تۆكباش توپىنىڭ ئوتتۇرىغا كىرىۋالدى، — قانچىلىك پۇل ئۇ، سىلەرنى شۇنچە قىزىتقان؟

— بىر كوي...

— ھە، بىر كوي، — كەلگۈندى يىگىت سوغۇق كۈلدى، — ھەي بىچارىلەر، مانا ئېلىڭلار، — تاراقلاپ تۇرغان بىر كوي سورۇنغا چۈشتى، — باشقا ئويۇن يوقمىدى، سىلەرگە؟

— ھەي ئاداش، سەنمۇ خېلى مەرد نېمىدەك تۇرىسەن، گەپ بىر كويدا ئەمەس، ھى ... ھى... — ئويۇن دېگىنە، چىدىغانغا چىقارغان.

— ھەي چۈجە خورازلار، ئاتا - ئانىلىرىڭ ئىشتىن باش ئالالماي ئاۋارە، سەنلەر نىمە، مېڭىش ئېتىزلىققا! — قاچاندۇر يېتىپ كەلگەن تەمبەل بىر ئادەم ياشلارغا ئاچچىق تۇۋلىدى.

— ھى... ھى... سېكرىتار ئاكا، بىز سىزنىڭ ئەزايىڭىز بولمىغانىدىكىن، ئىشىڭىزنى قىلىۋەرمەمسىز؟ يېرىڭىزنى ئوت بېسىپ كېتىپتۇ، — دېدى سېرىق قولىدىكى پۇلنى تاراقلاتقىنىچە.

— ھەي سېرىق، سەن توغرا قىلغىنىڭ ئەزاسى بولماي، نەنىڭ ئەزاسىدىڭ؟ ھە، ئاشنى نەدىن يەۋاتىسەن؟

— ھى ... ھى... بىزگىمۇ يەر تەقسىم قىلىپ بېرىڭچۇ قېنى؟ گۈل كەلتۈرۈۋېتىمىز.

— مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، سىزگە تەقدىر قەغىزى ئېلىپ بېرىمىز.

— قويۇڭلار، ئوت تېرىسا قىمۇ ھېساب، بىر كىم كېلىپ جىڭلىمىغانىدىن كېيىن، مۇكاپاتنى ئېلىۋېرىدۇ.

— ھا... ھا... ھى... ھى...

سېكرىتارنىڭ ئاچچىقى تازا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ سېرىق تۈكلەر بىلەن تالاشقاندا ئامالسىز ئىدى. «ئاسمانغا تۈكۈرسەڭ يۈزۈڭگە چۈشىدۇ» - دە! لېكىن، بۇ يەردىن لەت بولغان پېتىچە كېتىشكە سېكرىتارلىق ئابرويىمۇ، گۇسمۇستەك بوي بەستىمۇ، ئىشقىلىپ بىر نېمىسى پۇتلىشاتتى. شۇڭا، ئۇيان-بۇيان قاراپ، ئاچچىقىنى چىقىرىپ، ھەيۋىسىنى كۆرسىتىۋالىدىغان ئادەم ئىزدەۋالدى:

— ھەي تۈكباش، نەدىنسەن؟

— جۇڭگودىن!

— سەن ... سەن كىمنىڭ بالىسى دەۋاتىمەن؟

— ئانام بىلەن دادامنىڭ، — ياشلارنىڭ كۈلكىسى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى.

— سەن ... سەن ... نېمىشقا كەتمىنىڭ ياشلىرىغا قىمار ئۆگىتىپ يۈرىسەن؟ ھازىرلا سولاپ قويىمەن، بىكار.

— سېكرىتار، قىزىقكەنلا، مەن سىلىنىڭ كاللىرى بولمىسام، سولاپ قويغىلى. ھازىرلا ئۇلارنىڭ جېدىلىنى پۇلغا سېتىۋالدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا رەھمەت ئېيتىپ، پۇلۇمنى كەنت مالىيىسىدىن ئېلىپ بەرسىلە بولىدۇ.

— ھەي، سەنزە ... ھەممىڭ گەپ دېسە ئاتنە ئېشەككە يۈك، ئىش دېسە خەپشۇك، بىر نېمىلەر ...

— ئاۋۋال ئىشلىرىنى كۆرسەتمەملا، قېنى؟

— ھە ... ئىش قىلامسەن؟ - سېكرىتار ئىلاجىسىز ئاچچىقىدىن يانىدى.

— ئەلۋەتتە، قىلىمەن.

— نېمە ئىش قىلالايسەن؟

— ھەممە ئىشنى.

— ۋاي تۈكباش، ئاتە پورىڭىنى، ھېلى يېلىڭ چىقارمىكىن؟ — ياشلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئاۋۋال ئىشنى بۇيرۇپ باقماملا؟

— ماڭ، ئەمسە، - سېكرىتار تۈكباشنى ئەگەشتۈرۈپ كەتتى، ياشلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپمۇ قويماستىن، ھېلىقى «جەڭ» نىڭ ئاخىرىنى باشلىۋەتتى.

— سەن سوپەك ① ھەيدىيەلەمسەن؟ - سېكرىتار بىردىنلا سوراپ قالدى.

— ھەيدىيەلەيمەن.

— خامان تېپەلەمسەن؟

— خاماننى سوپەك تېپىدۇ، مەن تەپمەيمەن.

— بولدى، كۆرگەنسەن؟ ھازىر خامانلاردا بۇغدايلار دۆۋىلىنىپ كەتتى. مېنىڭ سوپەكىم بار، لېكىن، ئوغلۇم دېگەن ھارامزادە بىر شوپۇرنىڭ كەينىدىن قېچىپ كەتتى. سەن ھازىرلا خامان تېپىشكە

① جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا قول تراكتورىنى «سوپەك» دەپلا ئاتىشىدۇ — ت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۇشۇپ كەتكىن ، ئىش ھەققىڭنى ...

— بىر ئايدىن كېيىن بېكىتىپ بەرسىلە.

— بولدى ، گېپىمىز گەپ !

سېكرېتار ئۇنىڭ يوغان ئاق دەرۋازىلىق بىر ھويلىغا باشلاپ كىردى . باراڭنىڭ تېگىدە يېپيېڭى بىر قول تراكتورى، تامنىڭ تۈۋىدە كونىراپ كەتكەن بىرقول تراكتورى تۇراتتى.

— سەن ماۋۇ يېڭىسىنى ھەيدەيسەن، ئاۋۇنى ئوغلۇم ئىشتىن چىقىرىۋەتكەن، كارغا كەلمەيدۇ. قېنى ھۈنىرىڭنى كۆرسىتىپ باقامسەن؟

يىگىت قول تراكتورىنى ئوت ئالدۇرۇپ، ھويلىنىڭ ئىچىدە شۇنداق چاپتۇردىكى، بالا - چاقىلارنىڭ كۆزلىرى ئالا - چەكمەن بولۇپ، سېكرېتارنىڭ بېشىدىن تەر چىقىپ كەتتى.

— ۋاي - ۋۇي، ئاكامدىنمۇ تېز ھەيدەيدىكەن، - دېدى قارا قومچاققىنا بىر قىز.

— چەمبەرنى تېخىمۇ كىچىك سىزىدىكەن، - دېدى تۆت - بەش ياشلاردىكى بىر ئوغۇل چاۋاك چېلىپ.

— خۇدايىم، چارقى چۆگەلىمىسە، بىر كالىلەك تۆمۈركەنغۇ، بۇ جانىۋار، - دېدى بالىلارنىڭ ئانىسى كۈلۈمسىرەپ.

— بولدى، ئەمدى قورساقڭنى توقلاپ ئىشڭنى باشلىۋەت، - سېكرېتارنىڭ تەر باسقان چىرايىدىن مەمنۇنلىقى چىقىپ تۇراتتى.

× ×

شۇنداق قىلىپ، قاسىم سېكرېتار ئوبدانلا بىر سوپەكچىگە ئېرىشىپ قالدى. بۇ يىگىت سېكرېتارنىڭ ئاغزىنىمۇ، قولىنىمۇ يىقىن چىقتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراپ قويۇش ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمەستىن، «تۆكباش» دېگەن يېڭى لەقەم ئۇنىڭغا ئەرزان چىللاپ قويغان ئاتتەكلا سىڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ يالاڭ بېشىدىكى كىرپەنىڭ تىكىنىدەك چاچلىرىمۇ بۇ لەقەمگە خالىس گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى.

لېكىن، ئۇمۇ «تۆتسا سېپى، چاقىرسا ئېتى بار» ئادەمنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى ئىدى. تىزناپ دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىغا جايلاشقان «يالغۇز تاغ» كەنتىدىكى مامۇت دېھقاننىڭ ئۈچ قىزى، بىر ئوغلى بار ئىدى. قىزلىرىنى ياتلىق قىلىپ، ئوغلىنى مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، ئەمدىلا «ئۇھ» دېگەن بىچارە دېھقاننى رەھىمسىز ئەجەل ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن يېتىم ئوغۇل - تۇل خوتۇن قالدى. ھېپىزىخان ئانا ئارزۇلۇق ئوغلى ئوبۇلنى بىر ئامال قىلىپ ئوقۇتۇپ، مامۇت دېھقاننىڭ ئاخىرقى مىنۇتلاردىكى ۋەسىيىتىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، نان تىلەشكىمۇ رازى ئىدى. لېكىن ئوبۇل تەرسالىق قىلىپ، ئوقۇغىلى ئۇنىمىدى. چۈنكى، ئۇ دەرسلەردە ئانچە ناچار بولمىسىمۇ، لېكىن، تاللاش ئىمتىھانىدىن ئۆتۈش ئۈچۈنلا قانچىلىك نەرسە كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ گېپىنى قىلىپ، يولىنى ماڭىدىغان ئادىمىمۇ، ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغۇدەك ئارتۇقچە بىر نېمىسىمۇ يوق ئىدى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتىشىمۇ يەنىلا يېزىسىغا كېلىپ يەر تېرىيتتى. شۇڭا، دادىسىنىڭ ھازىسىدىن كېيىنلا مەكتەپكە بارماي، مەھەللىسىدىكى قول تراكتورى سېتىۋالغان بىرەيلەنگە شاگىرت بولدى. ئۇ قول تراكتورى ھەيدەش، ھەر خىل ماتورلارنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋالغاندىن سىرت، ئۆزى ماتېرىيال كۆرۈپ يۈرۈپ، رادىئو، ئۈنئالغۇ ئوڭشاشنى ئۆگىنىۋالدى.

ئوبۇلنىڭ ھۈنىرىگە تايانسىلا ئانا - بالا ئىككىسى قەدىر ئەھۋال جان بېقىپ كەتكىنىمۇ بولاتتى. بۇ نامرات كەنتتە پۇل

تېپىش تەسرەك بولسىمۇ، ئاش تېپىلاتتى. خوشيا قىسىلا، قورساق ئاچ قالمايتتى. لېكىن، ئوبۇل ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە، تەقدىر ئۇنىمۇ سىز - بىز شۇ ياشلاردا دۇچار بولغان قىسمەتكە دۇچار قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇستامنىڭ قارا كۆز، قارا قاشلىق قىزى ئالتۇنئاي يىگىتنى مەھلىيا قىلىۋالدى. يىگىت قىز بىلەن مۇڭدىشىپ - سىردىشىپ، ئۆمۈرلۈك جۈپلەردىن بولۇشقا ۋەدىلىشىپمۇ ئۈلگۈردى. ئانا ئوغلىنىڭ بۇ ئىشىنى بىلگەندە، قىلچە ئەيىبلىمىدى. چۈنكى، بۇ بەشناماز ئايال مۇھەببەتنىڭ گۇناھ بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلمايتتى. ئوغلىنىڭ ئوبدان قىز بىلەن تېپىشقانلىقىغا كۆڭلىدە ئاپىرىن ئوقۇپ، ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر كىيىم شىپىلىك دۇخاۋىسى بىلەن توققۇز نانىنى كۆتۈرۈپ ئەلچىلىككە باردى.

— سىلىدىن ئايايدىغان قىزىمىز يوق، — دېدى ئۇستام ئەر - خوتۇنلار مومايىنى خۇشال ئۇزىتىۋېتىپ، — ئوبۇل ئاخۇن ئوبدان بالا بولدى.

— رەھمەت، ھەر قايسىلىرىغا، مېنىڭمۇ ئالتە كۈنلىكىم قالدى، ئاشۇ ئوغلۇم ھەر قايسىلىرىغا ئۆمۈرۋايەت بالا بولۇپ، خىزمەتلىرىنى قىلسۇن.

— لېكىنزە، قۇدام، بىزنىڭمۇ بالا بېقىپ، قاتارغا قوشقىنىمىز شۇ، ئەل - جاماەتكە داستىخانىنى ...

— ئۆزلىرىدىن داستىخان ئايىلانسۇن، قۇدام، — ئانىنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن قۇدىلار تەرەپتىن كەلگەن تويلۇق ۋە داستىخان چىقىملىرىنىڭ تىزىمىنى ئاڭلىغان ئانا ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ئوغۇل بولسا، خۇددى بىر پارچە چوغنى ئۇتقاندەك، قەغەزنى يەرگە تاشلىۋەتتى. قوش - قوش كىيىم - كېچەك، ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن زىرە، ئالتۇن سائەت، ۋېلسىپىت، كىيىم تىككۈچ ماشىنىسىدىن ئارتىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا قويىدىغان سوۋغا - سالاملار ... ئاز دېگەندىمۇ بەش مىڭ كوي بولمىسا بولمايتتى.

— بالام، مەيلى، بار بىساتىمىزنى سېتىپ بولسىمۇ، بۇ توينى قىلغىنىمىز - قىلغان، — دېدى ئانا ئوغلىغا قاراپ ئۈچى سېرىلگەن ھالدا.

— ئانا، بار بىساتىمىزنى ساتساقمۇ ئۇنچىلىك چىقمايدۇ. يەنە كۆن ئالمىساق بولماس ... مەن ... — يىگىت خەتنى سىقىمدىغىنىچە چىقىپ كەتتى.

— بۇ ئاتا - ئانامنىڭ رايى تۇرسا، مەندە نېمە ئامال؟ — ئالتۇنئاي قارا كۆزلىرىگە ياش ئالدى، — سىزنى دېسەم، كەينىڭىزگە كىرىپلا كەتكۈم بار. لېكىن ... ھازىر توي قىلغانلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئالىدىكەن ...

— شۇنداق، بىز كەتسەك، ئانام قانداق قىلىدۇ؟ ئۇستامنىڭ يۈزىگە ئاياغ قويسام، تۇزكور بولۇپ كەتمەمدىمەن؟ ئالتۇنئاي ... مەن...

— ئەمىسە، قانداق قىلىمىز؟ — قىزنىڭ شەھلا كۆزلىرى يىگىتكە تەلمۈرمەكتە ئىدى.

— مەن ... مەن پۇل تاپىمەن، — يىگىت بىردىنلا قەتئىي ئىرادىگە كەلدى، — مەن بۇ يىل ئون سەككىزگە كىردىم. سىز ئونيەتتىگە كىردىڭىز، يەنە ئىككى يىلدا پۇلمۇ بولىدۇ. يېشىمىزمۇ توشىدۇ، ئاندىن توي قىلىمىز.

— ئوبۇل، — قىز سۇمبۇل چاچلىرىنى يىگىتنىڭ ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنىڭ ئۈستىگە قويدى، — لېكىن، بۇ يۇرتتا پۇل تېپىش تەس ...

— شۇنداق، بۇ يۇرتتا پۇل تاپقىلى بولمايدۇ، لېكىن، مەن پۇلنى قوغلاپ يۈرۈپ تۇتۇپ كېلەلمەن، سىز ئۈچۈنلا... ئالتۇنۇم...

شۇنداق، يەر ئاز، ئادەم كۆپ بۇ يۇرتتا ھەممىسى ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلاتتى. ئۇستامدىن باشقا كىشىنىڭ ئادەم ياللىغۇدەك ئىشىمۇ، قۇربىمۇ يوق ئىدى. ئۇستام بولسا، ئىككى يىلدىن بېرى ئوبۇلغا ھەق بەرگىنى يوق. ئوبۇلمۇ ئالتۇنئايىنى دېمىسە، بۇ ئۆيدە بىكاردىن-بىكار ئىككى يىل يۈرمىگەن بولاتتى. ئانا جىگەر پارىسىنىڭ بەختى ئۈچۈن، ئوغلىنىڭ مەسلىھەتىگە كۆنۈشكە مەجبۇر بولدى ۋە نۇرغۇن تىلەكلەرنى، تۈگىمەس دۇئالارنى يوللۇق تۇتۇپ، ئوغلىنى سۆيگەن يارى ئۈچۈن پۇل تېپىشقا ئۇزاتتى. مانا ئەمدى «يالغۇز تاغ» كەنتىدىكى ماموت دېھقاننىڭ بالىسى توغراقلىق كەنتتىكى قاسىم سېكرىتارنىڭ سوپەكچىسى بولۇپ قالدى.

× ×

قاسىم سېكرىتار ئادەمنى خاتا تاللىمىغانلىقىغا ئىشەندى. يازلىق يىغىمنىڭ ئالدىراش پەيتلىرىدە ئىش كۆپ. يېزا يوللىرى لاي-توپىلىق بولسىمۇ، قول تراكتورى دائىم پارقىراپلا تۇراتتى. ھازىرغىچە ئۇششاق-چۈشەك سايمانلاردىن بىرەر نەچچىنى سېتىۋالغاندىن باشقا، پۇل خەجلەپ رېمونت قىلدۇرۇشقىمۇ توغرا كەلمىدى، ھەتتا كۆزلۈك تېرىلغۇغا ئاتاپ ساپان-سىيالكىلار مۇستەھكەملەندى. بۇ بالىنىڭ ئوشۇق-تۆشۈك گېپى يوق، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئىشلەشنىلا بىلىدىغانلىقىدىن، سېكرىتار ۋە باشقىلار ئۇنى «نېرۋىسىدا چاتاق بارمىكىن؟» دەپمۇ ئويلاشقانىدى. لېكىن، بۇ ئويلار تومۇز شامىلىغا ئوخشاش تېزلا غايىپ بولدى. كەنت ۋەسىدىكى بۇزۇلغان ئۇلئالغۇلار، ئۇزاق-

تىن بېرى تەكچىدە توپا بېسىپ ياتقان رادىئولار تۈكباشنىڭ قولىدا تىلغا كىرىپ، سايراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى ھېچكىم سوراپ قويمىسىمۇ، لېكىن، تۈكباشنىڭ توغراق كەنتىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھەممىسى ھېس قىلىشاتتى. بولۇپمۇ قاسىم سېكرىتارنىڭ تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەن قىزى تۇرسۇنگۈل ئۇنىڭغا ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلاتتى. بىرەر ئىشقا باھانە قىلىپ، ھەدېسىلا ئۇنىڭ قېشىغا باراتتى، كىرلىرىنى يۇياتتى، ياخشى يېمەكلىكلەرنى ئالاھىدە ساقلاپ بېرەتتى. لېكىن، بۇ سوپەكچى ئۇستامدىن «رەھمەت»تىن باشقا سۆز چىققىنى يوق، قىزچاققا بىرەر قېتىم تىكىلىپ قاراپمۇ قويمىدى. قىز يىگىتنىڭ بىرەر دەردى بارلىقىنى ھېس قىلاتتىيۇ، سوراشقا ئامالسىز ئىدى. ئوبۇلنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ھېسابى بار ئىدى: ھازىر ئايىدا 200 يۈەندىن ئېلىۋاتىدۇ. بۇ ئاز پۇل ئەمەس، ئىككى يىل ئىشلىۋالسا، تۆت-بەش مىڭ يۈەن تاپىدۇ-دە، بېرىپ ئالتۇنئايغا تويلۇق ئالىدۇ. ئاندىن ئۆز ھۈنىرى ۋە كۈچىنى ئايىمىسا، تېزلا ئۆزىنىڭمۇ قول تراكتورى بولىدۇ. ئاھ... ئۇ چاغلاردا... ياش يۈرەكلەردىكى يالقۇنلۇق ئارزۇلار...

× ×

تەڭ قورامىلىق بىرەيلەن ئوبۇلنى ئىزدەپ كېلىپ، بىر كېچە قونۇپ كەتكەندىن كېيىن، يىگىت خۇددى ئۇزاق كېسەل تارتقان بىماردەك بىردىنلا ساغىرىپ، ئورۇقلاپ كەتتى. ئۇنىڭ خۇشخۇي چېھرىسى بۇلۇت باسقان ئاسماندەك ئوخشاپ قالدى. ناخشا چۈشمەيدىغان ئېغىزىدىن ئوتلۇق ئاھ، ھەسرەتلىك نادامەت تۆكۈلىدىغان بولۇپ قالدى. تۇرغان يېرىدە ماگۋىقىپ قالىدى

غان، ئولتۇرغان يېرىدە مۆگدەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئىشنى سەزگەن تۇرسۇنگۈل يىگىتنىڭ يۈرەك سىرلىرىنى بىلىشكە، دەردىگە ھەمدەم، كۆڭلىگە مەلھەم بولۇشقا شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، ھەممىسى بىكار كېتىپ، تولا چېچىلىشاق، غەمكىن بولۇپ قالدى. قاسىم سېكرېتارنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ ئارامى بۇزۇلدى، ئىشىمۇ تازا يۈرۈشەلمىدى.

شۇ كۈنلەردە كەنت باشلىقىنىڭ ھېلىقى «ئاقسا» لەقەملىك ئوغلىغا تۇرسۇنگۈلنى سوراپ ئەلچىلەر كېلىشتى. ئاتا - ئانىلارنىڭ قارىشىچىمۇ، كەنتتىكىلەرنىڭ نەزىرىدىمۇ بۇ «گۈلى گۈلىگە كەلگەن» قۇدىلىق ئىدى. چۈنكى سېكرېتارنىڭ مەلىكىسى كەنت باشلىقىنىڭ شاھزادىسىگىلا لايىق ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇ يىل قىشتا ئۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى بولسا، ياشراق كەنت باشلىقىنىڭ ياشانغان سېكرېتارنىڭ ئورنىنى ئېلىشى مۇمكىن ئىدى. قىزچاق ھازىرغىچە ئوبۇلدىن بىرەر ئېغىز گەپ ئالالمىغان، ھەتتا ئۇنىڭدا ئۆزىگە نىسبەتەن ئازراق ھېسسىياتنىڭ بارلىقىغىمۇ ئىشەنچى قىلالمىغان ئەھۋالدا، بۇ تويغا ئېنىق جاۋاب بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، توي تەييارلىقلىرىغا كۆز يېشى بىلەن سۈكۈت قىلغانىدى. سېكرېتار قىزنىڭ توي ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولسىمۇ، لېكىن، تۈكباشتىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە قىزنىڭ كۆز ياشلىرى كۆڭلىنى غەش قىلىپ تۇرغاچقا، ئاخىرى ئوبۇل بىلەن سۆزلىشىپ بىرقىش خىيالىنى قىلىپ يۈرگەنىدى. بىر كۈنى كەچتە خۇش كەيپ قايتقان سېكرېتار ئوبۇلنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ئۇزاق مۇڭداشتى. ئەسلىدە ئوبۇل پۈتۈشكەن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى لەۋزىدىن يېنىۋېلىپ، قىزىنى باشقا ئەرگە بەرمەكچى بولغانىكەن. بۇنى ئاڭلىغان سېكرېتارنىڭ مەردلىكى تۇتۇپ، ئوبۇلغا كېيىنكى يىللىق ئىش ھەققىنى ئالدىن بېرىشكە ۋەدە قىلدى ھەم ئۆز قىزىنىڭ تويىدىن كېيىن، ئوبۇلارنىڭ تويىنىمۇ ئۆز قولى بىلەن قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئوبۇلنىڭ غەملىك چىرايى دەرھال ئېچىلىپ، سېكرېتار سۇنغان بىر رومكىنى كۆتۈرۈۋەتتى.

بىر كاللەك پۇلنى بەلبېغىغا تۈگۈپ مەھەللىسىگە كەلگەن ئوبۇل ھاڭ - تاڭ قالدى. ناتونۇش كىشىلەر مەھەللىنى بازار قىلىۋەتكەن. ئۇستا مىنىڭ ئۆيى ئالدىغا تىزىلىپ كەتكەن ماشىنىلارنىڭ چۆرىسىدە بالىلار قىقاس سېلىشىۋاتىدۇ. يۇقىرى ئاۋازلىق ئۈنئالغۇنىڭ ناخشا ساداسى كەنتنى بېشىغا كىيگەن ... ھوي، بۇ نېمە ئىش؟ ئوبۇل ئۇستا مىنىڭ ھويلىسىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، كۆڭلى بىر نېمىنى تۇيدى - دە، ئىتتىك ئۆز ھويلىسىغا قاراپ ماڭدى.

— بالام، شور پېشانە بالام! — كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئانا ئوغلىنى باغرىغا چىڭ باستى، — ئۇستاڭ قىزىنى شەھەرلىك بىرسىگە بەرمەكچى بولۇپتۇ، كۈيئوغۇل قايسى بىر يوغان دەرۋازا ئىچىدە كېچىدىك ماشىنىدا ھەيدەيمىش ...

— ئانا، ئالتۇنئايمۇ رازى بولۇپتىمۇ؟ — ئوغلىنىڭ كۆزلىرىدىمۇ ياش ئەگىدى.

— بالام، دەسلەپتە ئۇنىماپتىكەن، شەھەرگە كىرىپ چىقىپلا، جىمجىت توي تەييارلىقىغا چۈشۈپ كەتتىغۇ - تاڭ! ئاڭلىسام، يىگىتنىڭ ماشىنىسىدا يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بىللە بېرىپ نىكاھلىنىش خېتىنى ئاپتۇ دەيدۇ.

— ھە ... — بىچارە ئوبۇل ئانىسىنىڭ باغرىدىن سىرىلغىنىچە، يەردە ئولتۇرۇپلا قالدى، — نېمىشقا، ھە، ئەمدى، باشتا دېيىشكەنىڭغۇ بىز، ئىككىسى يىلغىمۇ چىدىماپتۇ، خەپ، قىز بالا دېگەننى ...

— بالام، تەقدىرسىز قىمىل تەۋرىمەيدۇ دېيىشىدىكەن، بىزگىمۇ قىز تۇغۇپ قالماس، — ئوغلىنى ئامراق تاماق — ماش-چامغۇر سالغان يوبدانىنى ئوغلىنىڭ ئالدىدا قويۇۋېتىپ ئولتۇردى، — بالام، كەمبەغەللىكنىڭ ھايىنى يوق، تاپقان پۇلنىڭ تايىنى يوق دەپ، بۇ ئىشتا، قولۇمنىڭ قىسقىلىقىدىن مۇرادىڭغا يەتكۈزەلمىدىم، بالام ...

— ئانا، — ئوبۇل تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بولاقنى ئاچتى، پۇل، ئانا ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان پۇل، ئانا بىلەن ئوغۇلنى ئايرىۋەتكەن، يىگىتنى ياقا يۇرتلاردا سەرسان قىلغان پۇل.

— بالام، بۇ ... بۇ نىمانچە جىق پۇل؟ سەن ... — ئانا ئوغلىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، گۇمانسىراپ تىكىلدى.

— ئانا، خاتىرجەم بول، — ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئوغۇل يوبدانىنى ئىچكەچ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردى، — ئانا، ئېشىڭدىن يەنە بىر قاچا بەرگىنە.

— ئىچ، بالام ئىچ، — ئانا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى، — خۇدا، جاھاندا تېخى ياخشى ئادەملەر تۈگەپ كەتمەپتۇ، ساڭا شۇنچە ئادىللىق قىلغان ئاشۇ سېكرېتارنىڭ پېشىنى چىڭ تۇت، ھەققىگە قارا سانما.

— ئانا، خاپا بولمىغىن، ئەمدى كېتەي.

— بالام، بىرەر كېچە ھۇگدىشىپ ياتساقچۇ؟ — ئانا ئوغلىغا ئۈمىتلىنىش نەزەرىدە تىكىلدى.

— ئانا، مەن يەنە كېلىمەن، بۈگۈن ھېيىنى توسمىغىن، مانا پۇل، ئالغىن، يېگىن، كەيگىن، تۈگىسە يەنە تېپىپ كېلىمەن. پۇل دېگەن ئوغۇلنىڭ قولىنىڭ كىرى دېگەنگە ئەمدى ئىشىنىۋاتىمەن.

— بالام، سېكرېتارنىڭ پۇلىنى ۋاقتىدا بېرىۋەت، — ئانا پۇلنى ئوغلىنىڭ بېلىگە قايتا باغلىدى، خەير، بالام، ساڭا نامىزىمدا دۇئا قىلىپ تۇرىمەن.

— ئانا، — ئوغۇل ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئانىغا ئوغۇل چوڭقىيىپ قالغاندەك، تېخىمۇ پىشقاندەك تۇيۇلدى. دېمىسىمۇ، ئانا پۈتىنىڭ ئۈگچىسىنى كۆتۈرۈپ ئاندىن ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيەلىدى.

× ×

سوپەك قىش-ياز دېمەي گۈرۈلدەپ تۇراتتى. سوپەكچىنىڭ بولسا، تىلى كېسىلىپ كەتكەندەك، جىمغۇرلىشىپ كەتتى. ئوبۇل يېنىپ كېلىپلا پۇلنى سېكرېتارغا قايتۇرغان چاغدا، سېكرېتار ئۇنىڭ دەردىنى ئاز-تولا چۈشەنگەن، قەلبىدە بۇ جىمغۇر بالىغا ئاتىلارچە مېھرىبانلىق تۇيغۇسى ئۇرغىغانىدى. كەنتتىكىلەر «سېكرېتارغا خۇدايىم بەرگەن ئەمگەكچى ئىكەن» دېيىشىپ، ئۇنى مۇشۇ يەردىن ئۆيلەپ قويۇش مەسلىھەتىنى بېرىشتى، بەزىلەر قىز سايە قىلىشقانمۇ بولدى. لېكىن، سېكرېتار ئۈندىمىدى. ئۇ شۇنى بىلەتتىكى، سوپەكچى جىمغۇر بولغىنى بىلەن، ئىچى كۆيۈملۈك يىگىت ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا بىر ياردار شىر، بۆسكىلى ئېغىز تاپالماي تۇرغان كەلكۈن

سۇ، ئەگەر بىرەر ئېغىز سۆز، بىرەر ئىش جايىدا بولماي قالسا، ئۇنىڭ يارا كۆڭلى يەنە ئازار يېسە، ئۆز غۇرۇرىنى جېنىدىنمۇ ئەلا بىلىدىغان بۇ يىگىت ھېساب - كىتابىنى ئۈزۈپ، كۇدە - كۆرپىسىنى يۇدۇپلا كېتىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، سېكرېتار يىگىتنىڭ ياردار قەلبىنى ساقايتىشنىڭ ئامالىنى تاپالماي، كېچە - كۈندۈز تىت - تىت بولماقتا ئىدى.

يازلىق يېغىن ئاخىرلاشقان، كۈزلۈك تېرىم تېخى باشلانمىغان چاغلار دېھقانلارنىڭ ئارىسالدى چاغلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ چاغدا يەرلىرىنى سېتىپ، يانچۇقلىرىنى تولدۇرۇۋالغان دېھقانلار بازارغا بېرىپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئوغۇت، دورا سېتىۋېلىشىدۇ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يوقلايدۇ، ئوغۇل ئۆيلەپ، قىز چىقىرىدۇ، قاسىم سېكرېتارنىڭ ئۆيىدىكىلەرمۇ كۈزلۈك تېرىمدىن بۇرۇن تۇرسۇنگۈلنىڭ تويىنى قىلىۋېتىش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇشماقتا.

ھېلىلا ئايال قۇدىلارنى بازارغا ئەكىرىپ چىققان ئوبۇل تراكتورنى جىگدىلىكتىكى بۇلاقنىڭ بويىغا ئەكىلىپ توختىتىپ، مۇزدەك سۇدا يۇيۇنۇپ، يەڭگىللىشىۋالغاندىن كېيىن، چېلەكتە سۇ ئېلىپ تراكتورغا چېچىشقا باشلىدى. ئىيۇل ئېيىنىڭ ئاخىرى، شاخلارغا پاتماي كەتكەن ئالا - بۆرەك جىگدىلەر گۈزەل زېمىننى قانغىچە كۆرۈۋالماقچى بولغاندەك كۈمۈش يوپۇرماقلار ئارىسىدىن بىر - بىرسىنى قىستاپ مارىشماقتا. جىگدە شاخلىرىدا ئۈگدەۋاتقان جانىۋارلار دېمىقتىن بىزار بولۇشۇپ، ئاندا - ساندا ھورۇنلۇق بىلەن سايراپ قويىدۇ. بۇۋىلارنىڭ «جىگدىنىڭ ئالاسى، سۇنىڭ بالاسى» دېگەن گېپىنى تەستىقلىغاندەك، تىزناپ دەرياسىغا پاتماي قالغان كەلكۈن توغراقلار، تاللار، جىگدىلەر ئارىسىغا يېيىلىپ، چارۋا - ماللارنى ئېگىزگە قاچۇرماقتا. دەريانىڭ شاۋقۇنى بىلەن بالىلارنىڭ قىقاس - سۈرەنلىرى يۇرتنى بېشىغا كىيگەن... ياز مەنزىرىسىنىڭ گۈزەل كارتىنىلىرى ئىچىگە سىڭىپ كېتىۋاتقان ئوبۇلنى ئۇيقۇ بېسىپ، جىگدە تۈۋىدىكى ئوتلار ئۈستىگە قىڭغايدى.

× ×

— ئانا، مەنمۇ سۇغا چۈشىمەن، - قىيپالىڭاچ پېتى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن بېلىقتەك سىرغىپ چىققان ئوبۇل ئۆزىنى دەريانىڭ مۇزدەك سۈيىگە ئاتتى. ئاھ، نېمە دېگەن راھەت - ھە! ئۇ ئانا دەريانىڭ باغرىدا ئۈزۈشكە باشلىدى.

— ھەي ئوبۇل ئاداش، سەن سوپەك ھەيدىگەن يەرگە قانداق بارىدۇ؟ - ئاغىنىلىرى ئۇنىڭدىن سوراۋاتاتتى.

— بارىمەن دېسەك، قىرغاققا چىقماي ئېقىۋېرەر، - ئوبۇل كۈلدى.

— قويەۋە، چاقچاقىڭنى، دەپ بەرسەڭ بېرىۋالمايمىز.

— راست، مۇشۇ دەريا توغراق كەتمىنىڭ ئاخىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ، ئۇ يەر ئاجايىپ گۈزەل دېگىنە، ياپيېشىل توغراقلار، تاللىقلار...

— بالام، تېزچىق، كەلكۈن كېلىۋاتىدۇ. - ئانا ئەنسىنكىرىگەن ھالدا توۋلىماقتا.

مانا ھازىر، ئوبۇل كۆچەپ ئۈزمەكتە، لېكىن، دەۋرەپ كەلگەن سۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا قۇم تىقىپ، پۇت - قوللىرىدىن ماغدۇرىنى ئېلىپ قاچماقتا.

— بالام، - ئانىسىنىڭ ئاۋازى ئۆچتى.

— ئانا، - بىر دولقۇن ئوبۇلنى دەريانىڭ تېگىگە ئېلىپ كىردى. لېكىن، ئۇ يەنىلا تىرماشماقتا.

— ۋايجان، ئادەم بارمۇ؟

— تۇرسۇنگۈل، — قىزچا قىنىنىڭ قىپقىزىل يوپكىسى لەپىلدىمەكتە، ئۆزى ھەدەپ دەرياغا قولىنى سوزۇپ، توۋلىماقتا، — نېرى كېتىڭ، يېقىن كەلمەڭ.

— ياق، مەن سىزنى... — قىزچاق دولقۇنلار ئارىسىدا غايىپ بولدى.

— تۇرسۇنگۈل! — ئوبۇلغا نەدىن كەلگەن كۈچكىن — تاڭ! بىر كۈچەيلا دولقۇنلار ئارىسىدىن چىقىپ، تۇرسۇنگۈل تەرەپكە ماڭدى، ئاز قالدى، ھە، يەنىمۇ... ئۇ قىزچاقنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ قاشقا ئېلىپ ماڭدى.

— ھى... ھى، سىز مېنى قۇتقۇزدىڭىز، — تۇرسۇنگۈل ئوبۇلنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويدى.

— ياق، سىز مېنى قۇتقۇزدىڭىز، — ئوبۇل قىزنى ئاستا يەرگە قويدى...

× ×

— ئادەم بارمۇ؟ ئاچام سۇغا چۈشۈپ كەتتى، — تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئوبۇل كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇراتتى. ئىزناپ بويىغا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلاردىن بىرسى توۋلىدى:

— ھەي تۆكباش، قوپمامسەن؟ سىڭلىڭنىڭ قىزى ئېقىپ كېتىپتۇ.

— نېمە بولۇپتىكەن؟ — ئوبۇل كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى.

— نېمە بولاتتى؟ سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. شۇ...

— ھەي، مەن ھازىرلا ئۇنى قۇتقۇزغان تۇرسام... ئەمدى...

— ماڭ، ساراڭ تۆكباش، — كىشىلەر ئالدىراپ ئۆتۈپ كېتىشتى. ئەمدىلا ئۆزىنىڭ يەنە چۈش كۆرۈۋاتقانلىقىغا ئىشەنگەن ئوبۇل دەريا بويىغا يۈگۈردى.

دەريانىڭ سۈيى ئۆلگىيىپ تاللىقلارنىڭ يېرىمىنى بېسىپ كەتكەن، بىر مۇنچە ئادەملەر دەۋرەپ ئېقىۋاتقان سۇغا قارىغانلىرىچە قېتىپ قېلىشقان، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەيلەن لىپ - لىپ قىلىپ كۆرۈنمەكتە، سۇ ئۇنى بارغانسېرى تېز ئېقىتىپ كېتىۋاتىدۇ.

— قايسىڭلار چۈشۈسىلەر، ئون كوي بېرىمەن، — ئاقسا ئون كويلۇق پۇلنى پۇلاڭلاتقىنىچە دىككىلداپ يۈرمەكتە. لېكىن، ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى.

— يىگىرمە كوي، — يەنە جىمجىتلىق.

— ئوتتۇز كوي، — ئالدىغا ئۆمىتۈلگەن بىرەيلەننى ئارقىسىدىكى چوكان چاپىنىنى تارتىپ، بىر ئالىيىۋىدى، جىم بولدى.

— ئەللىك كوي، — ئەمدى ئاقسا يىغلامسىرىغانىدەك، ئاغزىنى ئۆمچەيتىپ، بىردەم قولىدىكى تاراقلاپ تۇرغان پۇلغا، بىردەم كىشىلەر توپىغا قاراپ، قايسىدىن مەدەت ئېلىشنى بىلەلمەي قالغانىدى.

شۇ ۋاقىتتا دەريا بويىغا يېتىپ كەلگەن ئوبۇل پۈتۈن سۈرۈك بىر ئادەمنىڭ دەرياغا يەم بولۇپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇشقان ئادەملەرگە زەردە بىلەن قارىدى - دە، دەرھال كىيىملىرىنى سالدى.

— ھۇ ئەرۋاھلار، نېمىشقا ھەممىڭنى يۇتمايدىغاندۇ، بۇ دەريا! — دەپ توۋلىغىنىچە، سۇنىڭ ئەڭ تېز يېرىدىن ئۆزىنى دولقۇنغا ئاتتى.

— ۋاي، جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ نېمە؟ — بىرسى توۋلىۋەتتى.

— ئەللىك كويغا جېنىنى تىككىشمىسە بولاتتىغۇ، بۇ دەلدۈش!

— ھېچقىسى يوق، تارتىشىدىغان بالا - قازاسى بارمىتى، ئۇ كەلگۈندى تۆكباشنىڭ. — ھازىرغىچە ئېرىنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلىپ

تۇرغان ھېلىقى چوكان ئۆز سۆزىدىن مەمنۇن بولغانداك ئەتراپىغا قاراپ قويدى. لېكىن، ئۇنىڭ گېپىگە ھېچكىم ئېتىبار بەرمىدى. ھەممەيلەن ئاقسانىڭ كەينىدىن دەريا بويلاپ يۈگرۈشكە باشلىدى. خەۋەرنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن سېكرېتارمۇ، كەنت باشلىقىمۇ توپقا ئەگەشتى.

ئوبۇل دولقۇنغا ئەگىشىپ ئالاھىزەل ئۈچ - تۆت يۈز مېتىر ئۈزگەنىدىن كېيىنلا تۇرسۇنگۈلگە يېتىشىۋالدى. ئۇ، قىزچاقنىڭ كۆڭلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ قىرغاققا سۆرەپ باققان بولسىمۇ، لېكىن قىز ئاللىقاچان سېزىمىنى يوقاتقاچقا، دولقۇن سۆرەپ كېتىپ، زادىلا قىرغاققا يېقىنلىشالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، قىزنى بېلىكىگە قىسىپ، دولقۇنغا قىيپاش ئۈزۈپ، ماغدىرى ئاز قالغانىدىلا يۇلغۇنلۇق قىرغاققا يېتىۋالدى. ئۇ ھارغىن تىنىقىنى سۆرەپ يۈرۈپ قىزچاقنى دۈم قىلىپ قورسىقىنى بېسىپ بىرمۇنچە دوغاپ سۇنى ياندۇردى، ئارقىدىن قىزنىڭ مەيدىسىنى بېسىپ، بېلىكىنى يۇقىرى - تۆۋەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ سۈنئىي نەپەس ئالدۇردى. بىر ھازادىن كېيىن قىزچاقنىڭ كىرپىكلىرى سەل مىدىرلىدى. بۇنىڭدىن كۆڭلى ئەمىن تاپقان ئوبۇل قىزنىڭ بىلەكلىرىنى تېخىمۇ كۈچەپ ھەرىكەتلەندۈرۈشكە باشلىدى.

— تارت قولۇڭنى، - ھاسىراپ - ھۆمىدەپ يېتىپ كەلگەن ئاقسا ئۇنى زەرب بىلەن ئىتتىرىۋەتتى، - نېمە سەن خالىيەردە خەقنىڭ قىزىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى مىجىقلاپ يۈرۈيسەن، ھايىسىز ...

— سەن... — ئوبۇلنىڭ كۆزىدىن غەزەپ ئوتلىرى چاقناپ، مۇشتۇملىرى چىڭ تۈگۈلدى.

— مەن سەن بىلەن قىزنى سۇدىن ئاچىقىپ بېرىشىڭلا دېيىشكەنىدىم، پۇلۇڭنى ئېلىپ، يولۇڭغا ماڭامسەن؟ - ئوبۇلنىڭ ئەلپازىدىن پۈتى سىيقىراپ قالغان ئاقسا قولىدىكى تەردە نەملىشىپ كەتكەن پۇلنى ئوبۇلغا تەڭلىدى.

— سەن ... — بىلىكىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلغان مۇشتىدىن ئاقسانىڭ بىلىكى لاكاسلاپ چۈشۈپ، پۇللار چېچىلىپ كەتتى، ئوبۇل ھېچكىمگە قارىماستىن كېتىپ قالدى.

— نېمە دېگەن ئۆكتەملىك بۇ؟ — دېدى بىرى غەزەپلىنىپ.

— سۇدىن قۇتقۇزغان ئادەمنى سۈنئىي نەپەس ئالدۇرىدىغان ئىش ئەزەلدىن بارمۇ؟

— ئۆزىچە پۇلغا ئىشىنىدۇ تېخى، ئۇ غالىبان نوچى...

— مەن بۇنداق سۇغا يۈز كوي بەرسىمۇ كىرمەيتتىم...

توپ ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپ، ھەركىم ھەر نېمە دەپ، ئۆز گېپىنى يورغىلىتىۋاتقاندا، تۇرسۇنگۈل ئاستا ئىڭراپ، كۆزىنى ئاچتى.

— تۇرسۇنگۈل، جېنىم، ... — ئاقسا ھوشىغا كەلگەن قىزغا قولىنى سوزۇۋىدى، قىز ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ، دەلدەڭشىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، دادىسىغا تايانغىنىچە ئوبۇلنىڭ كەينىدىن كەتتى.

«چاڭ!» كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتكەن ئاقسانىڭ ئالدىدا دادىسى تۇراتتى. - ھۇ نامەرد خۇمسى، ئېسىت، سېنىمۇ ئوغۇل دەپ باققىنىمغا، - كەنت باشلىقى ئوغلىغا قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالدى.

× ×

— ئوبۇلكا، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، ئوبۇلكا! ... ئوھۇي، ئەجەب تونۇش ئاۋازغۇ

بۇ! ئۇبۇل ئاستا كۆزىنى ئېچىۋېدى، تۇرسۇنگۇل بولاقتەك كۆزلىرىنى تىككىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. بۇ بولاق سۇغا لىپمۇ - لىپ تولغان، ئەگەر چۆرىسىدىكى قىيا قىلار بولمىسا، بەلكىم تېشىپمۇ كېتەرمىدىكىن. - تاڭ! — ئۇبۇلكا، سەل ئوخشالغانىدەك تۇرامسىز؟ ئەجەبمۇ ئەنسىرەتتىڭىز - يا ئادەمنى.

— مەن...مەن نېمە بولدۇم؟ - ئۇبۇل زورىغا تۇرماقچى بولۇۋىدى. قىزچاق بېشىنى بېسىپ ياتقۇزۇپ قويدى.

— ئۈچ كۈن بولدى، قىزىپ، جۆيلۈپلا ياتتىڭىز، قورقۇپ ساراڭ بولغىلى تاس قالدىم، - بولاقلار ئاخىرى قىيا قىلار ئارىسىدىن تاشتى.

— ھەي، نېمىگە قورقاتتىڭىز؟ مەن ئۆلگەنگە ئالەم چۆل قالامتى - يا!

— ئۇبۇل، سىز... — ئەمدى قىزچاق يۈزىنى توسقىنىچە ئېسەدەشكە باشلىدى.

— ھى... ھى... ئاچام ئېپيىنى ئەللەي ئېيتىپ ئۇخلاتقىلى ئۈچ كۈن بولغان، ئەمدى ئويغىنىپتۇ، ھى... ھى، يىغلاپتەممىش تېخى... — سېكرىتارنىڭ بەش ياشلاردىكى ئوغلى كىرىپلا ئاچىسىنى تارتىپچۇقۇلداشقا باشلىدى.

— ماكاۋە شوم... — تۇرسۇنگۇل ئۇكىسىنى ئىتتىرىۋېتىپلا تالاغا قاچتى.

— ھوي، ئادىلجان، نېمە دەۋاتىسەن؟- يۈرەكلىرى دۇپۇلدەپ كەتكەن ئۇبۇل ئادىلجاننى يېنىغا تارتتى.

— ھى... ھى... دەپ بەسەم، مېنى تىيەكتۈيغا چىقىيامسىز؟

— ھە، تېز ئېيت، چىقىرىمەن.

— ھى... ھى... ئەمدى سىز ياس ئاكام بولدىڭىز، دادام ئاچامنى سىزگە ئېپبېرىمىز، دېدى.

— ئادىلجان، يالغانگەپ قىلما، ئاچاڭنى ئەركىنجانغا بەرمەكچىدىغۇ؟

— ھى... ھى... يالغان گەپ قىلسام كۆچۈك بولاي، ئەركىنجان ئۈلۈشكۈن كېتىپتۇ.

— نەگە كېتىپتۇ؟

— دادىسى، موزاي، دەپ تىللاپ، خوتۇن ئېپبەرمەيمەن، دەپتىكەن، شۇڭا كېتىپتۇ، ئەمدى كەلمەيمىش، بازاردا ئىشلەيمىش.

— ھە، ئۇبۇل بالام، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ؟- ساقاللىرىنى يېڭىلا قىردۇرغان سېكرىتار بۇرۇتلىرىنى ئۇيىنىغىنىچە كىرىپ كەلدى،- زەپمۇ ئەنسىرەتتىڭ ئادەمنى.

خۇداغا شۈكرى ... بۇ...

— بالام، ئادىلجاننىڭ دېگىنى راست، مەن ئەھۋالنى ئۇقتۇم، ھېلىقى ئۇستام سېنى ئالىدىغان بولسا، ھېچقىسى يوق، مەيلى. بالىلارنىڭ ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلەشتىم، سېنى ئەمدى ھېچيەرگە كەتكۈزمەيمىز. شۇنداق چىڭ باغلايمەنكى... — سېكرىتار بۇرۇتلىرىنى تولغاپ ھەييارلىق بىلەن كۈلدى.

— سېكرىتار، مەن سىلىنىڭ بوردا قىقا سالغان توپا قىلىرى ئەمەس، مىڭ باغلىۋالىدىغانغا، كەتمىسەم، ئانام...

— ھا... ھا... مەن تۇرسۇنگۇلنى ئاغامچا قىلىپ بوينۇڭغا سېلىپ قويايچۇ، قېنى، نەگە كېتەلەيسەنكىن؟ ئاناڭنى ئەكېلىپ باقىمىسەن، ھاماقەت...

— بۇ... قاسىمكا... ياق، ئاتا... — ئۇبۇل سېكرىتارنىڭ كەڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلىدى.

× ×

ھەپتىدىن كېيىن پارقىراپ تۇرغان قول تراكتورى گۈرۈلدىگىنىچە مەھەللىدىن

(ئاخىرى 46 - بەتتە)

ئەنۋەرجان مەتىمىن

# شەپقەت ئۆلمايدۇ

( ھېكايە )

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — بۇ ناتونۇش چىراي ۋە ئۈشتۈمتۇت ئۇزۇتۇلغان بىر جۈپ قول مېنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئەدەب يۈزىسىدىن بولسىمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن سالام قىلدىم.

— ئۇكام، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ تەنلىرى سالامەتمۇ؟ ئۆي ئىچى تىنچلىقمۇ...

ئۈزۈلمەستىن يېغىۋاتقان بۇ سوئاللارنىڭ قايسىسىغا جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي، ھەممىگە تاۋاپ «ياخشى» دەپلا جاۋاب بەردىم.

ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغان بۇ كىشى ئەللىك ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، قويۇق ساقال باسقان يۈزلىرى ئانارەك قىزىل، ئاددىي رەختتىن تىكىلگەن چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى گېلىغىچە ئېتىۋالغان دېھقان سۈپەت كىشى ئىدى. مەن تەسەۋۋۇرۇمنى قانچە قويۇۋەتكەن بولسامۇ لېكىن قەيەردە كۆرگەنلىكىمنى زادىلا ئەسلىيەلمىدىم.

— ئۆزلىرى...

— ئۇكام، ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ؟ سىلە قىزىم دىلبەرنىڭ شەپقەتچىسى ئەمەسمۇ؟

— «دوختۇر دېگەننىڭ ۋەزىپىسى كېسەل داۋالاش، ئادەم قۇتقۇزۇش، كۈنلۈكى ئەللىك - ئاتمىش ئادەم بىلەن ئۇچرىشىدىغان تۇرسا بۇلارنىڭ قايسىسىنى ئەستە ساقلاپ بولغۇلۇق؟»

مەن مۇشۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندا ئۇ نېرىدا تۇرغان بىر قىزنى چاقىردى.

— كەل قىزىم، كەل، دوختۇر ئاكاڭ بىلەن كۆرۈشكىن. ئون ئالتە - ئون يەتتە ياشلاردىكى سەھرا قىزلىرىغا خاس ئاددىي كىيىنگەن چىرايلىق بىر قىز تارتىنىپقىنا تىنچلىق سورىدى.

— مانا بۇ ھېلىقى قىزىم، ئەگەر شۇ چاغدا خۇدا سىلىگە يولۇقتۇرمىغان بولسا نېمە كۈننى كۆرەتتۇقكىن-تاڭ؟ مانا قارىسىلا ھازىر چوپ - چوڭلا بولۇپ، ئىشقا ياراپ قالدى، ئۆتكەندە يوقلاپ كىرسەم سىلە يوق، ئازراق بىر نەرسە ئالغاچ كېلىۋېدىم، تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم. مانا بۈگۈن خۇدا بىزنى يۈز كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىپتۇ.

شۇ ھامان ئۈچ ئاي ئىلگىرىكى بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى.

مەن ئىشتىن چۈشۈپ، ھويلىغا كىرىشىمگە سۇپىغا يۆلەكلىك تۇرغان بىر تاغار ئۇن ۋە بىر سېۋەت نەرسىگە كۆزۈم چۈشتى.

ئۆيگە كىرىپلا ئايالىمدىن سورىدىم:

— ھويلىدىكى نەرسىلەر كىمنىڭ؟

— بىزنىڭ.

— ئۇ نېمە نەرسىلەر؟

— نېمە بولاتتى، تۈگمەندە تارتقان ئۇن، توخۇ تۇغقان تۇخۇم - دە!

— چاقچاق قىلمىسىلىچۇ، كىم ئەكەپتۇ؟

— بىر دېھقان «پازىل دوختۇرغا ئالغاچ كېلىۋېدىم، مەندىن سالام دەپ قويسىلا» دەپ ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئىسمىنى سورىسام «ئۆزى بىلىدۇ» دەيدۇ.

— «ئۆزى بىلىدۇ؟ بۇ زادى كىم؟ نېمىشقا ئەكىلىدۇ؟» بۇ سوئال كاللامدا خېلى ئۇزۇن ھۆكۈم سۈرگەندى.

— ئەسلىدە ئۇنى...

— شۇنداق، شۇنداق.

— نىمانچە ئاۋارە بولۇپ يۈرۈيدىغانلا؟

— ھەي ئۇكام قىزىقكەنلا. ئۇن دېگەن يەردىن چىقىدۇ. يەر ھازىر بىزنىڭ قولىمىزدا، ئۇ ئۇننى ئايرىم يەرگە تېرىغان بۇغدايدىن تارتقان، ھازىر ھەممە نەرسىگە خىمىيىۋى ئوغۇت ئارىلاشتى، ئەمما ئۇنىڭدا يوق. شۇڭا ئېغىز تېگىپ باقسۇن دەپ ئالغاچ كېلىۋېدىم. ئۇ خۇم فېرمىدىكى توخۇلارنىڭ، ئەمگەكچىمىزنىڭ مېۋىسى دېسىلە.

— بەك كايىپ كېتىپلا.

— بۇ قانچىلىك نەرسىتى، سىلىنىڭ قىلغانلىرىنى قانچە قىلسامۇ ياندۇرۇپ بولالمايمەن، ئۇكام.

«ۋاي خۇدايىم، بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟ مەن بۇ كىشىگە ياندۇرغىدەك نېمە قىلغان بولغىيتتىم؟ ياخشىسى ئوچۇقىنى ئېيتاي. ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالمىسۇن يەنە.» مەن كېيىنىنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتتىم.

— ئاكا، خاپا بولمىسىلا، گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتمىسام بولمىدى. ھە ... مەن سىلىنى زادى ئەسلىيەلمىدىمغۇ؟

ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن :

— شۇنداقمۇ؟— دېدى.

— بۇ دېگەنلىرىمۇ بەرھەق، سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا كېلىدىغان ئادەم كۆپ، شۇڭا ئۇنتۇپ كەتكەنلا. لېكىن ماڭا تولۇقكۈنكى ئىشتەكلا تۇرىدۇ.

بىر نەچچە يىل ئىلگىرى قىزىمنىڭ ئۆپكىسى ئىششىپ دوختۇرغا ئەپكەلسەم، سىلە ياردەم قىلغان، ياتاققا ئالدۇرغان، پۇلۇم يەتمىسە پۇل بەرگەن، خۇددى ئۆزلىرىنىڭ سىڭلىلىرىدەك كۆرۈپ شەپقەت قىلغان ئەمەسمۇ؟



پۇل دېگەن بۇ سۆز دەرھال مېنىڭ نېرۋىلىرىمنى غىدىقلىدى. ئەسلى بۇ يەتتە يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن كىچىككىنە بىر ئىش ئىدى.

مەن تېببىي ئىنستىتۇتنى پۈتتۈرۈپ، شەھەردىكى بىر چوڭ دوختۇرخانىغا تەقسىم قىلىندىم. تۇنجى قېتىم رەسمىي ئىش ئورنۇمدا ئاق خالات كىيىپ ئولتۇرغىنىمدا، يۈرىكىم ھاياجان بىلەن سوقاتتى. ھاياتىمدىكى ئارزۇ ئارمانلىرىمنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن ئېپتىخارلىق ھېس قىلاتتىم. يەنە بىر تەرەپتىن جىددىيلىشەتتىم.

كېسەلنىڭ ھاياتى بىلەن ئويناشقىلى بولمايتتى. بىرەر دورىنى خاتا بېرىپ قويدۇقمۇ بولدى. ئاددىي بولغاندا بىر كېسەل ئىككى بولاتتى. بولمىسا...

مەن ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم، شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن قوللىرىم بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى. باشقا دوختۇرلارنىڭ خاتىرجەم ھالدا ئولتۇرۇپ، ئۇيەر - بۇيەرنى تەكشۈرۈپ قويۇپ بىرمۇنچە دورىلارنى يازغىنىنى كۆرگىنىمدە ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپلا قالاتتىم، كېيىنچە بۇ ئىشلارغا ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالدىم. مانا ئىككى يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى، تويۇمنى قىلىۋېلىپ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ قالدىم، تېخى دادىمۇ بولدۇم، دېمەك زىممەمگە يەنە بىر يۈكنىڭ قوشۇلغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ئەنە شۇنداق باشقا كۈنلەرگە ئوخشاش ئادەتتىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر دېھقان ئون ياشلار چامىسىدىكى قىزىنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا كەلدى، ئۇنىڭ بىرقانچە يەردىن ياماق چۈشكەن، ئۆڭۈپ رەڭگىنى يوقاتقان چاپىنى، چاپىنى بىلەن ئوخشاشلا بولۇپ كەتكەن، توپا ئۆرلەپ تۇرغان زەپىرەڭ چىرايى كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇراتتى، ئۇ ئاجىزلاپ كويزىدەك بولۇپ قالغان، چىرايلىرى قارىداپ، لەۋلىرى شورداپ كەتكەن قىزىنى ئارقامدىكى تەكشۈرۈش كارىۋىتىغا ئاۋايلاپ ياتقۇزغاندىن كېيىن، قولىدىكى نومۇر قەغىزىنى ئالدىمغا قويدى. ئۇنىڭ تىلىم- تىلىم بولۇپ يېرىلىپ كەتكەن قاداق باسقان قوللىرى كىشىگە ئاجايىپ بىر خىل تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇ گەپ سۈرىشىمنى كۈتكەندەك ماڭا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى.

مەن پەرۋاسىزلا سورىدىم:

— نېمە بولدى؟

— دوختۇر، بىر ئايدىن ئاشتى، يۆتىلىپ ئارام تاپمايۋاتىدۇ، كېچىلىرى ئۇخلىيالمايدۇ.

— قىزىتامدۇ؟

— ھەئە، قىزىتىدۇ.

قىزنىڭ پېشانىسىنى تۇتتۇم، ئوتتەك قىزىپ كەتكەنىدى. مەن پىلانىدوسكوپنى ئەمدىلا قولۇمغا ئېلىشىمغا قىز قاتتىق يۆتىلىپ مونەك ـ مونەك قان تۈكۈردى، مەن سەسكىنىپ كەتتىم. ھېلىقى كىشى بۇنى سەزدى بولغاي دەرھال قەغەز بىلەن قاننى سۈرتۈپ گارشۈكقا تاشلىدى ۋە ئارقا- ئارقىدىن كەچۈرۈم سورىدى.

— ھېچقىسى يوق، ماڭا قارىسىلا، باشقا نېمە ئالامەت يۈز بەرگەن؟

— دەسلىپىدە يۆتىلىپ، ئازراق قىزىپ قايتىكەن، جاڭداپ قالغان چېغى دەپ قارا ئۆرۈك سېلىپ شۆۋگۈرۈچ قىلىپ بېرىۋىدۇق، يەنىلا ئوخشاش، ئامال قىلىپ باققان بولسىلىرى،- ئۇ يىلىنىشكە باشلىدى.

قىزنىڭ ئۆپكىسىگە شامال تەگكەنلىكى ئېنىق ئىدى.

— نېمە؟ نېمە دېدىلە ئۇكام؟ ئۆپكىسى يېرىلداپتۇ؟ — ئۇنىڭ رەڭگى تېخىمۇ تاتىرىپ كەتتى. نۇرسىز كۆزلىرى تېخىمۇ خۇنۇكلىشىپ قورقۇنچلۇق بىر تۈسكە كىردى، قولىدىكى رېنتگېن تەكشۈرۈش قەغىزى قولىدىن ئاجراپ يەرگە چۈشتى.

— ئۇكام، ئەسلى ـ ۋەسلىمدىن ئايرىلسام مەيلى، بىر ياخشىلىق قىلىپ قويسىلا ئۇكام، مەندىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار، ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلار ئۇكام،

www.uyghurkitap.com



ئۇ ماڭا ئۇزۇن دۇئالارنى قىلدى. مەن دەرھال ياتاق بۆلۈمىگە خەت يېزىپ بەردىم.

— بالا مۇشۇ كارىۋاتتا يېتىپ تۇرسۇن، سىلە چىقىپ رەسمىيەت ئۆتەپ كىرسىلە.

بىر دەمدىن كېيىن ئۇ يەنە ھاسىراپ كىرىپ كەلدى. ئۇ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى:

— ئۇلار ياتاق يوق، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كەل دەۋاتىدۇ. شۇنچە يېلىنساممۇ ئۇنىمايۋاتىدۇ.

«بىر نەچچە كۈندىن كېيىن؟ ئاغىچە بۇ قىز نېمە بولۇپ كېتەر؟» بىردىنلا قەلبىمدە بىر خىل ھېسداشلىق تۇيغۇسى قوزغالدى. مەن ئىشىمنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۇنى باشلاپ ياتاق بۆلۈمىگە چىقتىم.

مەن ياتاق بۆلۈمىدىكىلەرگە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىرى كارىدوردا ياتقۇزۇپ داۋالاشقا كۆندۈردۈم. توۋا ماۋۇ پېشكەللىكنى، ئۇرۇن ئاران ھەل بولغاندا ئەمدى تۆلەيدىغان پۇل يوق. ئۇ يەنە يېلىنىشقا باشلىدى: — جېنىم ئۇكىلىرىم مەندەك ئاجىز بەندىگە ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، يېنىمدا بارى مۇشۇ ئوتتۇز يۈەن ئىكەن، ھازىرچە ئېلىپ تۇرۇشسىلا، قالغىنىنى ئۆيدىكى نەرسىلەرنى سېتىپ بولسىمۇ جايلاپ بېرەي، جېنىم ئۇكام خۇش بولۇپ قالاي...

— بولمايدۇ! — مانا بۇ ئۇلارنىڭ باشتىن - ئاخىرى بېرىدىغان جاۋابى ئىدى.

يەنە مېنىڭ ئارىلىشىشىمغا توغرا كەلدى. نۇرغۇن مەسلىھەت ۋە چۈشەندۈرۈشلەر ئارقىلىق ئالدىن تۆلىنىدىغان پۇلدىن يەتمىش يۈەن مەن بېرىپ تۇرىدىغان بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئىشىم تامام بولدى. مەن كېيىنلا ئۇرۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆيگە قايتتىم.

× ×

— بېشىڭىز ئىششىپ قالدىمۇ؟ نەدىكى ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدىغان پۇلكەن ئۇ؟ يەتمىش كوي دېگەن ئاز پۇل بولمىسا يە، بىز شامال تۇتۇپ يەمدىكەنمىز؟ — ئايالىم ماڭا زەردە قىلغىنىچە تۇردى.

— ماڭا قارا، بىر ئادەم قاراپ تۇرۇپ قىيىنىلىۋاتسا، ۋىجدانىڭ قانداق چىدايدۇ؟ پۇل بەرسەك، ئۇ شۇنىڭ بىلەن يوقالمايدىغۇ؟ ئۇ يەنە قايتۇرۇپ بېرىدىغان تۇرسا.

— قايتۇرۇپ بېرىدۇ؟ ئۇ سەھرالىق گادايلار نېمىسىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ؟

بۇ گەپ ماڭا ھار كەلدى. سەللا يېنىكلىك قىلىدىغان بولسام ئۇنىڭ بىلەن ئازارلىشىپ قېلىشىم تۇرغانلا گەپ ئىدى. شۇڭا ئۆزۈمنى زورىغا باستىم:

— گېپىمنى ئاڭلا، بىزمۇ ئىنسان، بىرەر كىشى قاراپ تۇرۇپ قىيىنچىلىق تارتىۋاتسا، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇش ياخشى ئىشمۇ؟

— سىز ئۇلارنىڭ قايسى بىرىگە ياخشىلىق قىلىپ بولالايتتىڭىز؟

— ئۇ دېگىنىڭىزمۇ راست، لېكىن قولىمىزدىن كېلىشىچە بىر ئىش قىلىپ باقايلى، بىزگە يېتىشمىسە، ئايا پىراق خەجلىسەك بولمىدىمۇ؟

ئۇ ئاخىرى مېنىڭ گېپىمگە قايىل بولدى.

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەن يەنە ئۇنى يوقلاپ باردىم. ئۇ قىزىنىڭ بېشىدا بىر قاچا تېرىق نېنىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى. نۇرغۇن يەرلىرىگە ياماق چۈشكەن يوتقان قىزنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ خۇنۈك كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— ئاكا، يۆتىلىۋاتقان بالىغا تېرىق

ئېنى يېڭۈزگەنلىرى نېمىسى؟ يۆتەل كۆچىيىپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ، ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

— ئۇكام، مېنىڭ بۇ بالىنى قىيناشقا قانداقمۇ كۆڭلۈم چىدىسۇن؟ بىراق مەنىدىمۇ ئامال يوق... قولۇم قىسقا كەلدى، ئۆيىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى ساتسامۇ بولمىدى...

— ھە؟! — مېنىڭ بوغىزىمغا گويا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك نەپسىم سىقىلىشقا باشلىدى. كۆز چانىقىمغا كېلىپ قالغان ئىككى تامچە ياشنى زورىغا بېسىپ ئەلەم بىلەن قايتتىم، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەسەللى بېرەلمەيتتىم.

مېنىڭ يەنە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشىمگە توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن كۈندە بىر ۋاق تاماق توشۇيدىغان بولدۇم. ئوغلۇم ئۈچۈن ئالغان سۈت پاراشوكلىرىنىڭ بىر قىسمىنىمۇ ئۇنىڭغا بېرىۋەتتىم.

— ئۇكام، — دېدى غالىپ دوختۇر بىر كۈنى، — ئۆزۈڭنى نېمانچە ئاۋارە قىلىسەن؟ يول تېخى ئۇزۇن. سەن بۇ خەقنىڭ قايسى بىرىگە ياخشىلىق قىلىپ بولالايتتىڭ؟ ياخشىسى خىزمىتىڭنى ئوبدان قىلىپ، ئۆز ئىشىڭغا پۇختا بول.

مەن بۇ سۆزنى ئىككىنچى قېتىم قايتا ئاڭلاۋاتاتتىم، كىشىلەر نېمانچە تاش يۈرەك بولۇپ كېتىدىغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ باشقىلارغا ياردەم قىلغۇسى كەلمەمدۇ يا؟ بۇزادى نېمە ئۈچۈن؟

— ھە، ئۇكام خىيالىڭنى كېيىن سۈرۈۋال، يەنە بىر گەپ، مەن بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشماقچى، بىر نەچچە كۈن بولالمايمەن. شۇڭا ھېلىقى كېسەلنى مۇدىر ساڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىشىمنى بۇيرىدى، شۇڭا سەن مەسئۇل بولۇپ قويارسەن. قالغان گەپنى مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دېيىشەيلى، — ئۇ تارتمىسىدىن ئاليۇمىن مۇقاۋىلىق كېسەل تارىخىنى ئالدىمغا تاشلاپ قويۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

مەن ئىشلىتىلگەن دورىلارنى بىر-بىرلەپ كۆرۈپ چىقتىم. توۋا ماۋۇ ئىشنى، نېمانچە كۆپ ئېلىنغان ۋاقىتلىق دورى-بۇ؟ ئون-ئون ئىككى كۈندە بىر ئايلىق دورا ئىشلىتىلىپتىغۇ؟ مەن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى «ئۆز ئىشىڭغا پۇختا بول» دېگەن سۆزنىڭ تېگىگە يەتتىم.

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن غالىپ دوختۇر قايتىپ كېلىپ ئىشقا چۈشتى.

× ×

— ماڭا قارىسىلا سىلە دېگەن دورا بەك قىممەت، ئۇنى يۈەنجاڭ تەستىقلايدىغان ئىش، يەنە...

— يېزىۋەتسىلە دوختۇر، ئۇ دېگەن سىلىنىڭ قەلەملىرىنىڭ سىياسىدىن چىقىدۇ، قالغىنىنى ئۆزۈم بىر ئىش قىلىۋالىمەن.

— ھىم... بولىدۇ ئەمىسە، مۇنداق بولسۇن، دورىنى ئېلىپ مېنىڭ قېشىمغا كىرسىلە، ئىچىش تەرتىپى ۋە باشقا ئىشلارنى سىلىگە چۈشەندۈرۈپ بېرىمەن، — غالىپ دوختۇر ئۇ كىشىنى يولغا سېلىۋېتىپ، خاتىرجەم ھالدا تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇردى.

— ھە... دورىنى ئېلىپ كىرەلمۇ؟ بۇ دورىنى بەك كۆپ ئىشلىتىۋەتسە بولمايدۇ، يەنە... گەپنى ئوچۇق ئېيتاي. ماڭىمۇ ئازراق لازىمتى... دورا پۇللىرىنى ھۆكۈمەت ئاتچوت قىلغاندىن كېيىن... ھە، يەنە كېيىن سۈرۈشتۈرۈۋالىمىز، قانداق دېدىم؟

— شۇنداق، شۇنداق بولمامدىغان.

ئۇلار «سودىسىنى» تۈگىتىپ خوشلاشتى. ئەسلىدە باي بولۇشنىڭ چارىسى بۇ ئىكەن-دە، ئادەم دېگەنزە...

— غالىپكا، شىپاخانا ئاچاي دەمدىلا نېمە؟ — دېدىم چاقچاققا يۆلەپ.

— قانداق دەيسەن؟

مەن بېشىم بىلەن شىرەنىڭ تارتمىسىنى ئىشارە قىلدىم.

— ئۇكام تولا ئۇششاق ئىشقا ئارىلاشماي، ئىشىڭنى قىلغىن. ياش ئادەم دېگەن چوڭلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايدىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەن كەينى باشقا ياققا بۇرىدىم.

— غالىپكا ھېلىقى قىز... كېپىنىڭ ئاخىرى چىققىچە، ئۇ كېپىنى بۇلۇۋەتتى.

— ھەي... — ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، — ئۇلارغا بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ، ئادەمنىڭ قولى قىسقا بولسىمۇ بولمايدىكەن. كېسەل ئېغىر بولغاچقا دورىنى كۆپرەك ئىشلەتتۇق، ئامالىنىڭ بىرىچە قىممەت دورىلارنى ئىشلەتتۇق. بىراق، — ئۇ سەل توختىۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى، — پۇلى يېتىشمىگەچكە بۈگۈن دورا - ئوكۇلنى توختىتتۇق.

— نېمە توختىتتۇق؟

— شۇنداق...

— تېخى ئەمدى ئۈن ئۈچ كۈن بولدىغۇ؟

— ئۇكام، دورا - ئوكۇلنىڭ باھاسىنى مەن بېكىتمىگەن. پىكرىڭ بولسا باھا بۆلۈمىگە بارغىن، — دېدى ئۇ قاتتىق تەلەپپۇزدا.

— غالىپكا، ئۇ بىچارىلەرگە ئىچلىرى ئاغرىسۇن.

— ئىچىم ئاغرىيدۇ، لېكىن ساڭا ئوخشاش ئەخمىقانە ئىش قىلالمايمەن.

— ھېلىمۇ ئەخمىقانە ئىش قىلغانىدەك قىلىملا.

— سەن نېمە دېمەكچى؟

— غالىپكا، بىز دېگەن دوختۇر. بىمارلارغا يار - يۆلەك بولۇشىمىز، دوختۇرلۇق كەسپىي ئەخلاقىنى قوغدىشىمىز كېرەك.

— يار - يۆلەك بولماي يانچۇقىنى قۇرۇغداپتىمەنمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، لېكىن شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىش — مەن كېسەل ئارخىپىنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدىم.

— سەن!

ئەمدى ئۇشۇق كەينىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. شۇڭا باشقىلارنىڭ سالا - سۇلىسى بىلەن ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. مەن ھېلىقى دېھقانغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ قىزىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يىغلاپ ئولتۇراتتى.

— يىگىت، بۇ كىشىنى نېمە دەپ يىغلىتىۋاتىسىز؟ — مەن ئىتتىك ئارقامغا بۇرۇلدۇم. ئالدىمدا شەھەر باشلىقى تۇراتتى.

— يىغلىتىش ھەددىممىدى؟

— بۇ كىشىگە نېمە بوپتۇ؟

— قىزىنىڭ ئۆپكىسى يېرىڭلاپتىكەن، بىز داۋالاۋاتقانىدۇق.

— نېمىشقا كارىدوردا ياتقۇزۇپ قويىدۇڭلار؟

— ياتاق يېتىشمەي، يەنە...

— ھە، يەنە نېمە گەپ؟

— پۇلى يوق يېرىم يولدا قالدى.

— داۋالاۋەرسەڭلار، پۇلىنى جايلاپ بەرسە بولىدىغۇ؟

— ھەي، - قاتتىق يىغان بىلەن چىققان بۇ ئۇھ سۆھبىتىمىزنى بۆلدى.

— تاغا، پۇلنى كېيىن جايلاپ بەرسىلىرى بولىدىغۇ؟

— كۆچۈمنىڭ بىرىچە يولىنى قىلدىم. ھېلىمۇ ئۆيدىكى يوتقان - كۆرپىلىرىمۇ، پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ساتتىم. پېشانەم تەتۈر ئوخشايدۇ... ئۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

شەھەر باشلىقى بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن بىر قارارغا كەلدى بولغاي مېنى دوختۇرخانا باشلىقىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

ئۇلار كەلگەندىن كېيىن شەھەر باشلىقى:

— ھاۋا سوۋۇپ قېلىۋاتىدۇ، كارىدوردا يېتىۋەرسە بولمايدۇ. دەرھال ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇڭلار، داۋالاش ۋە تاماق راسخوتلىرىنى مەن ھەل قىلىپ بېرىمەن، قالغان گەپنى كېيىن دېيىشەرمىز، — دېدى.

ھېلىقى دېھقان كۆزى چەكچەيگەن پېتى ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ بىردىن ئېسىگە كەلدى - دە، ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. شەھەر باشلىقىغا ئاللانى شېپى كەلتۈرۈپ نۇرغۇن دۇئالارنى قىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈمىد يېشى

تۆكۈلەتتى، چېھرىدىن خۇشاللىق نۇرلىرى جىلۋىلىنەتتى.

× ×

ئۈچ ئايدىن كېيىن قىزىنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى. ئۇلار ماڭار ۋاقتىدا غالىپ دوختۇر بىلەن ئىككىمىزنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى ھەم يەنە يوقلاپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قايتىشتى···

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىشلار مېنىڭ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئىكەن.

— ئۇكام، ئۇ كۈنلەرنى خۇدا ئىككىنچىلەپ كۆرسەتمىسۇن. بەختىمگە يارىشا پارتىيىنىڭ ئامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن خېلى كۆپ ئۆسۈمسىز قەرز ئېلىپ باقمىچىلىق قىلدىم. قولۇمغا ئازراق پۇل كىرگەندىن كېيىن، توخۇ سېتىۋېلىپ چۈجە چىقىرىپ ساتتىم، زامان ئىشلىگەنگە كۈلۈپ قارايدىكەن، مانا ھازىر ياغ زاۋۇتى، گىلەمچىلىك كارخانىسى، توخۇ فېرمىسى قۇرۇۋالدىم. ئۇششاق، چوڭ چارۋىلىرىم ئىككى-ئۈچ يۈزگە يەتتى.

— قالتىس ئىش بوپتۇ ئاكا.

— يەنىلا پارتىيىگە رەھمەت، ھۆكۈمەتكە رەھمەت، ئەنە شۇنداق ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ سىلىنى پات-پات ئىزلەپ تۇرالمىدىم. قىزىم بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئۆتتى. ئۇمۇ خۇدا خالىسا كەلگۈسىدە سىلىدەك دوختۇر بولىدۇ.

— ياخشى بوپتۇ، مۇبارەك بولسۇن!

— يېزىمىزدىكى بىر نەچچە دېھقان بىرلىشىپ بىر دوختۇرخانا سالماقچى بولغان، ھۆكۈمەت تەستىقلىدى. ئازراق بىر نەرسە كېمەيۋىدى، شۇنى ئېلىپ چىققاچ سىلە بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتەي دەپ كېلىشىم ئىدى

— رەھمەت، يوقلاپ كەلگەنلىرىگە رەھمەت!

— ئۇكام، ئاز بولسىمۇ ئازراق بىر نەرسە ئالغاچ كېلىۋىدىم، ئۆز قولۇمچە باققان جانىۋار ئىدى، ئازراق ئەت قونۇپ قاپتۇ، چاي قىلىپ ئىچەرلا.

ئۇ يوغان بىر قوشقارنى يېتىلەپ كېلىپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— بۇ نېمە قىلغانلىرى ئاكا؟ بۇنداق قىلسىلىرى مېنى خىجىل قىلىپ قويۇلا، ئۇ دېگەن دوختۇرلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى، ئۇنداق قىلمىسىلا···

— بۇ تېخى ئازلىق قىلىدۇ، غالىپ دوختۇرغىمۇ بىرنى ئەكىرىپ بەردىم، بۇ دېگەن قانچىلىك نېمەتتى.

مەن نۇرغۇن داۋلى سۆزلەپ ئۇنى ئاخىرى قايىل قىلدىم.

— بوپتۇ ئەمىسە ئۇكام، كېيىن يەنە يوقلاپ كېلىمەن. ھە راست ھېلىقى باشلىق نەدىدۇر؟ نەچچە ئىزلەپ باراي دېدىم، لېكىن كىشى ئەيمىنىپ قالىدىكەن. ئۆيى نەدىرەكتۇ؟

— يېڭى مەھەللىدىكى شەخسىي قورۇسىدا ئولتۇرىدۇ.

ئۇ كەتتى، قەلبىم بىر خىل ھاياجانلىق ئىلكىدە تىپىرلايتتى.

«ئۇلار نېمە دېگەن ئاق كۆڭۈل-ھە!؟ ئاھ، شەپقەت ئۇنتۇلمايدۇ. مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ!!»

مەسئۇل مۇھەررىر: **تۇرسۇن نىياز**

www.uyghurkitap.com

ئەختەم ئۆمەر

# قارا جاڭگال

(ھېكايە)

تومۇز ئىسسىقى ئۇششاق تاشلارنى قوۋاستەك يېلىنجىتىۋەتتى. شېغىللار ئۈستىدىن يالقۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. قاپقارا تۇماندەك چەكسىز يېيىلغان جىغانلىق دالا تونۇردىن چىققان قويۇق تۈتۈندەك كۆڭۈلسىز ئىدى. ئۇششاق يوپۇرماقلار تېخىمۇ قورۇلۇپ، قارا مارجاندەك جىغان مونچىقى كۈننىڭ تەپتىدە كېلەننىڭ كۆزىدەك پارقىراپ كەتكەنىدى. جاڭگال ئىچىدىكى چاتقال ئۈستىدە ياپىراپ ئۈچىدىغان جانىۋارلارمۇ غايىپ بولغان، قىرغاۋۇل خورىزىنىڭ ئەركەكچىلىكى تۇتۇپ، مىكىيان چىللاشلىرىمۇ بېسىقىپ قالغانىدى. قارا تۇماندەك ئۇيۇپقا سوزۇلۇپ ياتقان جىغانلىق دالىدىكى كۆكىرىپ كۆرۈنىدىغان شېغىللىق يولدا، ئىزىتقۇدەك بىر قىز يالغۇز كېتىۋاتاتتى. قىزنىڭ ئالتۇندەك پارقىراق، بۈلۈت تۈرگۈنىدەك يېيىلىپ تۇرغان چىرايلىق چاچلىرىدىنلا، ئۇنىڭ دېھقان قىزى ئەمەسلىكى چىقىپ تۇراتتى. دېڭىزدەك زەڭگەر شايى كۆڭلىكى ئۇنىڭ زىلۋا بويلىرىنى قوينۇمدىن چىقىرىپ قويماي دېگەندەك چىڭ چاپلىشىپ، بېلىنى قىسماققا ئالغانىدى، كۆڭلەكنىڭ كەڭ ئېتەكلىرى بېلىقتەك يوتىسىنى قانماي سۆيۈپ كېتىۋاتقانىدى.

ماشىنام يېقىنلاشقانچە ئۇ يۈرىكىمنى ئاتلىغاندەك، شېغىل ئۈستىدە ئازادە مېڭىشقا يول بەرمەيۋاتقان ئاق ئېگىز پاشنىلىق توپلىيىنى سېلىپ، ئىككى قولىدا كۆتۈرۈپ، يىلاندەك تولغىنىپ مېڭىشقا باشلىدى.

— ھەي، پەرىزات جاڭگالدا بولامدۇ؟

ماشىنامنى توختىتىپ يەرگە چۈشتۈم.

— سىلىچە پەرىزاتنىڭ ھەممىسى شەھەردە بولسا ياخشىمۇ؟ — ئۇ گۈلدەك كۈلۈپ قارىدى. كۆيدۈرگۈچ ئاپتاپ گۈلنىڭ چېھرىدىكى نازۇك نۇر پەردىلىرىنى سۇلدۇرغان، سۇزۇك ئۇگىنى سەھرا شامىلى يالاپ كەتكىلى تۇرغانىدى. شۇندىقتىمۇ تېگىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان تەبىئىي گۈزەل رۇخسار بۇلارغا بوي بەرمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. چاپلىشىپ تۇرغان چەش رەڭ شايى كۆڭلەك كۆكسىنى قوزىنىڭ تۇمشۇقىدەك ئۇماق چىقىرىپ قويغانىدى.

— چاقچاق قىلدىم، لېكىن ھەر نەرسىنىڭ ئۆز يولى، ئورنى بولىدۇ. راستگەپ، سىلى بۇ تېرىمىنىڭ جاڭگىلىدا نېمە ئىش قىلىلا.

— مانا مۇشۇنداق يالاڭئاياغ شېغىلغا دەسسەپ يۈرۈيمەن. جاھاندا ئورنىنى، يولىنى تاپالمايۋاتقانلار ئازمۇ؟

— پۇتلىرى كۆيمەمدىمۇ؟

— كۆيگەنگە ئامال بارمىتى؟

چۆلدە بولاققا ئۇچراپ قالغاندەك ياپىراپ كەتتىم.

— بار، مانا مەرھەمەت!

قىز خۇشاللىق بىلەن كابىنكىغا چىقتى.

— گەپلىرى بەك يېقىشلىق ئىكەن، ھېچ تېرىسىنىڭ جاڭگىلىدا چوڭ بولغانغا ئوخشىمايدۇ.

— مۇشۇ جاڭگالدا ئۇچرىغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق دېيىشىدۇ.

— ھەممىسى بىلەن سۆزلىشەمىلا؟

— ھەيران قالغۇچىلىكى باردۇ، ئادەم بولغاندىكىن گەپ قىلىشقا كۆڭلى تارتسا، ئەلۋەتتە بۇتتەك تۇرغىلى بولمايدۇ - دە! بۇنىڭ نېمىسى يامان، مەن بۇنىڭدىن بەك خۇشال، چۈنكى ئادەم دېگەن ئادەمگە گەپ قىلىدۇ. بىر قاراپ گەپ قىلىشقا كۆڭلى تارتىشنىڭ ئۆزى ئادەمنىڭ دىلىغا ياققانلىق ئەمەسمۇ!

— سىلىنىڭ ئۆيى قەيەردە؟

— شەھەردە.

— بۇ جاڭگالدا؟

— ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن.

— مەنمۇ شۇنداق پەم قىلغان. قانداق بولۇپ شەھەردىن چىقىپ، يىراق جاڭگالدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدىلا؟

— تەقسىمات بىلەن بولمامدۇ، سەنئەت ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزگەن، مانا مەشەگە تەقسىم قىلىشتى.

— سىلىدەك ئالىي مەلۇماتلىق چىرايلىق قىز بۇ جاڭگاللىغا لايىقمۇ؟ بۇ جاڭگاللىغا بىزدەك — ئوقۇمىغان، كەتمەنگە نان چىلاپ يەپ، كالا تىزىكىگە دەسسەپ يول ماڭىدىغان، ئېچىق بېشىدا ئۇخلايدىغان ئادەم لايىق. مەندەك ئەبجەق ماشىنا ھەيدەيدىغان شوپۇر چېغىمدىمۇ ئۆزۈمنى بۇ يەرگە ئارتۇق ھېسابلايمەن. سىلەردەك ئاق-قارىنى پەرق ئېتىدىغان مەرۋايىتتەك قىزلار ئەينەكتەك پاكىز شەھەردە ئىشلىسەڭلار بولىدۇ.

— مەنغۇ يىگىرمە ئۈچ كىلومېتىر جاڭگالدا، ئىككى - ئۈچ يۈز كىلومېتىر جاڭگالغا كەتكەنلەرمۇ كۆپ تېخى. ھۆكۈمەت جاڭگالنىمۇ چىرايلىق قىلماقچى.

— چىرايلىق قىزلار شەھەردە كۆپ بولسا، شەھەر تېخىمۇ چىرايلىق، ھوزۇرلۇق بولمامدۇ، بۇنى كىم بىلمەيدۇ.

قىز قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ نازۇك كۈلكىسى قارىيىپ يېيىلىپ ياتقان چاتقاللار ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. مەنمۇ كۈلۈۋەتتىم.

— ئۆيگە ھەپتىدە قانچە بېرىپ كېلەلا؟

— ئەتىگىنى كېلىپ، كەچتە قايتقىنىمنى ھېسابلىغاندا ئون ئىككى قېتىم. مەكتىپىمىزدە ياتقىدەك ياتاقمۇ يوق، قونۇپ قېلىشىمغا ئېرىم ئۇنىمايدۇ.

— توي قىلمىغان قىزمىكىن دەپتىمەن تېخى. مۇشۇنداق مېڭىشقا قانداق چىدايدۇ ئادەم. ئەرلىرى شەھەرگە يۆتكەپ كىرىپ كەتسە بولمامدۇ.

— بەش يىل يول مېڭىپ يۆتكىيەلمەي تاشلاپ قويدى، ئامال بولمايۋاتىدۇ. ئېرىم بوي - بەستى، خۇي - پەيلى خېلى جايىدا ئادەم. خۇددى سىلىگە ئوخشاش.

— ھەر كۈنى مانا مۇشۇنداق، خۇددى ھازىرقىدەك شېغىل يولدا يالاڭئاياغ مېڭىپ - بېرىپ كېلەمىلا؟

— شەھەردىن ئون بەش كىلومېتىرغىچە ئاپتوبۇس بار، بىر كوي تۆلەپ كېلىمەن. قالغان سەككىز كىلومېتىر يەرگە ھازىرقىدەك ماڭىمەن.

— ھەر كۈنى ئوتتۇز كىلومېتىر يولغا ئىككى كوي تۆلەيلا، ئون ئالتە كىلومېتىر يولنى مانا شۇنداق ماڭىلا، ھەر كۈنى ئىككى كويدىن تۆت يەكشەنبىنى چىقىرىۋەتكەندە، يىگىرمە ئالتە كۈندە ئەللىك ئىككى كوي كىرا تۆلەيلا.

— ھەر كۈنى چۈشتە ئىككى كويغا قورساق باقىمەن.

— ئېخى ئۇمۇ بار، ئىككىنى قوشقاندا، بىر ئاي ئىچىدە بىر يۈز تۆت كوي كەتتى دېگەن گەپ. قانچە پۇل ماڭاش ئالىلا؟

— بىر يۈز ئون سەككىز كوي.

— نېمە؟

ماشىنىنى قاتتىق تورمۇزلاپ ۋارقىرىۋەتتىم.

— شۇنچە جاپا تارتىپ ئون سەككىز يىل ئوقۇپ، ئاخىرى بېرىپ بىر ئايدا ئون ئىككى كويغا ئىشلەمىلا، بۇ قانداق بولۇپ كەتتى. جېنى بار قېرى مەزلۇم بىر ئاشخانىنىڭ قاچىسىنى يۇيۇپ بەرسە، بىر كۈندە يىگىرمە كويغا ئىشلەيدۇ، بىر ئايدا ئالتە يۈز كويغا ئىشلەيدۇ.

چوكان كۈلۈپ قويدى.

— بۇنىڭغا سىلىنىڭ ئەرلىرى ئۇنىدىمۇ؟

— بولدى، بۇنداق خىزمەتنى قىلما، دەپ تولا ھەپىلىشىپ ھېرىپ قالدى، مېنىڭمۇ ئويلىغىنىم بار ـ دە!

— سىلىدەك گۈزەل جۇۋانلارنىڭ غەمسىز ئويناپ كۈلىدىغان چاغلىرى بۇ، ئەرلىرى بولمىغان بولسا، خوتۇنۇمنى قويۇۋېتىپ سىلىنى ئېلىپ، جاپا تارتماي مېنىڭ خىزمىتىمنى قىل، ھۆكۈمەت بەرگەننى مەن بېرەي خوتۇن دەيدىكەنمەن، ھازىرمۇ شۇنداق قىلامدۇق ـ يا؟

— ئۆپكىلىرىنى بېسىۋالسىلا، ئۇلاغ سودىسى ئەمەس بۇ.

— بۇنداق جاپادا قالسىلا تېز قېرىپ تۈگەيلا، ئەرلىرى شەھەردە راھەت كۆرۈپ ياش تۇرۇۋېرىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىلىدەك جاڭگال يەپ كەتكەن خوتۇننى چوقۇم تاشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، بىر كۈن بولسىمۇ تاماشا بىلەن كۆڭۈللىرىنى خۇشال قىلىپ ياشىغانلىرى ياخشى.

— خۇشال ئويناپ ياشاشنى سىلىدە دېمىسىلە، مەن بىلمەيدىغاندەك تۇرامدىم.

— ئۇنداق بولسا ئوينامدۇق؟

— نەدە، قانداق ئوينايمىز؟

— ئالدىمىزدا ئۆستەڭ بويى بار، سۆگەتنىڭ سايىسىدا.

— پۇل بارمۇ؟

پەرەز قىلغىنىمدەك چىقتى.

— پۇل دەپ قاپلا، قانچە پۇل بولسا ئەرزىيدۇ.

— ئاز كەم ئەمەس، مىڭ كوي.

ماشىنىنى يەنە تورمۇزلىدىم. «ساراڭغا يولۇقمىغاندىمەن» دەپ سىنچىلاپ قارىدىم.

— لازىملىق پۇلنى مۇشۇ جاڭگالدىستان يولدىن تېپىپلا ـ دە، ئۇكام! پۈتۈن دۇنيادىكى ئاياللاردىن سىلىنىڭ قانداق ئالاھىدە پەرقلىرى بار؟

— ناھايىتى ئاددى، ئىپپەت ـ نومۇسنىڭ قىممىتىنى بىلمەن! ئەپسۇسكى، ھازىرغىچە مەن بىلەن ئوينىيالايدىغان ئوغۇل بالىدىن بىرسى چىقمىدى. كۈندە ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ، كېيىن يېنىپ چىقىپ كېتىدۇ. خۇددى سىلىگە ئوخشاش. رەھمەت ئۇستام، بىكەتكە كېلىپ قالدىم.

قىز بىردەمدىلا يېنىمدىن غايىپ بولدى. كابىنكامدا ئۇنىڭدىن نىشانە سۈپىتىدە سۇس بىر خۇش پۇراق قالدى. ناچار كەيىپ ھاڭۋېقىپ قاپتىمەن. ئىسمىنى سوراشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن، سەكرەپ پەسكە چۈشتۈم، ئۇ لەپىلدەپ، تېرەكلىك مەھەللە يولىدا بىر پارچە ئوتتەك يىراقلاپ كەتتى.

1991 ـ يىل 18 ـ ئىيۇل، قەشقەر.

مەسئۇل مۇھەررىرى: **تۇرسۇن نىياز.**

نۇردۇن مۇسا

# ئىجتىھاتلىق شائىر، ئىرىشچان باغۋەن



50-يىللاردىن باشلاپ شېئىرىيەت مۇنبەرلىرىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان پېشقەدەم شائىر، ئەينى چاغدىكى قەشقەر يازغۇچىلار سېكسىيىسىنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىلىرىدىن بىرى يولداش ھوشۇر ئىبراھىم بۇ يىل 55 يىللىق ئۆمۈر مەنزىلىنى، 40 يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇساپىسىنى غەلبىلىك بېسىپ ئۆتتى.

ھوشۇر ئىبراھىم 1936-يىلى 6-ئايدا يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ناچۇق يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1947-يىلدىن 1952-يىلى 9-ئايغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ تولۇقسىز، تولۇق سىنىپلىرىدا، 1952-يىلى 9-ئايدىن 1954-يىلى 7-ئايغىچە سابىق شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا، 1961-يىلدىن 1964-يىلغىچە شىنجاڭ رادىئو سىفەن داشۆسىدە ئوقۇغان. 1954-يىلدىن بۇيان قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ھوشۇر ئىبراھىم 1951-يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە «جەنۇبىي تيانشان» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «بىلىم ئىشقىدا» دېگەن شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن، 1953-يىلى ئۇ شىنجاڭ شۆيۈەنىگە ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن «ماي ئەتىگەنلىكى» ماۋزۇلۇق شېئىرىنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە، 1954-يىلى «ئايدىڭ كېچە»، «ئەقىل ئىگىسى» شېئىرلىرىنى «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىپ، جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان. ئۇ مەزگىللەردە يەنە «جەنۇبىي تيانشان گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئارقا-ئارقىدىن كۆپلىگەن شېئىرلارنى ئېلان قىلغان. «ئايدىڭ كېچە» ناملىق شېئىرى 1956-يىلى نەشىر قىلىنغان «ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سىنتاكسىس كۆنۈكمىلىرى» ناملىق دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن.

شائىر ھوشۇر ئىبراھىمنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا سوتسىيالىستىك ۋەتەن، كومپارتىيە، خەلق ئاممىسى كۈيلەنگەن، چىن مۇھەببەت ئاساسىي تېما قىلىنغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە نەرسە — كۈندە دېگۈدەك كېلىپ تۇرىدىغان خەتلەردە ئىپادىلەنگەن قىزغىن ئۇمىدىدىن ئىبارەت. خەتلەردە مېنىڭ ئەسەرلىرىم ھەققىدە پىكىر قىلىنغان، بەزىلىرىدە ئىجادىيىتىمنىڭ يۈكسىلىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈلگەن. بۇمۇ مەن ئۈچۈن زور مەدەت··· مەن، ئەدىبلەرنىڭ ۋەزىپىسى بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاممىنى تەربىيىلەش ۋە يېتەكلەش، ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش، ئىلھاملاندۇرۇش، دەپ قارايمەن. خەلقنىڭ شائىرى بولغان ئىكەنمىز، شۇ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن يېزىشىمىز كېرەك···»

www.uyghurkitap.com



يولداش ھوشۇر ئىبراھىم ئاشۇنداق روھ بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن 40 يىلدىن بۇيان كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىش ۋە ئىجادىيەتتە چوڭقۇرلىشىش ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى: 1955 ـ، 1965 ـ يىللىرىدىلا «لالە ۋە قۇربان»، «چوكانىيار بويىدا» قاتارلىق داستانلاردىن باشقا 130 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە بىر قىسىم ھېكايىلەرنى يېزىپ ئاممىنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا ئېرىشتى. شۇندىن كېيىن ئىجادىيەتتە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، قايناق تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش، چوڭقۇر لىرىك تۇيغۇنى مۇكەممەل مەزمۇن ئىچىدە قانائەتلاندۇرۇش جەھەتلەردە كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. «قىزىل لاچىن»، «دوختۇر»، «نوزۇگۇم»، «تۆھپىكار»، «ئوقۇتقۇچى» قاتارلىق داستانلارنى؛ «پۇشايمان»، «ئەنسىرەش»، «باغۋەن» قاتارلىق ھېكايىلەرنى؛ «ئايدىڭ كېچە»، «گۈلدەستە قويدۇم»، «ۋەتىنىم سۆيىمەن سېنى قەلبىمدىن»، «چېلىشچان يىللار»، «باھار ئىشقى»، «تۇغۇلغان يۇرت»، «قەشقەر كېچىلىكى»، «ئىرادەم قايرىلماس بىر مىسران قىلىچ» قاتارلىق 670 پارچە شېئىرنى يېزىپ، «چېلىش تەنتەنىسى» (1981 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان، ئابلىمىت ھاجى بىلەن بىللە)، «باھار ئىشقى» (1981ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان)، «ئاق بۇژغۇن» (1987 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان، باشقىلار بىلەن بىللە) قاتارلىق شېئىر توپلاملىرىنى نەشر قىلدۇردى. ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ يازغان «يېزىقچىلىق بىلىملىرى»، «ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى توغرىسىدا» (ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى) ناملىق كىتابلىرى باستۇرۇلۇپ، ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىلماقتا .

يېقىنقىلاردىن باشقا شائىرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى «ياش گۈلىستان»، «تىيانشان ناخشىلىرى»، «قەشقەر ناۋاسى»، «توي چاچقۇسى»، «باھار جىلۋىسى»، «تاغ پەرىسى»، «ياپراقتىكى نەقىشلەر» قاتارلىق كوللېكتىپ شېئىر توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلدى، «تارىم ئۈنچىلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

شائىر ھوشۇر ئىبراھىم شىجائەتلىك باغۋەن بولۇش سۈپىتى بىلەن قەشقەردىكى بىر قىسىم ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ يارامىق تەربىيىچىسىدۇر. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ بىلىم ئوچىقى بولغان قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئەدەبىيات كۇرژىكى تەشكىل قىلغان ۋە «مەكتەپ خەۋەرلىرى» ژۇرنىلى تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىشلىرىنى ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىگەن ئىدى. ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان ئوتتۇز يەتتە يىلدىن بېرى ئۇ، ئۇزۇن يىللىق ھايات مۇساپىسىدا خەلق ئوقۇتقۇچىسى ۋە خەلق سەنئەتچىسىدىن ئىبارەت قوش ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ناھايىتى كۆپ ئەجىر ـ مېھنەتلەرنى سىڭدۈردى. ھازىر ئۇ مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ئوقۇتۇش تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ كەلمەكتە.

بىز شائىرنىڭ ئىجادىيەتتە يەنىمۇ ئالغا بېسىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھوشۇر ئىبراھىم

# غەزەللەر

## 1

ئاشىقى بۇلبۇلنى كۆرسەڭ ئۇيقۇدىن بىدارىدۇر،
ئىشقىنى بەرگەن ئۆمۈرلۈك گۇلسۇرۇخ دىلدارىدۇر.

قىش - زىمىستانلار ئىچىدە سايرىماس خەندان ئۇرۇپ،
رەڭمۇ رەڭ گۇللەر ئېچىلغان گۇلباھار گۇليارىدۇر.

دەستە - دەستە گۇل تۆكۈلگەندەك خۇشال سايرايدۇ ئۇ،
يەتسە كۆكلەم ۋەسلىگە، كۆكلەم كۆڭۈل خۇمارىدۇر.

مەن بۈگۈن بۇلبۇل - غەزەلخان گۇلبېغىم شەيداسىمەن،
ئىشقىدا نەزمە پۈتۈشكە ھېسلىرىم بىسيارىدۇر.

چۈنكى، كۆڭلۈم دىلبىرى ئۇندا ئېچىلغان گۇل بولۇپ،
ئاشۇ گۇل ئاتەش يۈرەكنىڭ سۆيگىنى نىگارىدۇر.

## 2

سەن مېنى باتۇر دېمەستىن، بىل زەبۇن سالسام جاپا،
گۇل قىلىپ دوزاختا ياندۇر قىلمىسام چەكسىز ۋاپا.

ياكى نەپرەت قايىنىمىغا تاشلىۋەت مەن غەرق بولاي،
ناز - كەرەشمەڭنى بۇزۇپ، كۆڭلۈڭنى غەش - قىلسام خاپا.

يوللىرىڭغا گۇل چېچىپ، قۇت ياغدۇرۇپ ھۆر قىلمىسام،
بىۋاپا دەپ نامە پۈتكىن، ياكى سەن بىلگىن رىيا.

چىن ئەقىدە، كۆللى - ئىخلاسىمەن دېمەي دىۋانى بىل،
چاچمىسام بىر جۇپ ئاياغىڭدىن — بېشىڭغا نۇر - زىيا.

چۈنكى، سەن قەلبىم بېغىنى گۇل - گۇلىستان ئەيلىگەن،
سۆيگۈ - ئىشقىڭدىن بېرىپ مول خەستە كۆڭلۈمگە شىپا.

## 3

ئىككىمىز قوشماق بولۇپ قىلساق پەلەكنى سەيلىگاھ،
بەرۇ كۆك ئاشىقلىرى بولسۇن ھەۋەستە مەھلىيا.

سۆيگەنمىز ئاتەشلىرىدىن نەۋقىران دىل نۇرلىنىپ،
مەڭگۈلۈك قىلسۇن ۋاپادار قەلبىمىزنى سەجدىگاھ.

ئىككى ئالەم سۆيگىنىمىزگە ئۈنمىسۇن ئازغان - تىكەن،
ئىشقى ئوتلۇق لەيلى - مەجنۇن… بىزگە بولسۇن قىبلىگاھ.

كۆزلىرى چىقسۇن رەشكتىن قەلبىنى مۇز قاپلىغان،
چالما يەڭلىغ ناتىۋان، دەرۋىش سۆپەتلىك ئەۋلىيا.

بىز ياشايلى ئىشقىمىزنى مىڭ قۇياشقا تەڭ قىلىپ،
گۈل بېغىم گۈلزارىنى مەڭگۈگە ئەيلەپ چارىگاھ.

4

ئۈزۈڭنى كېيەرگە يارقىن يىراق ئىتتىرمە ئۈلپەتنى،
يىگانە ئەۋلىيا بولساڭ تاپارسەن باشقا كۈلپەتنى.

تاپارسەن دوست بىلەن شەۋكەت، ئۇنىڭسىز بىر قەلەندەرسەن،
ئالالمايسەن تىلەپ ھەرگىز ئۈزۈڭگە زەررە ئىززەتنى.

سېنىڭ كۆڭلۈڭ چىمەن بولسا، بۇرادەر كۆڭلى بۇلبۇلدۇر،
چىمەن - بۇلبۇل ۋىسال تاپسا، كۆرەر كۆر مىڭ مەئىشەتنى.

غېرىبلىقتىن ئۆلۈم ياخشى، زىبالىق ئەرزىمەس خەستۇر،
تاپارسەن دوست ئارا كۆپلەپ ھاياتتا شىرنە - لەززەتنى.

سالام ئەيلە سەھەر - ئاخشام بۇرادەر — ياخشى يارەنگە،
كېرەك قىلما تاماخورلۇق يامان ئادەتنى — ئىللەتنى.

ئۈزۈڭنى چاغلىساڭ بىر ئەر، ھامان ئۈزگىنى شىر چاغلا،
ياشا كەمتەر بولۇپ مەڭگۈ، يوقاتما ئۇشبۇ خىسلەتنى.

قولۇڭدىن كەلسىلا ئەلگە ئاسايىشلىقنى يار قىلغىن،
پۇشايمان دامىغا چۈشمەي، غەنىمەت ئەيلە پۇرسەتنى.

بۇرادەر بولسا يۈز مىڭ كەم، رەقىب بىر بولسىمۇ كۆپتۇر،
ھاياتلىق بابىدا مەڭگۈ بىلىپ يەت بۇ ھەقىقەتنى.

بۇرادەر ئەلگە خىزمەت قىل، ھوقۇقنى قىلما تەمەننا،
ئۈزۈڭگە تىل تۇمار ئەيلە، ساداقەت ۋە مۇھەببەتنى.

1990- يىل، قەشقەر.

ئېلى قادىر

# شائىر ھەققىدە رىۋايەت

(باللادا)

خىيالىم ـ روھىمىنىڭ ئۇچقۇر ئەركىسى،
كېتىمدۇ پىكىرلەر باغرىغا سىڭىپ.
شائىرلىق ھەققىدە قەدىم قىسسىنى،
كېلىمدۇ شادلىقتا كۆكسىمگە تېڭىپ.

× ×

تۇمەنىمىڭ يىل بۇرۇن ھايۋانغا ئاتاپ،
شائىرلىق ئۇرۇقىن چېچىپتۇ تەڭرى.
تىرىك جان بەستىمگە بولۇپ بىر خىسلەت،
تولۇپتۇ جاھانغا شائىرلار كەڭرى.

بۇركۇتلەر ئىلھامغا بولسا مۇيەسسەر،
يېزىپتۇ: ئايلانسا گاڭغا جۇپ قانات.
پەرۋازىم سۇرىدىن تۆرۈلسە تاغلار،
ئالسامدىم باھادىر، جەسۇر، دېگەن ئات.

تاشلىسا كىم نىگاھ غەيرىي دىل بىلەن،
چوقۇسام شۇ ھامان، بولسا كۆزى كور؛
بەقۇۋۋەت تېنىمگە چىقمىسا تەڭداش،
پۈتۈلسە خىسلەتلەر ماڭا شۇنچە زور...

ئېشەكنىڭ ئىلھامى تاشقاندا قايناپ،
يايراپتۇ كۆڭلەرى ئارمانغا تولۇپ؛
باشقىدىن يارالسام بولسا جۇپ قانات،
قۇلىقىم ئورنىدا مۈڭگۈزۈم بولۇپ.

گاھ ئۇچۇپ ھارغاندا تۇلپارنى مىنسەم،
ئۇزۇقۇم بال-كەۋسەر (بولمىسا ھەلەپ)؛
شاھانە سىياقتا ياسانسام پۈزۈر،
قىلمايتتىم ھاياتتا ئۆزگىنى تەلەپ.

خىيالچان ئاھۇنىڭ غەمكىن كۆيلەرى
ياڭراپتۇ: «يارالسا تىنىچ، شاد ماكان.
بۆك ئورمان باغرىدا يايلىسام خۇشۋاق،
ۋەھشىلەر ئاڭا ھېچ باسمىسا تاپان».

دولقۇنلار ئەركىسى كۆيلەپتۇ بېلىق:
ئوكيانلار زېمىننى كەتسىدى يۇتۇپ.
غالجىر تور قاپقانلار ئەيلەنسە يەكسان،
پېشكەللىك بىزنى ھېچ تۇرمىسا كۈتۇپ.
...............................

يېزىپتۇ بارچىسى چاپتۇرۇپ قەلەم،
يات بولسا زار-كۈلپەت، تەييار بولسا نان؛
يايرىساق بېھىشنىڭ پەيزىنى سۇرۇپ،
ئەزرائىل بىر ئۆمۈر تىلىمىسە جان.

×

«شېئىر» دەپ تۇۋلاپتۇ ئارمانلىق شوئار،
چاڭقىغان دىللارغا بەرمەستىن بەھرى.
شېئىرغا قەلبىدىن ئاشىق ـ ئىنتىزار،
تەڭرىنىڭ بۇ ئىشقا ئۆرلەپتۇ قەھرى.

«شائىرلار» يوقاپتۇ شېئىرى بىلەن تەڭ،
كۆپ ئىكەن شېئىرغا يەنە ئېھتىياج.
ئادەمگە ئۇمىدلىك تاشلاپتۇ نىگاھ،
قىلماقچى بوپ تەڭرى بۇ ئىشقا ئىلاج.

«ۋىجدان»نى بېرىپتۇ ئىنسانغا ئاۋۋال،
«شائىر»لىق يۈكىنى كۆرۈپتۇ راۋا.
قېنىنى تامغۇزۇپ مىسرالار ئارا،
ئىنسانلار «ئىنسان»چە باشلاپتۇ ناۋا:

چاقناپتۇ قۇياشتەك مىسرالىرىدا،
ئەركىنلىك ئىلاھى — ئۆلمەس ئادالەت؛
زەر، مەرمەر بولۇقى — سۆيۈملۈك قۇياش،
ئىقبالغا تەلپۈنگەن يۈكسەك شىجائەت.

www.uyghurkitap.com



تۇراركەن سۆيۈلۈپ شائىر كۆيمىگە،
سادائەت بېغىدا ئېچىلغان چېچەك.
يۈلتۇزغا لەۋ يېقىپ ئۆتكەن ئىنقىلاپ،
خەنجەر تاغ بېشىغا ئارتىلغان لېچەك.

تارىسا ئىللەتتىن بەدبۇي جاراھەت،
كۆيلەردىن تېگىپتۇ نەپرەت قامچىسى.
ئۇندەپتۇ پەزىلەت قەسىرلىرىگە
تامسۇن دەپ خۇشپۇراق ۋىجدان تامچىسى.

بىلگەچكە شېئىرنى ۋىجدان جاكاسى،
شۆھرەتكە ھېچ ئۆمۈر قىلماپتۇ دەستەك.
ئەل قەلبى شېئىردا بولمىسا ئايان،
سېزەركەن ئۆزىنى ئىنسان ئەمەستەك.

بار ئىكەن شۇ زامان شۇنداق مۆجىزە…
ئىنسانغا ھۆكۈمران بىر تىلسىم سېھىر.
يۈزلىرى ئالاركەن كۆمۈر رەڭگىنى،
كىمدە كىم پۇل ئۈچۈن كۈيلىسە شېئىر.

شېئىرغا، شائىرغا بار ئىكەن ئۆلۈم،
ھەقىقەت شائىرى ياشاركەن ئۇزاق.
شېئىرى تۇنجۇقۇپ ئۆزىدىن بالدۇر،
رىياكار شائىرنى يۇتاركەن «دوزاخ».

× ×

بۇ قەدىم قىسسەدۇر قەدىم رىۋايەت،
چىنلىقى مەڭگۈگە يېگىندۇر ئەبەد.
نەقىش قىپ ئويۇڭلار كۆكسۈڭلەرگە دەپ،
قالدۇرغان ئەجدادلار مۇنداق ۋەسىيەت:

«يازايلى شېئىرنى ئىنسان قەدرىدە،
كەڭ جاھان ‹شېئىر› غا مەڭگۈ ئىنتىزار.
شائىرغا ئۆزگىنى كۆرمىسۇن راۋا،
شېئىردىن تەگىرنى قىلمايلى بىزار…»

ئابدۇللا ساۋۇت

## تاڭ ھەققىدە ئىككى غەزەل

1

سۇبھى كۆتەردى ئاق ئەلەم، كۆكنى مۇنەۋۋەر قىلدى تاڭ،
يار، باغ ئارا باستى قەدەم، ھۆسنىنى ئەنۋەر قىلدى تاڭ.

شۇئان ئېتىلدىم ئالدىغا، يار قاچتى، مۆكتى دالدىغا،
گۈلشەندە ھەر بىر غۇنچىنى بىر پەرۇ پەيكەر قىلدى تاڭ.

قايسى نىگارىم، قايسى گۈل، پەرقسىز ئۇزاتتىم ھەمدە قول،
يارنى گويا ئوكيان تېگى — پىنھاندا گۆھەر قىلدى تاڭ.

يۈردۈم چىمەننى ئاختۇرۇپ، يار نەدىسەن، دەپ ئاھ ئۇرۇپ،
گۈلگە تۇمانىنى سىڭدۈرۈپ، بوشلۇقنى زەڭگەر قىلدى تاڭ.

بەختىمگە سۇبھى تۇغدى نۇر، نۇردىن تۇغۇلدى ئەرك، غۇرۇر،
ئالتۇن قۇياشنى كائىنات ھۆكمىدە رەھبەر قىلدى تاڭ.

ئۇچراشتى كۆزلەر، چاقنىدى، مەڭزى ئارا نۇر بالقىدى،
گۈل ئىچرە يار ئالغان تىنىق - دەملەرنى ئەنبەر قىلدى تاڭ.

قەلبىم ھاياجان ئىلكىدە، جۇش ئۇردى قان تەن مۈلكىدە،
تۇتتۇم قولىدىن ، چىقتى يار، ئالدىمدا سەرۋەر قىلدى تاڭ.

باشلاندى سەيلى، گۈل پۇراپ، گاھ ئالدىغا ئۆتسەم قاراپ،
كىرپىكلىرىدىن سەپ تۈزۈپ كۆزلەرگە نەۋكەر قىلدى تاڭ.

قۇچتۇم بېلىدىن بىر قېتىم، بەرگەچكە رىغبەت جۈرئىتىم،
ئاشىقنى سۆيگۈ بابىدا مەردانە، قەيسەر قىلدى تاڭ.

تولغاندى يار دەپ، ئاھ... سارالڭ، شۇ سۆز بىلىندى خوش ئاھاڭ،
سۆيدۈم يېقىپ لەۋ، لېۋىنى قەنت، بالۇ كەۋسەر قىلدى تاڭ.

شۇئان قۇياش قۇتلۇقلىدى، گۈل تۇتتى يار، قولتۇقلىدى،
بۇ باغنى شادلىقتا بېزەپ جۈپلەرگە مەنزەر قىلدى تاڭ.

دەيدۇ پىدائى: بەختىمىز كۈلدى، ھېسابسىز كۈلكىمىز،
شېرىن ۋىسالغا تائەبەد بىزنى مۇيەسسەر قىلدى تاڭ.

2

تۈندىن قارايغان سۈبھىگە ئالەمچە ھىممەت بەردى تاڭ،
يەتتە پەلەككە — قۇيىشىغا نۇرانە سۆلەت بەردى تاڭ.

نۇردىن ياسالغان تۇغ - ئەلەم يەلپۈندى كۆكتە دەممۇ دەم،
نۇر لەشكىرىگە سەپ ئارا يەڭمەككە قۇدرەت بەردى تاڭ.

باشلاندى جەڭ شىددەت بىلەن، ئاھ ئۇردى تۈن ھەسرەت بىلەن،
زۇلمەت ئىلاھىغا ئەجەل جامىدا شەربەت بەردى تاڭ.

يۇلتۇز كىرەلمەي قەسرىگە، چۆكتى تۇمانىنىڭ قەھرىگە،
توپ - توپ بۇلۇتقا ئوق كەبى ئۇچماققا سۈرئەت بەردى تاڭ.

نۇر ئىلكىدە خەندان قىلىپ كۈلدى ساما جەۋلان قىلىپ،
كۆككە كۈمۈش رەڭلىك گۈزەل تىز سىزما سۈرەت بەردى تاڭ.

ئۇچتى يېقىملىق شوخ سابا، بوشلۇقتا تولدى ساپ ھاۋا،
پۈتكۈل جاھانغا ئەڭ شېرىن، مول نازۇ نېمەت بەردى تاڭ.

ئويغاندى باغ ناز ئۇيقۇدىن، بىر ئىزگۇ، تاتلىق تۇيغۇدىن،
جانلاندى جانلىق گۈل پۇراپ، دىللارغا لەززەت بەردى تاڭ.

نۇردىن زېمىن تاپتى ھايات، ئارزۇ قۇشى قاقتى قانات،
كۆل تاپتى بۇلبۇلنى، ۋىسال - سۆيگۈگە سۆھبەت بەردى تاڭ.

شۇ دەمدە چوغلاندى ئۇپۇق، كەيدى تەبىئەت زەر يوپۇق،
ئالەم گۈزەل، ئادەم گۈزەل، كۆزلەرگە جەننەت بەردى تاڭ.

قىلدى قۇياش تەشرىپ قەدەم، تەنھا، مۇقەددەس - مۆھتەرەم،
نۇر شاھىغا تا مەڭگۈلۈك بىر شانۇ شۆھرەت بەردى تاڭ.

باشلاندى كۈن شۇنداق يېڭى، تەكرارلىنىپ ئارزۇ تېڭى،
نۇردا بېزەلگەن روھقا چىن دىدارۇ نۇسرەت بەردى تاڭ.

ھەر دىلدا ھەر خىل غايە بار، مەنزىلگە ئالتۇن پايە بار،
شۇندا پىدائى قەلبىگە نۇر ياغدى، رىغبەت بەردى تاڭ.

**ئابابەكرى (تۇيغۇن)**

## شېئىرلار

### ئۇلار كىچىك قۇياشلىرى سەھرانىڭ

كۈلكە قۇچقان تۇپرا قىسىمان سادا چىرايدىن،
يۈرىكىمدە دولقۇنلىنار شېرىن تۇيغۇلار.
ئۆزىگە بەك ئوخشاپ كەتكەن سەھرا-شۇجايدىن،
تىلەكلىرىم تېپىپ ۋىسال كۈيگە چۇلغىنار.

گۈزەل قىلىپ قويغان ئۇنى زېمىن ئۇپىسى،
كۆچەر بىللە يالاڭئاياغ پۇتلىرىدا چاڭ.
كېلەر مېزىلىك تىنىقىدىن چامغۇر پۇرىقى،
كېزەر دىلدا ساددا، يېڭى بالىلارچە ئاڭ.

ئاھا! بالىلار قىر - قىرلارغا ئوينىشارمىنىپ،
«مۇدا» كىيىم ئۇچىسىدا (چوڭلاردىن ئاشقان).
كۈلگەرەڭداش بولۇپ قالغان يۇمشاق قولاقلار،
دولقۇن ئاتار تومۇرلاردا ئۇنسىز قىزىق قان.

دېيىشىدۇ ئۆيلىرىدە بولغان گەپلەرنى
ۋە ئۆزىنىڭ كۈنلىرىدىن بولۇشار مەمنۇن.
«دادام ماڭا ئېلىپ بەرگەن بىر جۈپ كەپتەرنى،
ئوبدان بېقىپ ئەتە - ئۆگۈن قىلىۋالىمىز
ئون...».

—ھە، ھوي ئاداش ئاڭلىدىڭمۇ ئەتە بازاركەن،
ئانام بىلەن دادام چوقۇم شەھەرگە كېتىدۇ.
بار، ئۆيۈمىنىڭ كەينىدىكى ئاپتاپلىققا سەن،
ئاكام قىشتا بەك چىرايلىق «كونكا» ئېتىدۇ!

— بوپ كېتىپتۇ دەيدۇ دادام، - ئاشلىق بەك ئەرزان،
ئېپ بېرەتتى يېڭى ئۆتۈك، بولمىسا ئۇنداق.
— يېرىم مېتىر رەخ پۇلىغا يارىمىش ئاران،
دانلىق - دانلىق ئوبدان پىشقان بىر چارەك قوناق...

..............................

ھەي - ھەي! ئۇلار پاراڭلىشار خۇددى چوڭلاردەك،
دەپ قويۇشار، بىراق قىلماس قىلچە غەم-ئەلەم.
بىر پەستىنلا شاد ناخشىسى يېتىپ كەلگەتەك،
شوخ ئاۋازى بىر-بىرىگە بوپ كېتەر ھەمدەم.

× ×

چۆجىلەرچە، ئۇلار شۇنداق ئۆسۈپ يېتىلەر،
كۆكتە ئۇچقۇ ئۇچسا، يەردە قوغلاپ يۈگۈرۈپ.
ئاھ، چوڭلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپ كېتەر،
ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ ئۇلار بىر-بىرلەپ.

كىچىك - كىچىك قۇياشلىرى ئۇلارسەھرانىڭ،
تېپىپ ئالار مىسكىن تۇپراق شۇلاردىنلا قۇت.
ساقلىنىغلىق يۈرىكىمدە تەختى ئۇلارنىڭ،
شۇ تەختتە ياشنار ئۇلار: مەڭگۈ بوپ مەۋجۇت!

## كېچە، ئايدىڭ ۋە تاقىر ھىلال

كېچە، ئايدىڭ ۋە تاقىر ھىلال،
غۇۋا نۇرغا كۆمۈلگەن ئەتراپ.
ئۈزۈپ يۈرەر توپ - توپ بۇلۇتلار،
كۆپۈكلەنگەن قايناMغا ئوخشاپ.

ئۈزمەكتىمەن دەريالار تامان،
مەس كېمەمنى قىيغىتىپ لەرزان.
ئۈزەر كۆكمۇ كېمەمگە يانداش،
جىمجىتلىقتا ئويچان - خىيالچان.

ئاي نۇرىغا قوشۇلۇپ ناخشام،
تۆكۈلمەكتە قىشلاقلار تامان.
سالقىن شامال سۈركىلىپ گويا،
ئېلىپ كېلەر توق يېشىل تۇمان.

ئانام-ئانام بولۇپ بۇزرۇكۋار،
چۈشلىرىدە قىلماقتا دېرەك.
كۆرۈنمەكتە گويا نۇرلىنىپ،
ھوجرامدىكى بىر تۈپ ئاق تېرەك.

كېچە، ئايدىڭ ۋە تاقىر ھىلال،
كۆمۈش نۇرغا كۆمۈلگەن ئەتراپ.
تەنھا كېمەم ھالاكىتىگە،
تۇمشۇقىنى قويار ئاستىلاپ...

## تىترەك تۇيۇش

— روس شائىرى سېرگىي يېسىنىنگە بېغىشلاپ

قەدىم تۇپراق يىراق روسىيىگە،
ئاھ! پەرىشان قارايمەن ئۇزاق.
كۈز پەسلى بۇ، ئۇندىن شامالLار
يۈدۈپ كېلەر بىر تالاي قوشاق.

ياش ئارىلاش تۈزلۈق مىسرالار،
ئاچچىق - چۈچۈك، قاڭسىق ۋەمېزلىك.
ئۇ قىسسەلەر سۆزلەيدۇ مۇڭلۇق،
بىر يۈرەكتىن دەردلىك - ھەسرەتلىك.

ھەي!
ھەيكىلىڭ كۆرۈنەر غىل - پال،
ساپ يۈرەكلەر مېھرىدىن پۈتكەن.
مەن بىتەلەي، يېسىنىن سەنمۇ —
بۇ ئالەمدىن بەختسىز ئۆتكەن.

بىزگە ئەجەب بولماپتىكەن يار،
ئېغىر تىنىپ —
بېقىشىش بىر رەت.
ئۇ دۇنيادا چوقۇم پۇرسەت بار،
بىز ھەييامغا بولغاندا ئۈلپەت!

## بايقىسام

باغقا كىرسەم باغ ئارا بىر گۈل كۆرۈندى بايقىسام،
نەكى ئۇ گۈل، چاچلىرى سۇمبۇل كۆرۈندى بايقىسام.

يار ئۇچۇن كەتكەن ئېچىرقاپ كۆزىمە تىكسەم ئاڭا،
بويىنىڭ زىلۋالىقى بىر قىل كۆرۈندى، بايقىسام.

www.uyghurkitap.com

ئوت بولۇپ يانغان كۆزىدە «يالت» قىلىپ باققان ئىدى،
ئالدىدا ئۈنىلىك قۇياش پىل - پىل كۆرۈندى، باقسام.

ياغدى شۇ ئاي ھۆسنىدىن تال - تال تەبەسسۇم نۇرلىرى،
شۇ سەۋەب كىرسىز پەقەت پاك دىل كۆرۈندى، باقسام.

«...ئاھ گۈزەل!... مەن ... سىز ... » دېسەم «كۆزۈڭنى ئېچىپ باق» دېدى،
ھەتتەگەي، قاشىدا بىر بۇلبۇل كۆرۈندى، باقسام.

ماڭا ئەمەس جىلۋىسىدىن مەس بولۇپ قالدىم ئېزىپ،
تاق يۈرەك ئۆز پېتىچە، چۆل - چۆل كۆرۈندى باقسام.

ئاڭلىغان بۇنى خالايىق دېمىسۇن «تۇيغۇن سارائ»
كىم ئىشىققا مۇپتىلا شۇ قۇل كۆرۈندى، باقسام!

**مۇختار سوپى**

## لىرىكىلار

### ئاداققى سەھەر مەدھىيىسى

1

چۈشلىرىمنى كەتتىك ئوغرىلاپ،
كەلدىڭ يەنە قىلىپ تەبەسسۇم.
قالدى چىغىر يوللاردا ئارمان،
ئاخىرلىشىپ ئاسايىش مەۋسۇم.

مەن بېغىشلاپ ساڭا كېچەمنى،
تۇنەپ چىقتىم ئۇندا يىگانە.
تەييارلىغان سۆزلىرىم ساڭا،
قالدى ئەمدى مەڭگۈ پىنھانە.

سۈرەن سالدۇق ئۇندا بىر ھازا،
سەن ئىشەنمەي ماڭا، مەن ساڭا.
خەيرلەشتۇق ئاشۇنداق سىرلىق،
ئاڭلانمىدى ھېچقانداق سادا.

يورۇپ كەتتۇق ھەر ياققا جىم - جىم،
چاقنىماقتا نۇر ئېچرە سەھەر.
بىزگە ئەمدى بولۇپ قالدى سىر
كەلگۈسىدە كىم قۇچار زەپەر.

2

بىز ئاشۇنداق ئايرىلدۇق جانان،
ئىللەشمىدۇق بەخت، مۇزەپپەر.
بىر مەزگىللىك سۆيگۈدىن كېيىن،
يۇتۇۋالدۇق بىر قەدەھ زەھەر.

ئېسىڭدىكى كۈيلىرىم سېنى
قىلغان بەلكىم ماڭا ئەمدى زار.
ئايان بىزگە بولالمايمىز جەم،
ياشىساقمۇ بولۇپ ئىنتىزار.

بىز ئاشۇنداق سۆيۈشكەن جانان،
بىز ئاشۇندۇق خوشلاشتۇق يەنە.
ئازابلىنىپ سۈرىمەن خىيال
سەن ھەر قېتىم كەلسەڭ ئېسىمگە.

### سەھرادىكى مۇھەببەت

تاسادىپىي قالدۇق ئۇچرىشىپ،
ھوجرىڭىزغا كىرمىدىم بىراق.
ئۆلگەن ئادەت كۆتۈرۈپ چۇقان،
شادلىقىمغا بولدى تام - توساق.

ئەجەب مەيىن بۇندىكى شامال،
ئەجەب زۇمرەت زەڭگەر رەڭ ئاسمان.
ئاسادىيمى ئۇچرىشىش ماڭا
بېغىشلىدى يوقالماس ئارمان.

پىچىرلامدۇ سەھرا يۇلتۇزى،
چۆكۈپ كەتسەك قەدىم ئورمانغا.
قارشى ئالار بەلكىم بۇ كېچە،
دال بولساق بىز ئىزگۈ ئارمانغا.

ئەي، سەھرانىڭ ساددا گۈزىلى،
ئەجەب قىسقا بۇ ياشلىق ھايات.
بۇ ئاداققى پۇرسەتلەر قىممەت،
كۈرۈشكىچە بولمىغىن مامات.

يات ئارىدا كېتىمەن بۇندىن،
قالار بىزگە گۈزەل خاتىرە.
ئەسلىشەرمىز يىراقتا تۇرۇپ،
شېرىن چۈش ۋە ئازابلار ئىچرە.

...غا

مەن ئىزلىگەن ئاسايىش نىگاھ،
ھاياتلىقتىن كەتتىمۇ ئۇچۇپ؟
گوگۇمدىكى ئاداققى ئۈمىد
يا بىرسىگە قالدىمۇ كۆچۈپ؟

بىر تەشۋىشلىك ئىنتىلىش ئىچرە،
قالدىم سېنى ئۇپۇقتا كۆرۈپ...
ھېچ بىلمىدىم ئۆزۈمنى زىنھار،
يا قالدىمۇ مەن ساڭا كۆيۈپ؟

**چاقنىماقتا چۆپلەردە شەبنەم ...**

سەھەر چېغى سۈزۈلگەن ئۇپۇق،
خىيالىمغا گۈزەللىك ھەمدەم.
دېرىزەمگە چۈشمەكتە يورۇق،
چاقنىماقتا چۆپلەردە شەبنەم.

باش باھارنىڭ مەيىن شامىلى
گۈل بەرگىنى ئۆتمەكتە سۆيۈپ.
يىراقلارغا قاراپ خىيالى
بارماقتىمەن قىرلاردىن ئۆتۈپ.

ماي قوڭغۇزى پارقىراپ بۇدەم،
ئېكىنزارغا قىلماقتا سەپەر.
ئاچچىق - چۈچۈك تىلدا كۈيلىسەم،
ناخشىلىرىم يىراققا كېتەر.

چاقنىماقتا چۆپلەردە شەبنەم،
گۈزەللىكلەر قەلبىمنى قۇچار.
قوغلاپ يۈكسەك تۇيغۇنى بۇدەم —
خىياللىرىم يىراققا ئۇچار.

1990 - يىل ئۆرۈمچى - قەشقەر.

**تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم**

## شېئىرلار

### كۆتۈش

قولۋاق بولۇپ تۇرار ھىلال ئاي،
ئاسمان گويا پايانسىز ئوكيان.
يارنى كۈتەر تەشنا قىز چولپان،
ھەر تەرەپكە قاراپ توختىماي.

ئاسمان گويا پايانسىز ئوكيان،
تۇرار لەيلەپ بىرلا ئاي قولۋاق.
ئېسىت، يىگىت كەلمىدى پاتراق،
چولپانقىزنى قىينايدۇ ھىجران.

تۇرار لەيلەپ بىرلا ئاي قولۋاق،
پاھ، ئوكيانغا چولپانقىز نازىر.
يىگىت نەدە يۈرەركىن ھازىر،
ۋەدىسىدە تۇرالماي،
...ئەخمەق!...

كەڭ ئوكيانغا چولپانقىز نازىر،
لىڭشىتىدۇ بۇلۇتلار پۆپۈك...

سۇ ھارغاندا چاچرىتىپ كۆپۈك،
قۇياش چىققىنى
چاقىنچە گازىر...

لىكشىتىدۇ بۇلۇتلار پۆپۈك،
گازىر چاقار قۇياش ئاسماندا.
ئاي قولۋاقنى كۆمدى شۇ ئاندا،
ئاق نۇر بولۇپ تۆكۈلگەن شۆپۈك...

## غەلىتە سۆيگۈ

مەن سېنى سۆيىمىدىم، سۆيمەيمەن ئەبەد،
تۇرۇقىڭدىن تۇرىسەن ماڭا كۆيگەندەك.
شۇ ئۈچۈن ھەر دائىم ھەمراھ ماڭا دەرد،
ۋە لېكىن ئەپتىڭ يوق مېنى سۆيگەندەك.

تۇرۇقىڭدىن تۇرىسەن ماڭا كۆيگەندەك،
كۆيگەندەك ھەر كۈنى سەن ماڭا مېھمان.
ھېسلىرىم بولغاچقا گۆدەك، بەك گۆدەك،
ئالدايسەن سەن مېنى، ئالدايسەن ئاسان.

كۆيگەندەك ھەر كۈنى سەن ماڭا مېھمان،
سەن ئۈچۈن پايخاندۇر تاپقىنىم، نەرسەم.
ئەركىلەپ خانەمنى ئاختۇرۇپ ھامان،
ئالىسەن،
ئالىسەن، نېمەڭ بولسا كەم.

سەن ئۈچۈن پايخاندۇر تاپقىنىم، نەرسەم،
قەدرىمنى بىلمەسەن، بىلمەمسەن تېخى!
بۇ ئايان: پۇراپ دەپ گۈل-چېچەك تەرسەم،
ئۇ سېنىڭ،
ئۇ سېنىڭ...
ھەتتاكى شېخى...!

قەدرىمنى بىلمەسەن، بىلمەمسەن تېخى،
بۇ ماڭا نامەلۇم، بىلەرمۇ خۇدا...
چۈشىنىپ قالغانسەن،
مەن شۇنداق سېخى،
كېلىسەن،
كېلىسەن، كۈتىمەن ئۇدا...

بۇ ماڭا نامەلۇم، بىلىدۇ «خۇدا»
ناخشامدىن رەنجىمەسەن، ئالامسەن لەززەت؟!
سەن مەندىن، مەن سەندىن بولمىدۇق جۇدا،
ئېيتقىن، بۇ بىزدىكى قانداق مۇھەببەت؟!

سەن غەمسىز، لېكىن مەن چېكىمەن ھەسرەت،
ئېيتقىن، بۇ بىزدىكى قانداق مۇھەببەت؟؟؟

## قۇياش ۋە...

نۇرلۇقسەن، نۇرلۇقسەن قۇياشقا ئوخشاش،
نۇرلىرىڭ تەنلەرنى پارچىلار تېشىپ.
ھەي سېنىڭ ئالدىڭدا نېمە ئۇ قۇياش،
سېخىلىق بابىدا چۈشىسەن ئېشىپ!...

ھەي! سېنىڭ ئالدىڭدا نېمە ئۇ قۇياش،
ئۇ قۇياش نۇر چاچار كەڭرى ئالەمگە.
ۋە لېكىن كېچىسى نامەردلىكى پاش،
نۇر چاچماي ياتىدۇ پېتىپ ئەلەمگە.

ئۇ قۇياش نۇر چاچار كەڭرى ئالەمگە،
ۋە لېكىن مەردلىكتە ئىككەنغۇ يېرىم؟!
سەن تەڭ نۇر چاچارسەن ھەممە ئادەمگە،
سېخىلىق ساڭىلا خاسكەن،
يا پېرىم!!!...

قاسىم ھاشىم

## شېئىرلار

### كىمىكى ئەجرىمىز ماختانسا مەندەك

ئەجدادىم يارىتقان تۆھپىلەر بىلەن
ماختىنىپ ياتمايمەن، بولدى ئەندى بەس.
ئەجرىمىز ماختىنىپ، تاشلاندىم مازا
نادانلىق چۆلىگە. باستى مېنى نەس.

× ×

ئەجرىسىز، ماختىنىپ كەتتىم ماداردىن،
باشقىلار ئۇچۇشسا كۆكتە - سامادا.
ئەجرىسىز ماختىنىپ بولدۇم بىر سائىل،
ئۆزگىلەر قولىغا باقتىم تامادا.

ئەجرىسىز ماختىنىپ يۈرۈپ لاغايلاپ،
ئىسىۋەم - بەختىمۇ كەتتى قولۇمدىن.
ئەجرىسىز ماختىنىپ قالدىم يالاڭئاياغ،
تىكەنلەر قۇت تاپتى يۇمشاق پۇتۇمدىن.

ئەجرىسىز ماختىنىپ بولدۇم خار - يېتىم،
ئايرىلىپ يار - دوستتىن، تولدۇم پىراققا.
ئەجرىسىز ماختىنىپ ئۆچتى ئۇنۇمۇ،
سادايىم يەتمىدى ھېچبىر قۇلاققا...

ئەجدادىم ياراتقان تۆھپىلەر بىلەن،
ماختىنىپ ياتمايمەن بولدى ئەندى، بەس.
كىمكى ئەجرىسىز ماختانسا مەندەك،
ئاھ، ھايات يولىدا باسار ئىكەن نەس!

### سۆيەلمىدى

مېنى سۆيدى —
قۇياش، تولۇنئاي.
مەنمۇ سۆيدۈم
چوغدەك لەۋلەر،
گۈل يۈزلەرگە، توختىماي.
ئۇلارمۇ سۆيدى مېنى
چىن مېھرى بىلەن
ئەبەدى ئۇنۇتمىسۇن دېگەندەك؛
بىراق سۆيەلمىدى،
ئاھ ئانا،
ئۆزۈڭ مېنى سۆيگەندەك...

### ياشلىق

ياشلىق — ئۇ باھار،
ۋىسال دېمىدىكى مەھبۇپ ئىنىقى؛
ياشلىق — گويا گاڭ قانات،
(چوققىلار سەتھىگە تاشلىغان سايە)،
ياشلىق — كلاسسىك گۈزەللىك كۈيى.
تىترىتەر...
ھەر بىر ئىنسان قەلبىنى
لېكىن،
ئۇ ھېچكىمگە مەنسۇپ ئەمەس ئەبەدى.
ساڭىمۇ،
ماڭىمۇ...

### سەن قېشىمدا بولساڭلا جېنىم

سەن قېشىمدا بولساڭلا جېنىم،
سېلىنىدۇ ئىللىمغا قۇلۇپ.
سەن يېنىمدىن كەتسەڭلا جېنىم،
قەلبىم كېتەر ھەسرەتكە تولۇپ.

سەن قېشىمدا بولساڭلا جېنىم،
پەرۋاز قىلار سۆيگۈ كەپتىرىم.
سەن يېنىمدىن كەتسەڭلا جېنىم،
ئاۋۇپ كېتەر ھەسرەت دەردلىرىم.

سەن قېشىمدا بولساڭلا جېنىم،
شادلىق مېنى ئالىدۇ ئوراپ.
ئۇچراشقاندا شۇڭا سەن ئۇچۇن،
كۆز يېشىمنى قىلىمەن شاراپ.

**نۇرۇللا خېلىل**

### ئوچاق بېشىدا

كۆيىدۇ ئوچاقتا گۈلخان يېلىنجاپ،
ئولتۇرار بىر موماي ئوتنى كوچىلاپ.
(بوۋىسى باغقا قىلغانتى سەپەر)،
كۆزىگە كۆرۈنەر يۈرەك پۈچىلاپ،
دەريا ھەم ئورمانلىق، گوگۇملۇق سەھەر...

مارايدۇ رۇجەكتىن جىۋەك تولۇن ئاي،
كەپىنەك ئىچىگە نۇرىنى سېپىپ،
ئەسلىتەر مومايغا ئۇنتۇلماس چۈشىنى.
لەۋلىرىدىن ئۆرلەتكەن شېرىن بىر تىترەك،
ئاق كېچە، تۈنجى رەت، تۈنجى سۆيۈشنى.

ئوچاقتا يۆلىنىپ جىلمايدى موماي،
قولىدىن لاخشىگىر چۈشتى كولۇڭغا،
كىرپىكلەر جۈپلەشكەن ئاشۇ دەقىقە،
باشلايدۇ خىيالى خىلۋەت بولۇڭغا،
تەۋرىنەر يۈرىكى سۆيگۈ ھەققىدە.
......................

ئاقارغان چاچلىرى سۇس ئوت نۇرىدا،
كۆمۈشتەك يالتىرار نەپەس ئۆزگىچە.
چېكىدۇ ئىشىكنى ئالدامچى شامال،
ھە، مانا بوۋىيى كەلدى يېنىغا.
ياسىنىپ خىيالەن ئۇ ئارتتى رومال،
ئايلاندى دالىنى تەنھا بىر كېچە.

**مۇھەممەتتۇرسۇن ئەخەت**

## باھار ھىدى تۇغۇلغانمۇ تىنىقىڭدىن؟

باھار ھىدى تۇغۇلغانمۇ تىنىقىڭدىن؟
تىنىقىڭدىن باھار ھىدى گۈپۈلدەيدۇ.
بۇلبۇلگويا ئەنداز ئالغان كەرەشمەڭدىن،
تۇزدەك گۈزەل قانات يايغان ناز-جىلۋەڭدىن،
يۈرەكتە ئوت بىقارارلا گۈرۈلدەيدۇ.

سېغىنچىمنى ئاۋۇندۇرۇپ تەبەسسۇمىڭ،
يەم قىلىپ كەتتى چۈشلىرىمنى خۇلۇقلىرىڭ.
ۋۇجۇدۇمنى قۇچۇپ تاتلىق بىر ئىزگۈ مۇڭ،
سىڭىپ كەتتى سۆيگۈم تامان شوخ ئۇزلۇقۇڭ،
پەرۋازىمغا پەرۋاز قاتتى قىلىقلىرىڭ.

سېنىڭ ئاشۇ ئوتلۇق، ئوماق نىگاھلىرىڭ،
تەخىرسىزلا ئاستى مېنى «دار» لىرىڭغا.
«دار» ئۈستىگە بەخت تۆكتى سىماھلىرىڭ،
نە بەختكى، سۆيگۈ بەردى ئاگاھلىرىڭ،
شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەن چېغىم ئاڭلىرىڭغا.

باھار ھىدى تۇغۇلغانمۇ تىنىقىڭدىن،
دىمىقىمدا تويۇلىدۇ ھوزۇر - ھوزۇر.
ئىلاھى ئوت لاۋۇلدار كۆز چانىقىڭدىن،
ھەر نۇر خىرە بولۇپ كېتەر يانىقىڭدىن،
بۇ گۈزەللىك بىر-بىرىدىن پۇزۇر-پۇزۇر.

ئوچۇرغاندا قاشلىرىڭنى ھەيھات دېدىم،
تۆكۈلگەندە كىرپىكىڭدىن نۇردەك جۇلا —
ئوينىمايلى ئەمدى جېنىم «شاھمات» دېدىم،
ھېسلىرىمغا ئاجايىپ بىر كۆيقات دېدىم،
كۆتۈرۈلدۈم پەرلەر قېقىپ ئەرشكە گويا.

مەن ئالەمدە تاپتىم سەندىن سۆيۈلۈشنى،
سۆيدۈرۈشنى بىلگەنلىكىم ئەڭ چوڭ بەخت.
خۇراپ كەتمەي قەدىرلەيمەن كۆيۈلۈشنى،
بەرگىن ماڭا پاك ھىدىڭدا يۇيۇلۇشنى،
شاھ تەختىدىن مۇقەددەستۇر بىزنىڭ تەخت.

**مېھرىنگۈل مۇھەممەت**

## ئاشىق ئىكەنسەن ، ئاشىقتىم مەنمۇ

### كەلمە دېسەڭمۇ

كېلىمەن، كېلىمەن، كەلمە دېسەڭمۇ،
سەن ئۈچۈن ئۆلىمەن ئۆلمە دېسەڭمۇ.
بىر ساڭا كۆڭلۈمنى بېرىمەن مەڭگۈ،
سەن ماڭا كۆڭلۈڭنى بۆلمە دېسەڭمۇ.

ئىشقىڭنى سورايمەن، تەلمۈرۈپ ساڭا،
قەلبىمنى چۈشەنمەي «تەلۋە» دېسەڭمۇ.
ئاشىقلىق ئازابتۇر، چىدايمەن ئەمما،
كۆيىمەن ھىجرىڭدە كۆيمە دېسەڭمۇ ،

AltunOq

سېغىنىپ ئىزدەيمەن باشقان ئىزىڭنى ،
قىلمىغىن ئاۋارە سارالىك ، دېسەڭمۇ .
بىر كۈنى كۆڭلۈڭنى ئۇتىمەن جەزمەن ،
كۆيگەننى قۇرۇق بىر پارالىك دېسەڭمۇ.

## كۈتىمەن سېنى

تۆكۈلمىسۇن بىھۇدە، يېشىلىك ،
ھېجران كۈنى ئۆتۈپ كېتىدۇ .
ئاق يول بولسۇن، سېنىلىك بىلەن يار —
كۆڭلۈم ھامان بىرگە كېتىدۇ .

ئازابلارنى ئۇنتۇپ ئۈمىدتە ،
سىناقلارغا بېرەيلى بەرداش .
چىن سۆيگۈمىز كۈلسۇن بەختتىن ،
قارىچۇقلاردا قۇتىرىمىسۇن ياش .

## تونىجۇقىمسۇن يۈرەك سۈكۈتتە !

قارىچۇقۇمدا قېتىپ قالدى، ئاھ !—
سۆيگۈ بىلەن تولغان ۋۇجۇدۇك .
كۈل قىلارمۇ نىگاھلىرىڭ يار ،
ياشنىتارمۇ سەبىي غورۇرۇك .

ۋەسلىڭ ئۈچۈن چېكىمەن پەرياد ،
ئىشقىڭ ماڭا ھەمراھدۇر ھامان .
دەشتلەرنى كېزىمەن تەنھا ،
ھېجرانىڭدا رۇخسارىم سامان .

تەشۋىشلەرگە تولغان يۈرىكىم ،
ھېچ بىلمەيمەن ئارام تاپارمۇ ؟
بىلسەڭ ساڭىلا تەلمۈرەر يۈرەك ،
شېرىن تاڭلار - بىزگە ئاتارمۇ ؟

## ئاشىق ئىكەنسەن، ئاشىقتىم مەنمۇ ...

سولغۇن چىرايىم كۆزدىكى ياپراق ،
يوچۇن تەلمۈرۈپ ساڭا قارايمەن .
بىلسەڭ ئىدىڭ گەر يۈرەك سۆزۈمنى ،
ئۆمرۈمدە سەندىن سۆيگۈ سورايمەن .

ۋەسلىڭنى تىلەپ باقسام ئۈمىدتە ،
مەندەك ھەسرەتتە يۈرۈپسەن سەنمۇ .
كۆيۈپ ئوتىدا باشقا بىرسىنىڭ ،
ئاشىق ئىكەنسەن، ئاشىقتىم مەنمۇ ...

**ئابابەكرى جاپپار**

## تونەيمەن ئىشقىڭنىڭ سەھرالىرىدا

ئۇۋچىدىن ئۆركىگەن ئاھۇ مىسالى،
تونەيمەن ئىشقىڭنىڭ سەھرالىرىدا.
نىگاھىڭ مەن ئۈچۈن ئوزۇقھەم زەھەر،
سارالىمەن سۆيگۈنىڭ ئەسرالىرىدا.

خىيالى جەننەتنى باغاش ئېتىمەن،
گۈزىلىم، بىر مەررە نۇرلانسا كۆزۈڭ.
ۋە لېكىن ھوشسىزمەن، تومۇردا زەرداب،
پىمەھەل تۇتۇلسا ئالمىرەڭ يۈزۈڭ.

نەھاجەت مۇنچىلىك تەئەددى قىلىش،
گۇناھمۇ ۋە ياكى سېنى سۆيگىنىم.
قىينىما ھېجرىڭنىڭ دەشتىدە ئەمدى،
ۋەسلىڭدىن مەي بېرىپ مېنى دىلبىرىم.

× ×

ۋەسلىڭگە يەتكۈزگىن ۋە يا يەتكۈزمە،
ئاتىدىم بۇ جاننى سۆيگۈڭ يولىدا.
نەئارمان، ئەگەر مەن ۋىسال تاپمىسام،
جان بېرىپ كۆزيۇمسام، ئىشقىڭ قولىدا.

**تۇرسۇنگۇل ئابدۇراخمان**

## چۈشلىرىمدە سۆيىمەن قانىماي

قارىچۇقلىرىم خۇددى ئاپپارات،
سۈرەتلىرىڭ ئۇندا مۇجەسسەم؛
سۆيگۈلىرىڭ مەن ئۈچۈن ئوكيان،
ئاھ مەيلىمۇ يەلكەنسىز چۆكسەم؟

مېھرىڭ گويا شەربەتلىك بۇلاق،
سۆيگۈلىرىڭ ئوخچىغان دىلدا؛
ئۇنچىلىرى قەلبىمدە نەقىش،
تەگرى شۇنداق قىلغانىمۇ ئىدا؟

قەلبىڭ ماڭا بىلمەنەر ساما،
ئەركىن قانات قاقىمەن ھارماي.
بولساڭمۇ گەر مېنىڭدىن يىراق،
چۈشلىرىمدە سۆيىمەن قانماي!

**ھەبىبە زەيدىنجان**

## قەلب كۈيى

«سەن مېنىڭ نۇرانە قۇياشىم» دەيسەن،
پاك سەبىي قەلبىمگە مەستانە بولۇپ.
بىلەمسەن قۇياشمۇ ئادامچى چۈنكى —
كېچىسى يوقىلار، كۈندۈزى يورۇپ.

«سەن مېنىڭ خۇشپۇراق توزىماس گۈلۈم»
دېدىڭسەن يۈزلىرىڭ شەلپەردەك بولۇپ.
ئەپسۇس، گۈل چىرايلىق بولغىنى بىلەن،
پەسىللەر ئالماشسا كەتمەمدۇ قۇرۇپ!؟

«سەن مېنىڭ قەلبىمدە تولۇن ئاي» دېدىڭ،
ئويلىماي دېدىڭمۇ، ئويلاپمۇ ئىگار؟
تولۇن ئاي تۈندىلا يورۇتۇپ زېمىن،
يوشۇرۇپ يۈرمەمدۇ كۈندۈزى دىدار.

بولدى بەس! ئوخشىتىپ يۈرمىگىن مېنى،
كۆكتىكى ئاي، قۇياش، باغدىكى گۈلگە.
قەلبىڭدە چىن سۆيگۈ بولسىلا ماڭا،
كەل جېنىم، تائەبەد ياشايلى بىرگە.

**مۇھەممەت ئالماس**

## رۇبائىي ۋە پارچىلار

ئۆزۈمگە ھەر كۈنى قىلىمەن خىتاب:
قىسمەتتىن زارلىنىپ بولمىغىن بىتاپ!
دورىما نائىنساپ، ساختىپەزلەرنى،
تەر تۆككىن، ھالالدىن ئۆزبەختىڭنى تاپ.

× ×

ئەي ساقى، دىلىمگە بەرمىگىن ئازار،
تىلىكىم: ئالەمدە ئۆتسەم بىغۇبار.
ۋە لېكىن كۆڭلۈمنى غەش قىلدى بىر ئىش،
تەييارتاپ، نادانىدىن بولدۇم بەك بىزار.

× ×

ئۆزگىدىن نەپ تىلەپ كۈتمىگىن مەدەت،
تۆكمىسەڭ تەر ساڭا، تەل بولماس «جەننەت».
ئۆزگىنىڭ تاجىغا قىزارتقىچە كۆز،
گۈل قىسساڭ ئەجرىڭدىن ساڭا شۇ زىننەت.

× ×

«قونسا دۆلەت بىر چۈمۈلىنىڭ بېشىغا،
سۇمرۇغ كېلۇر تازىم بىلەن قېشىغا».
سەن ئۆزۈڭنىڭ دۆلىتىدىن كىبىرلىمەي،
ھەمدەم بولغىن ئەلنىڭ كۆلكە يېشىغا.

× ×

بەرسە كىم بىر نانىنى «ھاتەم» دېمىگىن،
مەردلەرگە توشتى بۇ ئالەم، دېمىگىن.
ئادەملەر ئىچىدە ئادەم بار مىڭ خىل،
سىرىنى بىلمەيلا «ئادەم» دېمىگىن.

ئىمىن دەريا

## ئۇمىد ۋە تەلەپ

### مۇقەددىمە

بايان قىلدىم يازغۇچى-
شائىرلارغا تەلەپنى.
ئوقۇپ ئۆزى ئاڭلىسۇن،
تەلەپتىكى سەۋەبنى.

ژۇرناللاردا كۆرمىگەچ،
جەڭچىلەرنىڭ ئىزدىنى.
ۋاكالىتەن يازدىمەن،
ئۇلارنىڭ قەلب سۆزىنى.

### قەييۇم تۇردىغا:

«جۇڭغارىيە يۇلتۇزى»
بۇ چاغقىچە پۈتكەندۇ.
مۇھەررىرلەر قول قويۇپ،
باسىلغىنىمۇ ئۆتكەندۇ.

گازارمىدا جەڭچىلەر،
كېيىنگىزنى كۆپ قىلدى.
ماڭىمۇ كۆز ئالايتىپ،
«گەپ قىلە» دەپ دوق قىلدى.

ئۇنداق قىلماڭ قەييۇمكا،
يېزىپ قويۇڭ بىزنىمۇ.
چېگرادىكى جەڭچىلەر،
ئۇنۇتمايدۇ سىزنىمۇ.

### ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرگە:

«ئىز» دېدىڭىز ۋارقىراپ،
ئېچىپ تارىخ بېتىنى.
كۆردۇق ئۇندىن ھەسرەتتە،
تۆمۈرنىڭ كۆز يېشىنى.

گازارمىدا بىزگە يار،
«ئۆتكۈر» دېگەن ئېتىڭىز.
لېكىن يوقتۇر بىز ئۈچۈن،
يازغان بىر قۇر خېتىڭىز.

ئىلھامىڭىز كەلگەندە،
يېزىپ قويۇڭ بىزنىمۇ.
يادىمىزدىن چىقارماي،
ئەسلەپ تۇردۇق سىزنىمۇ.

### زوردۇن سابىرغا:

ھاجى بولۇپ ھەج قىلىپ،
خونجىراپتىن ئۆتتىڭىز.
ماختاپ بەيتۇل ھەرەمنى،
ئۇزۇن قىسسە پۈتتىڭىز.

كۈتكەندۇق ئىزدىلاپ،
خونجىراپتا سىزنى بىز.
ئۇرۇمچىگە بېرىپلا،
ئەجەب ئۇنتۇپ قالدىڭىز.

«يازاي» دېگەن سىز پوۋېست،
تەسىرلىنىپ شۇ چاغدا.
پوۋېست تۇگۇل نەسىر يوق،
قالدۇق مانا بىز داغدا.

### ئەخەت تۇردىغا:

گازارمىدا خۇشاللىق،
ھەمراھ قىلىپ «گۈلخان»نى.
كۆرمىدى دەپ ئويلىماڭ،
«توققۇز كۈنلۈك ماكان»نى.

شۇ «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»،
كۆڭلىمىزنى يورۇتتى.
ئۆتمۈش كۈننى ئەسلىتىپ،
تارىخنىمۇ تونۇتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دېدۇق كۆكۈل يېرىم بوپ:
«ئەخەت تۇردى نەدىسىز؟»
ئىچۈن بىزنى يازمايسىز،
باتۇق* چىلىك يوقمۇ بىز؟ .

**مىرزاھىد كېرىمىگە:**

«جۇدالىق» دەپ ياش تۆكۈپ،
بوشىغاندۇ ئىچىڭىز.
ئەمدى خۇشال ئۆتەمدۇ،
كۈندۈزى ھەم كېچىڭىز؟

«قانا تلانغان تىلەكلەر»،
ياخشى كۈنلەر يار بولۇپ.
«پەرىزات» قا كۆيۈپ سىز،
ۋىسالىغا زار بولۇپ.

شائىر ئاكا ئويناپلى،
گازارىمىغا بىر كېلىڭ.
يازمىڭىزغا يارامدۇق،
قاراپ بىزگە كۆز سېلىڭ.

**ھاجى ئەخمەتكە:**

«بوۋاق» ئىدۇق چوڭ بولدۇق،
«تۇغۇلغان يەر» پەپىلەپ.
شائىر ئاكا، كەچۈرۈڭ،
قويدۇق سىزگە ئەركىلەپ.

يازغانتىڭىز بىر داستان،
نامى «چىگرا بۇركۈتى».
ھا ياجانغا سالغانتى،
شېئىرىڭىزنىڭ سۈلكىتى.

ئەمدى «پامىر ئىلھامى»،
كەلمەيدىكەن نېمىشقا؟
يوقمۇ ياكى ۋاقتىڭىز،
جەگچىلەرنى يېزىشقا؟!

**تۇرسۇن ئىيازغا:**

«كۆكۈل» دەيسىز تۇرسۇنكا،
كۆكۈلنى بەك ئايايسىز.
«ئاچا - سىڭىل» نەدە دەپ،
دېرىزىدىن مارايسىز.

«قىزىقارلىق ئادەتلەر»،
بىزدىمۇ بار بىلەمسىز؟
ئېغىر ئالماي سەپەرنى،
تەكلىپ قىلساق كېلەمسىز؟

تونۇش ئىدى ئۆزۈڭىزدىن،
جەگچىلەرگە نامىڭىز.
گەر يازسىڭىز بىر رومان،
يېتەتتىغۇ چامىڭىز!؟

**توختى ئايۇپقا:**

يېزىپ گۈزەل «ئارمان» نى،
ئارمانىغىمۇ يەتكەنسىز.
بويلاپ تارىم بويىنى،
ماداردىنمۇ كەتكەنسىز.

يېزىۋەرمەڭ توغراقنى،
دەرەخ بولسۇن خىلمۇ خىل.
كۆرۈڭ، بىزنىڭ چېگرادا،
قارىغايلارمۇ بەك ئېسىل.

مېڭىۋەرمەڭ قۇملۇقتا،
مۇز تاغقىمۇ كەپ كېتىڭ.
ئۆلپەت بولۇپ بىز بىلەن،
بىر ۋاق تاماق يەپ كېتىڭ.

**ئابلا ئەخمىدىگە:**

بىلدۇق «يىللار» بىلەن تەڭ،
بىر مۇنارە تىكلەندى.
كەتكەچكە بەك زورۇقۇپ،
بېلىڭىزمۇ پۈكلەندي،

* باتۇق - «ئۆتتۇلغان كىشىلەر» دىكى ئاساسلىق پېرسوناژ.

بەلگە بۇركۇت تېرىسى،
بەلكىم شېپا بولغاندۇ؟
دېدۇق بىزلەر چېگرىدا:
«يەنە ئېمە يازغاندۇ؟»

سىزگە نېمە شېپالىق؟
ئېيتىڭ قېنى تارتىنماي.
گەر ساقايغان بولسىڭىز.
كۈلۈپ تۇرۇڭ باتىنماي.

**ئابلىز ئۆمەرگە:**

چاقناتقانتى كۆزلەرنى
ئەشۇ «ئۆمۈر ئىزلىرى».
يۈزلىرىگە سۈرگەنتى،
«ئىز» نى قەشقەر قىزلىرى.

«مەرىپەتنىڭ يولتۇزى»
يېقىندىلا نۇر چاچتى.
قىسسە دېگەن ژانىردىن،
يەنە يېڭى بەت ئاچتى.

قىلدۇق بۇگۈن ئابلىزكا،
كۆڭۈلدىكى گەپلەرنى.
ۋاقىت بولسا يازارسىز،
جەڭچى تۈزگەن سەپلەرنى.

**مۇھەممەت باغراشقا:**

بىز گەپ قىلساق ئاڭلارمۇ،
باغراش دېگەن ئاداشقا.
بارماقچىدۇق ئالدىغا،
بىر كۈن مېدال تاقاشقا.

«ئاقساق بوغا» قىلغانىكەن،
ئاشۇرۇپراق گەپلەرنى.
لېكىن شۇنداق بولسىمۇ،
تۈزۈۋالدۇق سەپلەرنى.

يەنە يازسا بىزنى ئۇ،
كېلىپ كۆرسۇن كۆزىدە.
تۇرۇپ قەلەم تەۋرەتسۇن،
گازارمىنىڭ ئۆزىدە.

**ئەختەم ئۆمەرگە:**

ئايىنىغا نىمۇ كۆڭلىڭىز،
«تۇرتىلىغان كۆل» لەردىن؟
بولاق ئىزدەپ يۈرۈپسىز،
قاغجىرىغان چۆللەردىن.

«نازىنىن» دەك قىزلارغا،
بىز ئىگەمۇ يوق پۇلىمىز.
پەيچاڭ ئاكام سوتلايدۇ،
تېگىپ كەتسە قولىمىز.

قاراپ قويۇپ كېتىپسىز،
ئويتاغدا سىز يىراقتىن.
ئەمدى كېلىپ سۇ ئىچىڭ،
گازارمىدا بۇلاقتىن.

ئىزاھات:
بەزى مىسرالاردىكى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەر يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئاپتورلارنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرىنىڭ ماۋزۇسىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئەركىن ئەبەيدۇللا**

ئەمەت دەرۋىش

# ئۈمىدجا

(«شەپەق سۆيگەن يۇلغۇن» پوۋېستىدىن پارچە)



ئەمەت دەرۋىش نەسىر ئىجادىيىتى بىلەن كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان ياش قەلەمكەشلىرىمىزدىن بىرى. ئۇ 1956- يىلى قەشقەر شەھىرىگە تەۋە نەزەرباغ يېزىسىنىڭ موللازادە كەنتى باغىبورىق مەھەللىسىدىكى ئوقۇمۇشلۇق بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1983 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى تاماملاپ، ھازىرغا قەدەر شۇ مەكتەپتە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئەمەت دەرۋىش 1980 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئۈچتۇم» دېگەن لىرىك نەسرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن بېرى ئۇنىڭ 70 پارچىدىن ئارتۇق نەسىر ۋە ھېكايىسى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى، 1987- يىلى «كىتابخانلىق تەسىراتلىرى» نامىلىق ئەدەبىي ئوبزورلار توپلىمى، 1988 - يىلى «ئۇستازلىرىم ئىنسكلوپېدىيىسى» نامىلىق كىتابى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بىر قىسىم ھېكايە، نەسرلىرى «ساۋال ھەققىدە پارالېل» نامىلىق بىرلەشمە توپلامغا كىرگۈزۈلدى. يېقىندا «نۇر ئوغلى» نامىلىق ھېكايە، نەسرلەر توپلىمىنى نەشرىياتقا تاپشۇردى. ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە بىز ئۇنىڭ رابىيە - سەئىدىن پاجىئەسى تەسۋىرلەنگەن «شەپەق سۆيگەن يۇلغۇن» نامىلىق پوۋېستىدىن بىر بابىنى كىتابخانلارغا تونۇشتۇردۇق.

— تەھرىردىن

ئۈمىد، سەن ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ ھاياتلىق تومۇرى! سەرتاندىكى چۆلدە سۇسىرىغان كارۋانغا ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى ئابىي ھايات! ھاياتلىق سەپىرىدە ئاچلىغا دۇچ كەلگەن يولۇچىغا كۆرۈنگەن نىجاد بەلگىسى! ئىنسان مەنۋىيىتىنى ئاجايىپ يۈكسەكلىككە، تولغۇنلۇققا ۋە قۇدرەتكە ئىگە قىلغۇچى ئالىيجاناب سۆيگۈنىڭ ئاساسى. ئادىمىيلىك ئىززىتىنىڭ مىزانى بولغان خىسلەتلەرنىڭ پىشىۋاسى. سەن ئارقىلىق ئادەمگە ياشاش ئىستىكى روجەك ئاچسا، سەن ئارقىلىق ئاشۇ روجەكتىن ئادەملەرگە تېخى ھېچقاچاندىق ئىز چۈشمىگەن بىپايان مۇنبەت تۇپراق جامال كۆرسىتىدۇ. ئادەملەر پەقەت سەن بەخش قىلغان قۇدرەت بىلەن ئاشۇ كۆز يەتكۈسىز مۇنبەتتە ھاياتلىقنىڭ تۇنجى ئىزناسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ماڭغاندا قەلبىدە ياڭرىغان ھاياتلىق مارشىنىڭ تۇپلۇك مەنىسى پەقەت سەندە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، سەن ئۇلۇغۋار خىسلەت بىلەن ئالىيجاناب، يۈكسەك مەقسەت بىلەن بويۇكسەن!! بۇ ئىككىسى سېنى مەڭگۈ ئاجراتقىلى بولمايدىغان بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان. بۇ ئىككىسى زىچ بىرىكىپ سېنى گويا قاناتلىق تۇلپارغا ئوخشاتقان. خالىغاندا كۆتۈرۈلە-

سەن چەكسىز ساماغا، خالىغاندا چۆكسەن زېمىن تەھتىگە. سېنىڭ ئالدىڭدا بارلىق توسالغۇ قۇل. سېنىڭ ئالدىڭغا ئېچىلغان كەڭرى يول. سەن ئۇلۇغۋارلىق بىلەن يۈكسەكلىكنى ھاياتلىقنىڭ ئاساسىي قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن ئۇ ساڭا مەنا بېرىدۇ. سەندىكى مەنا، شەكسىزكى ئىنساندىكى مەنا. ئاشۇ ئىنسانلاردىكى گۈزەل ئارزۇلار بىلەن زىچ بىرىككەن. ئىنساننىڭ چەكلىك ھاياتىنى چەكسىزلىككە ئىگە قىلغۇچى ئاشۇ ئارزۇ بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىنى تۈپلىككە، مەنىۋىيىتىنى تولغۇنلۇققا، جىسمىنى ئۇلۇغلۇققا ئىگە قىلىسەن. ئۇنىڭ مەقسەت بىخلىرىدىن ئارزۇ گۈللىرىنى ئېچىلدۇرىسەن. ئېچىلغان گۈلنىڭ تۈزىمىقى تەبىئەتنىڭ قۇدرىتى بولۇپ، ئۇ ئاشۇ گۈلنىڭ مۇستەقىل جان ئىگىسى ئىكەنلىكىنىڭ مەنىسى. ئۇنى سۈنئىيلىكتىن پەرقلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ قۇللۇقتىن ئازاد ئىكەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ ئىلكىسىز مۇستەقىل ھاياتلىق مەقسىتى بارلىقىنى كائىناتقا جاكار قىلغانلىقىنىڭ روشەن بەلگىسى!

ئېھ، ئۈمىد! بە فۇۋۋەتلىكىڭ، قادىرلىقىڭ بىلەن ئىنسان ۋۇجۇدىنى ھاياتلىق ماكانى قىلغانىكەنسەن، ئاشۇ ۋۇجۇدتىكى بىر لوقما گۆشكە خىسلىتىڭ ئارقىلىق «ئادەم» دېگەن نامنى ئاتا قىلغانىكەنسەن، ئاشۇ ۋۇجۇدنى دەقىقىمۇ غەم دېڭىزىغا چۆكتۈرمىگىن. ئۇ ئاشۇ دېڭىزنىڭ تەكتىدە زاماننىڭ نەزەرىدىن ساقىت بولغان تاشلاندۇق لاتقىلار ئارىسىدا ئىزسىز يوقالمىسۇن. ئۇنى ھاياتلىق ئاچىلىدا قاراڭغۇ غاردىن يىراقلاشتۇرغىن. پىلىلداپ تۇرغان ھاياتلىق شامى پاچاقلىنىپ، تېنى ئاشۇ قاراڭغۇلۇقتا قۇترىغان نەپسانىيەتنىڭ ئولجىسى بولۇپ كەتمىسۇن. ئۇنىڭ كۆزىگە نۇر بەر، ھارام بىلەن ھالالنى پەرق قىلالىسۇن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا كۈچ بەر، ئۆز ھاياتىغا ئۆز پىلى ئارقىلىق مەنا بەرسۇن، ئۇنىڭغا ئەقىل بەرگىنكى نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا، نېمىنىڭ ھەقىقىي، نېمىنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەلەيدىغان بولسۇن. شۇ ئارقىلىق ئۇ ساختىلىقنىڭ تەختىگە غەزەپ لاۋۇلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، پۈتكۈلىنى، بارلىقىنى ۋە ھەممىنى چىنلىققا، ھەقىقىيلىققا ئاتا قىلسۇن! ئۇنىڭغا سەمىمىيلىك بىلەن چىن قەلبىدىن مۇھەببەت قويۇپ، ئۇنى ھاياتىنىڭ نىشانىسى دەپ تونۇيدىغان بولسۇن!

تەننى جانسىز مۇردىدىن پەرقلەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا سەزگۈ، ھېس، تۇيغۇ ۋە مۇھەببەت ئاتا قىلغان ئىكەنسەن، چىمەنلەر ئىچىدىن بىر گۈلنىڭ ئىشقىنى ئۇنىڭ قەلبىگە كەمەند قىلىپ تاشلىغانىكەنسەن ۋە ئاشۇ كەمەند سىققان گۈلنىڭ ئۇرۇقىنى ئۇنىڭ قەلب زېمىنىگە تېرىغانىكەنسەن، ئۇنىڭ ئارزۇ گۈلىنىڭ ئېچىلىشىغا، ئاشۇ گۈلنى ئېچىلدۇرۇشقا قۇۋۋەت بەر! ئۇ ئاشۇ ئارقىلىقلا: «ھە، مەندە خىسلەت بار ئىكەن، ھەم مەندىكى ئۈمىد مېنىڭ ئادەملىكىمنى ئاشكارىلىيالايدىكەن» دېيەلىسۇن!...

ئىبراھىم ئاكا بامدات نامىزىنىڭ ئاخىرىدا پەقەت شۇنىلا دۇئا سۈپىتىدە چىن قەلبىدىن ئارزۇ قىلدى - دە، قوللىرىنى يۈزىگە سۈرتۈپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ سەئىدىن قەلبىدە ئىشىق گۈلىنى كۆرگەندىن كېيىنكى كۆڭلىدە غۇۋا ئىزناسىنى كۆرسەتكەن تۇيغۇلارنىڭ پەردىسى يىرتىلىپ ماھىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىغانىدى. شۇ تۈپەيلى ئۇنىڭ قەلبى پۈچۈلانماقتا ئىدى. ئۇ سەئىدىنىڭ ئاتىلىق

www.uyghurkitap.com



مەجبۇرىيىتى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۇنىڭ مۇشۇ كۈنلەردىكى ھالىتى ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەلبىنى ئۇتتۇۋالغان رابىئەنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئالدىدا بۇ تىرىشچانلىقلىرى بەرباد بولدى. پەرزەنت غېمى ئۈچۈن يېڭىدىن ئويغانغان ئىستەك، مېھنەت ئارقىلىق ئۆز ئارا چېتىلغان نەچچە يىللىق سۆيگۈ، ما يىللىق ئارقىلىق ئۆمۈرلۈك ھايات يولىنى روشەنلەشتۈرگەن مۇھەببەت پەقەت بىر ئېغىز سۆز ئارقىلىق ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى سوپۇن كۆپۈكىدەك ئىغىرلاپ تۇراتتى. ئۇ سەئىدىنگە بۇ توغرىدا نېمە دەپ چۈشەنچە بېرىشنى، ئۇنىڭ ماھىللىقىنى نېمە دەپ ياندۇرۇشنى، ئۆزى ئارزۇلاپ تاللاپ ئۇندۇرگەن ۋە ئۇنى «ئۆزۈم» دەپ بىلىپ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى سەرپ قىلىپ يېتىشتۈرگەن ئاشۇ بىر تۈپ گۈلنى ئۇنىڭ قەلبىدىن قانداق يۇلۇۋېتىشنى زادىلا ئويلاپ يېتەلمىدى. ئەكسىچە، جىگەر پارىسىنىڭ زەرداب بولغان يۈرىكىنى، بۇلبۇلنى بەئەينى چاقىرغان راۋابىنىڭ تىنماي پىغانلار چېكىپ چاقىلداپ سايرىشى، مېھنەتكە ئۆگەنگەن زەبەردەس بەدىنىنىڭ خۇددى كۈز يا پىرىقىدەك سارغايغان ھالىتى ئۇنىڭ ئاتىلىق مېھرىنى كۈۋەجىتىپ، جىگەر پارىسىنى مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرگەن سەۋدا يىلىقىنى باشقا نەرسىلەر ئارقىلىق ئۆزگەرتىش ئىستىكىنى تۇرغۇزدى. ئۇ جىگەر پارىسىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا ئاتىلىق مەسئۇلىيىتى بىلەن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈۋاتقان ئىشقى مۇھەببىتى توغرىسىدا ئىنسانىي مېھرى – مۇھەببەت تۇيغۇسى بىلەن ئۇنىڭ بۇ يولغا كىرگىنىگە ساداقەت ۋە ۋاپادارلىقىنى مەقسەت دەپ بىلگەن سەممىي دوست سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشقا بەل باغلىدى. شۇنداق قىلسا ملا جىگەر پارەم ئالدىدا بارلىق مەجبۇرىيەت ۋە قەرزلىرىنى ئادا قىلغان بولىمەن، دەپ ئويلىدى – دە، ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچتى:

— جىگىرىم، ياقۇپ ئەلچىلەرنى قۇرۇق قايتۇرۇپ يۇرت ئالدىدا بىز ئۈچۈن ياخشى قىلمىدى، ئەسلىدە ئۇ ئۇنداق قىلماسلىقى لازىم ئىدى. لېكىن، ئۇنى ئۇنداق قىلمىدى، دەپ قاراپ تۇرساق سەن ئۈچۈن ۋە ئائىلىمىز ئۈچۈن تازا ياخشى ئەمەس. ئۇنىڭ شۇنداق قىلغىنىغا يۇرتىمىزدا رابىيە قولىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىغان نى – نى گۈزەل قىزلار بار، سەن شۇلاردىن بىرىنى تاللا. مەن پۈتكۈل ۋەسلىمىنى سېنىڭ ئاشۇ بىر كۆڭلىكىڭ ئۈچۈن ئاتاپ قويغانىمەن. يۇرتىمىزدىن ياراتمىساڭ شەھەردىن، شەھەردىن ياراتمىساڭ باشقا يۇرتلاردىن تاللىساڭمۇ مەيلى، بىز دەرھال توي قىلايلى.

سەئىدىن دادىسىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئىزتىراپقا چۈشتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. دادىسى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا تېخى مۇنداق تېمىلاردا سۆھبەت ئۆتكۈزۈلمىگەنلىكىنىمۇ، ئىككەيلەن ئوتتۇرىسىدىكى ئاددىي مەسىلىلەردىمۇ دادىسىغا توغراتىن بىرەر ئېغىز قايتۇرۇپ جاۋاب بەرمىگەنلىكىنىمۇ ئېسىدىن كۆتەردى – دە، سۆزلەشكە باشلىدى:

— قەدىردان ئاتا! مېنى بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز خوشلاشقىن، قەلبىمدە يىلتىز تارتقان يەگانە گۈلنى ۋاقىتسىز خازاڭ قىلغىن دېمەكچىمۇ سىلە؟ راست ئۇنىڭ يىلتىزى جىسمىمدىن ھالقىپ پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكى سىلىگە ئايان ئەمەس. ئىشەنسىلىكى. ھاياتىمدا پەقەت بىرلا ئىستەكنىڭ قولى بولغانىمەن. ئۇ بولسىمۇ، ۋۇجۇدلىرىدىن

قەلبىمگە كۆچكەن ئەرك تۇيغۇسى ئىدى. مەن ئۇنى خۇددى سىلە مېنى تەربىيىلىگەندەك ئۈستۈرگەن ۋە قاتتىق سىناقلاردا چېنىقتۇرغان. ئەمدى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش تۇغرىسىدا نەسىھەت قىلىسىلەرى ئۆز ئەقىدىلىرىدىن يانغان بىلەن باراۋەر بولامدۇ، قانداق؟

ئىبراھىم ئاكا «تۇۋا» دېگىنىچە ياقىسىنى تۇتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆمرىنىڭ ئۇلانچىسى بولسۇن دەپ ئۈمىد قىلغان بۇ پەرزەنتىنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بارلىق تۇيغۇ ۋە ئەستەكنى نېرى - بېرىسىنى سۇرۇشتۇرمەيلا مۇشۇنداق بىر زاماندا قوبۇل قىلىپ يېتىشتۈرگەنلىكىگە، ھەتتا ئۇنى ئۆزى قىياس قىلمىغان يېڭى بىر مەزمۇن بىلەن بېيىتىپ جۇلالاندۇرغانلىقىغا ھەيران قالدى. ئۆز قەلبىنى ئاۋۇندۇرغان ئەستەكنىڭ ئوغلىنىڭ قەلبىنىمۇ ئاددىي ئىزاھات بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولمايدىغان دەرىجىدە چەكسىزلىككە ئىگە قىلغانلىقىنى يەنىمۇ ئېچكىرىلىگەن ھالدا تونۇپ يەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ سەئىدىنى مۇشۇ يولدىن ياندۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى ياكى بولمىسا، ئۇنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە يۈرىكىنى ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك تارازىسىدا ئۆلچەپ كۆرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان تەرزدە نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى:

— ئوغلۇم، جابىرنىڭ كۆزى چۈشكەن ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتمىگىنى يوق. ئىشقىنىڭ ئاقىۋىتى ئۆلۈم بىلەن تۈگەللىنىدىغانلىقى ساڭىمۇ ئايان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياقۇپمۇ جابىرغا يېقىن، ھەمىشە ھېرىسمەن ئادەم، ئۇنىڭ رابىيەنى جابىر بىلەن يۈز بېشىلىقىغا تېگىشمەكچى بولغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بۇنىڭغا جابىرمۇ ۋە ياقۇپمۇ ماقۇللۇق بىلدۈرۈشۈپ بوپتۇ. جابىرنىڭ قولىدا ھوقۇق بار. مۇشۇ مەقسىتىنىڭ تۆپەيلى يالغۇز ساڭىلا ئەمەس، ئائىلىمىزگە ۋەيرانچىلىق يەتمىسۇن. رابىيەنىڭ تىزگىنى دادىسىنىڭ قولىدا. رابىيەنىڭ ماھىللىقى ساڭا بولغان ئەقىدىرىدىمۇ تىزگىنىنى دادىسىنىڭ قولىدىن ئالماق ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. مۇشۇ مەقسىتىڭدىن يانساڭ، ئوبدان بالام!

— دادا، چىن سۆيگۈنىڭ ھەر قانداق غالىپ زورلۇق ئالدىدىمۇ باش ئەگمەيدىغانلىقىنى، قۇل بولمايدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇنىڭدا شۇ ھالەت يۈز بېرىدىكەن، ئۇنىڭ سۆيگۈ بولالمايدىغانلىقىنى ماڭا بىرنەچچە قېتىم ئۆگەتكەنىدىڭىز. جابىرنىڭ زورلۇق، بايلىق ئارقىلىق رابىيەنىڭ پاك قەلبىنى قولغا ئالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋاتىمەن. لېكىن، مەن يەنە شۇنىمۇ بىلىمەنكى، رابىيە ئاشۇ ئەرزىمەس نەرسە ئۈچۈن پاكلىقىنى بۇلغىمايدۇ. زورلۇق ئالدىدا ئۇنچىۋالا ئاسان بوي ئېگىپمۇ كەتمەيدۇ. جابىرنىڭ زەھەرلىك تىغلىرى جېنىمغا مالال يەتكۈزۈپ تېنىمنى پارە - پارە قىلىۋەتسىمۇ، تىلىم رابىيەنى زىكىر قىلىشتىن توختىمايدۇ. ئەگەر ئۇ مېنىڭ ئاشۇ قىلمىشلىرىم تۆپەيلى پۈتكۈل ئائىلىمىزگە ۋەيرانچىلىق كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك نەپرەت نىشانى تىكلەيدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟

ئىشقتىن ۋاز كېچىش ۋە يەنە قەلبىدە ئىشىق بولمىسىمۇ ئىشىق دەۋاسىنى قىلىش ئاشىقلارنىڭ ئىشى ئەمەس! ياقۇپ ھەر قانچە مەنسەپدار، ھەر قانچە ئابرويلۇق ۋە ھەر قانچە پۇلدار بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنىسىلىكى، ھەقىقىي، ساپ ۋە يەككىدىللىق بىلەن لاۋۇلدىغان ئىشىق ئوتى قەلبىدىن ئاللىبۇرۇن رابىيەنىڭ قەلبىگە كۆچۈپ بولغان. ئۇ، ئۇنى سەمىمىيلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ ئالا-

www.uyghurkitap.com



غان. ئۇنى ئاسرايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئەگەر ياقۇپ جىگەر پارىسىنىڭ قەلبىنى — مۇھىمى ئىنسانىنىڭ قەلبىنى ھۆرمەت قىلمايدىكەن، ئۇمۇ ئاخىرى شۇنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. ئەگەر ياقۇپ ئۆز نىيىتى ئۈچۈن مۇھەببەت رىشتىنى ھىجران تىغى بىلەن كېسىۋەتمىدىكەن، ئۇ ھالدا شۇنىڭ ئۆزى مەن ئۈچۈن يېتەرلىك ۋىسال قۇچىقى بولالايدۇ. بۇنىڭدىن كېلىدىغان شادلىققا جابىرمۇ ھەتتا ياقۇپمۇ ۋاسىل بولالمايدۇ!

سەئىدىن شۇلارنى دېگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئىبراھىم ئاكا ئۇنىڭ نەگە بېرىشىنى سوراشنىمۇ ئۇنۇتتى ۋە خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى. ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ ئالدىدا ياق، ئۆز ئەقىدىسىنىڭ ئوغلىدىن چاقنىغان زاھەرەن كۆرۈنۈشكە نېمە دەپ ۋەز ئېيتىشنى، نېمە دەپ ئۇنى بەزلەشنى، نېمە دەپ يەنە ئۇنى بۇ يولدىن قايتۇرۇشنىمۇ بىلمىدى. ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدە سەئىدىننىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەت ۋىسالىغا يېتىش بىلەن تەسلىم بولۇشتىن ئىبارەت كەسكىن رىقابەتنىڭ قاينىمىغا دۇچ كەلگەنىدى. ئەگەر ئۇ مۇشۇنداق پەيتتە سەئىدىنگە يەنە قاتتىقراق ياكى يوقىرىقىلاردىنمۇ لەززەتلىك بولغان شېرىن سۆزلىرى بىلەن ئۇنى ئىرادىسىدىن قايتۇرۇشقا ئىنتىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ھاياتلىق شامى ئۆچۈپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يامان ئاقىۋەتنىڭ نەتىجە بېرىدىغانلىقى ئايان ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۈمىد ۋە ئىشەنچ تەسلىم بولۇش ئەمەس جان تىكىپ ئېلىشىش بىلەن، جان بېرىش ئەمەس ئاداققى كۈچ بىلەن تىركىشىش، پۇل - مال، يۈز - ئابروي بىلەن ئەمەس، بەلكى ھالال مېھنەت ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنى ئۇ ئۆزى ئوبدان بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا ئىگە بولالماي تاشلىۋېتىش مۇمكىنمۇ؟

ئىبراھىم ئاكا ئۆيدىن سىرتقا چىقتى. سەئىدىن كەتمىنىنى دولىسىغا سالغان پېتى راۋابىنى چالغىنىچە ئېتىز تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. ئىبراھىم ئاكا سەئىدىننىڭ ھەر بىر زەخمەك ئۇرۇشلىرىدىن خاتىرجەملىك ئىشەنچ ۋە جاسارەتنىڭ يارقىن ئىپادىلىرىنى كۆرگەندەك بولدى.

دىلىغۇللۇق ۋە ئىشەنچسىزلىك ئەمدى ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك يات بولغاندەك، بارلىق نەسىھەت ۋە يالۋۇرۇشلار ئەمدى ئۇنىڭغا قىلچە ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئۇ چوڭقۇر بىر تىندى - دە، كۆڭلىدە ۋىسالنىڭ ئوغلىغا تالىق بولۇشىنى تىلىدى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ھاجى ئەخمەت**

---

(بېشى 12 - بەتتە)

چىقىپ كەلدى. سوپەكچى ئوبۇلنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم، بىر مۇنچە سوۋغا - سالاملار ئۈستىدە ئولتۇرغان تۇرسۇنگۈلنىڭمۇ چىرايىدا كۈلكە، دوقمۇشتىكى ماگىزىن ئالدىغا كەلگەندە، ئوبۇل قول تراكتورىنى توختاتتى.

— ھوي، توختاپ قالدىڭىزغۇ؟

— ھوي، قارىماسىز، ئانامنى ئەكىلىپ، ئىككىمىزنىڭ تويىنى تېزرەك قىلىشنىڭ خۇشاللىقىدا شەپكەمنى كېيىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ چىقىپتىمەن، ئەمەسمۇ؟

— مەيلى، تۆكباش پەدەگدە مېڭىۋېر، — تۇرسۇنگۈل كۈلدى، — ئېيتىڭمۇ، بېشىڭىزمۇ چىرايلىق بولغانىدىكەن!

— زاڭلىق قىلما، ئەمدى سەن بىلەن ئەينەك، تاغاق تالىشىپ يۈرسەم بولماس.

— ھە، بولدى، دادامغا ئېيتىپ، تويلۇقۇڭغا ئەينەك - تاغاق ئالدۇرساملا بولمامدۇ؟

ئادەمسىز قالغان دوقمۇشتىكى دۇكان ئالدىدا بىر مۇنچە كۈلكە سادالىرىنى قالدۇرغان قول تراكتورى يالغۇز دۆڭ تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك كەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر: **تۇرسۇن نىياز**

مۇھەممەتجان ئوسمان

# تاغامنىڭ ئۆلۈمى

( ھېكايە )

تاغامنىڭ ئۆلۈمى ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق بولدى. رەھمەتلىكنىڭ ئۆز ۋاقتىدا يۇرت - جامائەت ئىچىدە خېلىلا يۈز - ئابرۇيى بار ئادەم ئىدى، تېخى ئۇ ئۇزۇن يىل ھۆكۈمەت كادىرىمۇ بولغان. دادامنىڭ دېيىشىچە، 50 - يىللاردا بىر مەزگىل يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلى بولۇپمۇ ئىشلەپتىكەن. مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى، ئۇ، يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئۇزۇن يىل كاتىپلىق ۋە توي خېتى كېسىش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئاخىرى بۇ ساۋابلىق ئىش بىلەن پېنسىيىگە چىقىۋالدى.

مانا، بۈگۈن تاغام قازا قىلدى، لېكىن مۇشۇ كۈنلەردە ئادەملەردىن ئىنساب كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، «قاۋۇل ئاقباش» دېسە پۈتۈن يېزىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان بۇ ئادەم قازا قىلىۋىدى، نامىزىغا تۈزۈككىرەكمۇ ئادەم كەلمىدى. ھازىرغۇ ئادەملەر يۈز - ئابرۇي، بايلىق قوغلىشىدىغان بولۇپ كەتتى. ئوغۇل ئۆيلىسىمۇ، قىز چىقارسىمۇ ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ يۇرت ئىچىدىكى ئىناۋىتىنى، بايلىقىنى سۈرۈشتۈرىدۇ، ھەتتا ئۆلۈم - يېتىمدىمۇ شۇنداق، خۇددى ئۆزلىرىگە بىر يۈرۈش مىراس تېگىدىغاندەك. بولمىسا تاغامنىڭ قولىدا بار، يۇرت ئىچىدە بارماق بىلەن سانايدىغان بايلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالغان ئادەم. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر بۈگۈنكى بۇ ئۆلۈم چۆلدەرەپ قالدى. مېيىتنى يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلار ۋە مەھەللىكوي بولۇپ ئاران قىرىق ئەللىككە يېقىن ئادەم ئۇزاتتۇق. ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، ئۇنى سېلىپ يىغلايدىغان ئادەمنىڭ تايىنى يوق. نەغمە - ناۋا تويىنىڭ، يىغا - زارە ھازىنىڭ يارىشىقى - دە ئاخىر، ئاللا ئادەمگە بىرەر تېرىم ئوغۇل بالا بەرمىسىمۇ بولمايدىكەن. رەھمەتلىكنىڭ بەش قىزى بار ئىدى، ھەممىسى ياقا يۇرتتىن يىغلاشتى، قاقشىدى. لېكىن ئايال دېگەن بەربىر ئايالكەن. ئۇلار شۇنچە چۇقان سېلىشقان بولسىمۇ، ئاۋازى ئۆي ئىچىدىن سىرتقا چىقمايدىكەن. بىلىسە مۇنۇ بەش كۈيئوغۇلمۇ تاغامنىڭ بالىلىرى، تازا بىر كالا كومشا نېمىلەر ئوخشايدۇ. ئۇلار خۇددى ئوتتۇرىۋەتكەن قىمارۋازدەك گۆشىيىپ، ئۆيگە ئوخشاش پۇشۇلداپ تىنىشىپ تۇرۇشىدۇ. ئاچچىقىمدا ئۇلارنى بىرچەتكە تارتىپ تەنبىھ بېرىپمۇ قويدۇم، لېكىن يات دېگەن يەنىلا يات ئىكەن. «دادامەي» دەپ توگىدىن پوك چىقىقاندەك بىرەر ئادەم ئاغىل - تاغىل توۋلىشىپ قويۇپ، يەنە يوقلىشتى ئۆلگۈرلەر. ماۋۇ ئىككى بالىغا دادا بولغان ئىنىمنى كۆرمەيدىغان تېخى، خۇددى بىر قان - قېرىندىشىمىز ئۆلۈپ كەتمىگەندەك خىيالىدا يوق تۇرىدۇ. دادامغۇ قېرىپ قالغان ئادەم، بىر دەم يىغلاپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. ئىنىم ئەجەب بىر بالىلىق قىلدىيا بۈگۈن؟! ئۈچىسىغا قارىسا ئۇزۇن چاپان،

بېشىدا تەۋەككۈل سەللە تۇرۇپ يىغلىمىسا
نېمە دېگۈلۈك ئەمەدى. ئەجەب گەدىنىڭ
يامان نېمىكەنسەنغۇ. رەھمەتلىك بىلەن
ھايات چېغىدىلا تۈزۈك كېلىشەلمەيتتىڭ.
پەرۋەردىگاھ، ئۆلۈمىگە يىغلاشقىمۇ بوينۇڭ
قويمىدىغۇ سېنىڭ. بىلسەڭ تاغا دېگەن
دادا بىلەن تەڭ ئۇلۇغلۇقتا، ھەر قانچە
بولسىمۇ تۈزۈككەك بىر يىغلاپ قويساڭ
بىر نېمەڭ ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قالارمىدى؟
ھەي، مۇشۇ كەمىنىڭ ئادەملىرىنى ـ زە.

ئەتىگەندىن بېرى تولا يىغلاپ ئۈنلىرىم
پۈتۈپ توۋۇناق قاغىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ
قاپتۇ، يىغا دېگەنمۇ يامان نېمىكەن، ئول-
تۇرۇشلاردا كېچە-كېچىلەپ ناخشا توۋلى-
سامۇ ئاۋازىم ئۆزگەرمەيتتى. ئەھۋالدىن
قارىغاندا، بۈگۈن پۇخادىن چىققۇچە يىغ-
لىغان ئوخشايمەن، بوينۇلىرىم گىلدىڭلاپ
قاپتۇ، راست، بۈگۈنزە تۈزۈككەكمۇ تاماق
يېمەي يىغلاپتىمەن-دە.

ئاھ، بىچارە دادا، دۇنيالىقتا بىرلا
ئىنىڭ بار ئىدى، يالغۇز قالدۇڭغۇ ئەمدى.
قىلۋى تامغا يۆلىنىپ ئېغىر سۈكۈتتە ئول-
تۇرغان دادامغا قاراپ ئىچىمگە يىغا ئو-
لاشتى. ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ ئېسەدەپ كەتتىم.
لېكىن ئەتىگەندىن بېرى تولا يىغلاپ قۇ-
رۇق كۆلچەكتەك بولۇپ قالغان كۆزۈمدىن
بىردىر تېمىمۇ ياش چىقمىدى.

— شۇنداق قىلىپ قاۋۇل تاغامنىمۇ
ئۇزىتىپ قويدۇق دادا، بۇ، ئۆلۈملۈك بول-
دۇق دېگەن گەپ. ئەمدىكى گەپ ئۇنىڭ
نەزىر-چىرىغىنى قانداق ئۆزىتىشتا. بۇ
ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىشنى بىز زىممىمىز-
گە ئالمىساق بولمايدۇ. ئوغۇللىرى بولمى-
سا ئۇنىڭ، ھېلىقى كۈيئوغۇل دېگەن نې-
مىلەرنىڭ ھالى بۈگۈنكى تۇرسا، سەن ئە-
تە بېرىپ ئاغچىخان ئاچام بىلەن مەسلى-
ھەتلىشىپ كەل. تېزراق تۇتۇش قىلىپ نە-
زىرىسىنى پەيشەمبە كۈنى ئۆتكۈزۈۋەتسەك
بولارمىكىن.

دادام بۇ گېپىمگە يېرىم مىنۇتچە جا-
ۋاب بەرمەي بىر خىلدا ئولتۇرۇۋەردى.
ئاندىن ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويۇپ يۈكۈ-
نۈپ ئولتۇرۇشنى چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇشقا
يۆتكىدى ۋە گەپ باشلىدى:

— ماقۇل، شۇنداق قىلايلى، لېكىن-زە،
رەھمەتلىك، جاما ئەت ئالدىدا نېمە سەۋەب-
لىك ئۆتكۈزۈپتىكىن-تاڭ؟!

— قانداق دەيسەن؟

— كۆرمىدىڭمۇ بۈگۈنكى نامازنىڭ چۆل-
دەرەپ قالغىنىنى، خېلى كۆپ ئۇرۇق-تۇغ-
قانلىق دەپ يۈرۈپتىمەن تېخى. خەقتە
ئىنساپ قالمىدىمۇ نېمە.

— ئىنساپ بولسا قاراپ تۇرۇپ جاما-
ئەتچىلىك ئالدىدا يالغان سۆزلەمتى،-
دېدى مەشكە ئۆزىنى قاقلاپ، زوكزىيىپ
ئولتۇرغان ئىنىم، پەرۋاسىزلا مىيىقىدا
كۈلۈپ قويۇپ.

ئىنىمگە قاراپ جۇدۇنۇم تۇتتى. شۇن-
داقتىمۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشتىم:

— سەن نېمە دەۋاتىسەن ئۇكام، نېمە
گەپ بۇ؟

— ئاڭلىمىدىڭمۇ، سالى قارىم بولغان
ئادەمنىڭ يالغان گۇۋاھلىق بەرگىنىنى.

ئىنىمنىڭ گېپىنى چۈشەنمەيلا بېشىمنى
چايقىدىم. راست، مەن سالى قارىم گۇۋاھ-
لىق بەرگەندە باشقا ئىش بىلەن بەنت
بولۇپ قالدىمۇ ئەيتاۋۇر، ئىنىمنىڭ بۇ
گېپى ماڭا غەلىتە تۇيۇلدى. ئىنىم بېشىم-
نى «ئۇقمۇدۇم»غا چايقىغانىنى كۆرۈپ شۇن-
داق دېدى:

— تاغامنى يەرلىكىدە قويۇپ بولغاندىن
كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغاچ دادام ئاكى-
لىق بۈرچى بىلەن قارىمدىن گۇۋاھلىق
سورىدى: «قارىم، ئىنىم ئاۋۇلماخۇن قانداق

ئادەم ئىدى؟» دېسە، قارىم بىردەم تۇرۇپ كېتىپ نېمە دەيدۇ دېمەمسەن: «ئىنىلىرى قاۋۇل ئاخۇن ئەھلى مۇسۇلمانىنىڭ پەرزەنتى ئىدى. ئۇزۇن يىل ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىدە خەلق ئۈچۈن ساۋابلىق ئىشنى تولا قىلغان. بۇ ئىشلىرى بىلەن ئاۋام، ئەل ئارىسىدا يۈز تاپقان، زىيادە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، خىزمەتتىن بوشانغاندىن كېيىنمۇ بەش ناماز ئوقۇپ، ھەبدىيەك، قۇرئان كەرىمنى قولىدىن چۈشۈرمەي، ساۋابلىق ئۈچۈن مەككىگە تاۋاپ قىلىپ كېلىش ئارزۇ ئارمانىدىن يانمىغان، خۇداۋەندى كەرىمگە يېقىن بەندە بولۇش شۇنداق خالىس، دىيانەتلىك زاتقا خاستۇر. ئاللا ئىنىگەمنىڭ كۆڭلى زېمىندىن كەڭ، قۇياشتىن ئوچۇق، رەھمەتلىك گەرچە ئۇلۇغ ئارمانىغا يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەھلى جەننەتتى بولغاي ...» دەيدۇ. ئويلاپ باقە، بۇ قانداق باھا ئۆزى؟ تاغام رەھمەتلىك مەككىگە بېرىش ئارزۇسى بىلەن ئەمەس، پۇل تاپىمەن دەپ خەققىمۇ، ئۆزىگىمۇ بىخىللىق قىلىپ ئۆلۈپ كەتتى.

— ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئۈستىدىن غەيۋەت قىلغىچە ئامان خۇدا گۆرىدە ياتقىلى قويسىچۇ! - دېدىمەن ئىنىمگە زەردە بىلەن. لېكىن ئۇنىڭ باياقى گەپلىرىدىن تەمتىرەپ قالدىم. داداممۇ بۇنىڭغا دەمالالىقتا بىر نەرسە دېيەلمىگەن بولسا كېرەك، گەپ - سۆز قىلماي ئولتۇرۇپ قالدى. ئىنىم مەن بىلەن گەپ تالىشىشنى ئەپسىز كۆردىمۇ قانداق، لىكىدە قوپۇپلا سىرتقا چىقىپ كەتتى.

مەن ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقاندىن كېيىنمۇ ئىنىمنىڭ گەپلىرى ۋە سالى قارىمنىڭ گەپلىرى ئۈستىدە ئۇزۇنغىچە ئويلىنىپ قالدىم. خىياللىرىم بارا - بارا رەھمەتلىك قاۋۇل تاغامغا، ئۇنىڭ ھايات ۋاقىتلىرىدىكى، بولۇپمۇ مۇشۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدىكى كۆزۈم كۆرگەن بەزىبىر ئىش - ھەرىكەتلىرىگە كۆچتى.

تاغام پېنسىيىگە چىققان دەسلەپكى بىر يىلدەك جەريانىنى سايەھەت، تاماشا بىلەن ئۆتكۈزدى. بىر-ئىككى قېتىم ئۈرۈمچىگە — ئوقۇۋاتقان قىزىنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر-ئىككى ئايدىن تۇرۇپ كەلدى. تۇرپانغا بىر قېتىم بېرىپ قۇمغا كۆمۈلۈپ كەلدى. ئاندىن يىراق - يېقىندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭكىدە بەش-ئون كۈندىن تۇرۇپ تۇغقانلىق مېھرى - شەپقىتىنى يەتكۈزدى.

تاغام ئەزەلدىنلا سۆزمەن ئادەم ئىدى. ئۇ گەپ قىلىشقا ئامراق بولغاچقا، ھەر قانداق يەردە ئۆزى گەپ باشلايتتى. كۆرگەن - بىلگەنلىرى، ئاڭلىغانلىرى ھەققىدە ئۇزۇن سۆزلەيتتى. ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن تۈگەيدىغان ئىشنىمۇ بىرەر سائەتكىچە يېشىپ تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەلەيتتى، ھەتتا تاغامنىڭ بۇنداق گەپلىرىدىن مەن زېرىكىپ كەتسەممۇ چوڭلۇق ھۆرمىتى ۋە كۆڭلىنىڭ تۈزلىكىدىن ئاخىرىغىچە ئاڭلىۋېتىشكە تاقەت قىلالايتتىم. لېكىن مۇنۇ ئىنىم كىچىكىدىنلا جىق گەپ بىلەن خوشى يوق، يۈز-خاتىرىنى بىلمەيدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقىمىكىن، تاغام گەپ باشلىسىلا يا سىرتقا چىقىپ كېتەتتى ياكى بولمىسا گېپىنىڭ شېخىغا ئورۇۋېتىپ، ئۇنى رەنجىتىپ قوياتتى. تاغام بىلەن ئىنىمنىڭ بۇ خىل تالاش - تارتىشلىرىغا داداممۇ باشقىچە پوزىتسىيە بىلدۈرمەي جىملا تۇرۇۋالاتتى، خۇددى ئىنىم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغاندەك جىملىمىسەيتتى. تاغام دىلى نازۇك ئادەم بولغاچقا، ئىنىمنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن كۆڭۈلسىز چىقتى. داۋاملىق ئىنىم توغرۇلۇق گەپ - سۆز بولۇنسىلا «بۇ

ئۇقلۇق ئادەم بولمايدۇ» دەپ قويايتتى.

كىشىلەر «ئادەم دېگەن غەيرىي مەخلۇق، ئۇنىڭ خاراكتېرى — خۇسۇسىيىتى بەش-ئون كۈن، ھەتتا بەش — ئون مىنۇتتا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ» دېسە، نېمە دەيدىكىن دەپتىمەن. بۇ گەپنىڭ مەنىسىگە ئەمدى چۈشەنگەندەك بولدۇم. چۈنكى، مۇشۇ ئىككى يىلدىن بۇيان، تاغام ماڭا باشقىچىلا بىر ئادەمدەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. خىزمەتتىكى چاغدا يېڭىلىقنى قوللايدىغان، ئۆزىمۇ شۇ دەۋرنىڭ سۆلىتىگە ئىنتىلىدىغان، ئانچە — مۇنچە ھاراق ئىچىپ دادام ۋە ئۇرۇق — تۇغقانلارنى رەنجىتىپمۇ قويىدىغان تاغام ئەمدىلىكتە پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇرۇن قىلىدىغان ۋەزىيەت، سىياسەت يۆنىلىشلىرى، ئۆزگىرىشلىرى ھەققىدىكى گەپلىرى، ياشلىق چاغلىرىدىكى كۆرگەن، كەچۈرگەن سەرگۈزەشتە ھېكايىلىرى ئورنىغا دىن، ساۋاپ، گۇناھ دېگەندەك مەزمۇنلار ئالماشقانىدى.

بىر كۈنى يۇرتقا بېرىپ تاغام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ قولىدا كېيىست قەغىزىدە مۇقاۋىلانغان كىچىك قۇرئان ۋە مۇقاۋىسى كىرلىشىپ بەزى يەرلىرى يىرتىلغان بىر ھەدىيەك تۇراتتى.

— نېمە ئۇ بېشىڭدىكى ئۇكام، چاچ دېگەننى كاپىر قويىدۇ، سەن بىزنىڭ ئەۋلادىمىز، بۇنداق سۆلەتنى قىلما. چېچىڭنى چۈشۈرتىۋەتسەڭمۇ شەھەردىكى خىزمىتىڭدىن بوشىتىۋەتمەيدىغاندۇ ھەقچان؟!— دېدى تاغام يېڭىلا قويغان كالتە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن دەسلەپ سەل ئوڭايسىزلاندىم. لېكىن پېشانىسىگە چىققاندىن كېيىن ئالدۇرۇۋەتكەن، ئۇنىدىن بۇرۇن داۋاملىق بىر خىل تۇرىدىغان بىر تۇتام كوكۇلا چېچى ئېسىمگە چۈشۈپ كۈلگۈم كەلدى. ئەمما بىھۇرمەتلىك بولمىسۇن ئۈچۈن ئاغزىمغا كەلگەن گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتىم:

— ساۋاق ئېلىۋاتقان ئوخشىماملا؟

— ھە، ھەئە، خۇدانىڭ ئىلكىدىكى ئادەم بىز ئۇكام،— دېدى تاغام قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان قۇرئان، ھەدىيەككە بىر خىل ھۆرمەت بىلەن قاراپ قويۇپ،— سالى قارىدىن ساۋاق ئېلىۋاتىمەن. ھازىرتېخى ئاياغ پارىدىكى ئۇششاق سۈرىلەرنى ئۆگىنىۋاتىمەن...

مەن تاغام بىلەن خۇشلىشىپ يولۇمغا ماڭدىم. «تاغام رەسمىي ئۆزگىرىپتۇ، كونىلىققا يۈزلىنىپتۇ —، دېدىمەن ئىچىمدە،— بۇرۇن كۆرۈشسە، ھە، شەھەردە نېمە يېڭىلىقلار بار؟ پالانى دۆلەت بىلەن پۇستانى دۆلەت ئۇرۇش ئېلان قىپتۇ دەيدۇ، راستمىدۇ؟ دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ كېتەتتى. ئەمدىلىكتە بۇنداق گەپلەرنى تاپقىلى بولمايدىغۇ تاغامدىن؟!»

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، قاۋۇل تاغامنىڭ ئۆيىدىكى ئۇلاغ — ئۇلەك، گىلەم-پەلەمنى سېتىپ ھەرەمگە بېرىش ۋېيزىسىنى ناھىيىدىن ھەل قىلالماي ئۈرۈمچىگە كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. گەرچە تاغام بىلەن خۇشلىشالمىغان بولساممۇ، ئۇنىڭ بۇ ئىرادىسىگە ئىچىمدە ئاپىرىن ئوقۇدۇم. بويىتۇ، ئىچىمىزدىن بىرەر تېرىم ھاجى چىقسا بۇمۇ بىر ياخشى ئىش، شۇ باھانىدا چەت ئەل مەدەنىيىتىنىمۇ كۆرۈپ كېلەر دەپ ئويلىدىم.

لېكىن بىر كۈنى كەچقۇرۇن تاغام بىر ئات ھارۋىسىغا لىق بىر قەغەز يەشىكنى كىرا قىلىپ ئىشىكىمىز ئالدىغا كېلىپ قالدى.

— نېمە بايلىق بۇ تاغا؟ — دېدىمەن ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن.

— ئازراق ئاياغ ئالغاچ كەلدىم ئۇكام، ئۈرۈمچىدىن ھازىرلا چۈشۈشۈم. يۇرتتىن بىر نەرسە كەلگىچە ھويلاڭدا تۇرۇپ تۇرسۇن. قېنى ئەمىسە، بۇلارنى ئەكىرىشىپ بەر، — دېدى تاغام ھارۋا ئۈستىدىن بىر يەشىكنى ئىنچىتلاپ ئېلىۋېتىپ.

يەشىكلەرنى ھويلىغا ئەكىرىپ بولۇپ ھارۋىكەشنى ئۇزىتىدىغان چاغدا، تاغام ئۇنىڭ بىلەن كىرا تالىشىپ قالدى:

— نومۇس قىلىسىلاچۇ؟ كىچىككىنە ئارىلىققا ئۈچ كوي ئالامىلا؟ تۇتسىلا ماۋۇ ئىككى كوينى!

— قانداق ئادەم سىلە؟ ئۈچ كويغا پۈتۈشكەن تۇرساق، بۇ قىلىقلىرى ساقال ئاقارغاندا...

— ھەي دىنسىز ئوغرى، ساقىلىمنى ئاغزىڭغا ئالماي پۇلنى ئېلىپ ماڭمامسەن.

— ئادەمنى كەلسە - كەلمەس ھاقارەتلىمىسىلە، سىلىنىڭ بۇ قىلغانلىرى ئەھلى-مۇسۇلمانلىق ئىشىمۇ؟

— ھىلى بىكار ئاغزىمنى يامان قىلىۋېتىمەن...!

— ...

گەپنىڭ ئۇرامىدىن قارىغاندا تاغام بىخەللىق قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. سۇئالى - سالا قىلىپ تاغامدىن قالغان پۇلنى ئېلىپ بېرەي دېسەم، ئۇنىڭ ئەلپازى يامان. ئاپئاق كۆتمەك ساقىلى تىترەپ، ئاچچىقىدا چىرايى قارىداپ كەتكەنىدى. ھارۋىكەشكە گەپ قىلاي دېسەم ئۇنىڭ گېپى يوللۇق. ھەي، بۇ خىجىلچىلىقنى كۆرمەمدىغان، شۇ ئارىلىقتا قوشنا - قولۇملارمۇ بىر ئىككىدىن چىقىپ ئىشىك تۈۋىدە تاماشا كۆرگىلى تۇردى.

— مانا قالغان پۇلىڭىز، ئادەمگە رودىپايدەك چاپلىشىۋالماي تېزراق كېتىڭلا-دېدىمەن ھارۋىكەشكە يانچۇقۇمدىن بىر كوي ئېلىپ تەڭلەپ.

— قېمە ئىشىڭ بۇ ئۆزى، پۇل دېسەڭغۇ بار، لېكىن بۇ ئىمانسىز ئاشۇ يەردىن مۇشۇ يەرگە...

— بولدى، بولدى، ئۆيگە كىرەيلى.

شۇنداق قىلىپ، مەن تاغامنى باشلاپ ھارۋىكەشكىمۇ قارىماي ئۆيگە كىرىپ كەتتىم. تاغامنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ بۇ يىل ھەرەمگە بارىدىغان ئىشىنى ئۈرۈمچىدىمۇ ھەل قىلالماي قايتىپ كەپتۇ.

شۇ ئىشتىن كېيىن، تاغامنىڭ ۋىيىزا ئىشى بىلەن ئۈرۈمچىگە بارىدىغان قېتىم سانى كۆپەيگىلى تۇردى. بۇ يولنى بەزىدە بىر ئايدا ئىككى قېتىممۇ قاتناپ قالاتتى. ھەر قېتىم ماڭىدىغان چاغدا، كەلگەندە بىزنىڭ ئۆيگە چۈشەتتى. بەزى كورلىدىن، بەزى قاراشەھەر، ئاقسۇدىنمۇ يېنىپ قالاتتى. سەۋەبى ئاددى، يەنى يولدا ئازراق ئېپىدە كەلگەن «مال» ئۇچراپ قالغاچقا، ۋىيىزا ھەل قىلىش ئىشىنى كېيىنكى قېتىمغا كېچىكتۈرەتتى. ئەمدى تاغامنىڭ دىن، ساۋاب، گۇناھ... توغرۇلۇق قىلىدىغان ئۇزۇن گەپلىرى سودا - سېتىق، سودىگەرچىلىك تەرەپكە ئۆزگەرگەنىدى.

— نەچچە پۇلدىن ئالدىلا بۇ ئۆتۈكلەرنى؟- دەپ سورىدىمەن بىر كۈنى كورلىدىن يانغان تاغامدىن، يەشىكلەرنى ئىشارە قىلىپ.

— چاي - پېيىڭ بارمۇ؟ ئاۋۋال تائام دەپتىكەن،- دېدى تاغام ئۆيگە مېڭىپ.

— يىگىرمە يەتتىدىن،- دېدى تاغام چىنىدىكى چاينىڭ قالدۇقىنى ئوتلىۋەتكەندىن كېيىن،- ئەرزان ئۇچراپ قالدى، ئېلىپلا ياندىم. بىر نائىنساپ شوپۇرغا ئۇچراپ قاپتىكەنمەن دېگىنە، كىراغا ئوتتۇز كوي ئالدى ئۇ خۇمپەر،- تاغامنىڭ ئاغزىدىن ئوتتۇز كوينىڭ گېپى چىققاندا ئاۋازى بىر خىل بىچارىلارچە تىترەپ كەتتى، چىرايىدا بىر خىل ئاچچىق ئەلەم

ئەكس ئەتكەندەك بولدى.

— يۇرتتا بۇ ئۆتۈكلەرنى نەچچىدىن ئالار؟

— ئىشقىلىپ تارتقان جاپايىمغا لايىق بىر نەرسە چىقسا مەيلىغۇ، يولدىكى تاماقنىڭ قىممەتلىكىنى دېمەمسەن تېخى. بىر يېرىم كويغا قورساق تويمىسا، قانداق زامان بولۇپ كېتىۋاتىدىكىن — تاڭ؟! بەزى كۈنلىرى ئاچچىقىم كېلىپ ئاچ-ئاچ يۈرۈپمۇ كەتتىم. خۇدايىممۇ ئادەمگە قورساقدېگەن نېمىنى بەخشەندە قىلىپ يارىتىپتىكەن. هازىرقى كۈندە قورساق تويغۇزماقمۇ بىر مۇنچە چىقىم ئىكەن.

تاغام ئۆزىنىڭ يېگىنىگە ئۆزى قورساق كۆپتۈرۈۋاتاتتى. شە يىتىنىم غالىپ كېلىپ ئۇنىڭ بۇ گېپىگە كۈلۈپ تاشلىدىم.

— كۈلىسەنغۇ، مېنى زاڭلىق قىلىۋاتىسەن — هە؟! هازىرقى ياشلار زاڭلىقچى بولۇپ كەتتىڭلار، بەتخەجلىكىڭلاردىن شۇنچە كۆپ ئايلىق ئېلىپ تۇرۇپمۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا ناسۋال قاپاقتا پۇل بارمۇ دەپ يۈرۈيسىلەر. بىزمۇ ئەللىك ئىككى يۈەن مائاش ئېلىپ يىگىرمە نەچچە يىل ئىشلىگەن. شۇ پۇلنى ئىقتىساد قىلىپ، بالىلارنى بېقىپ شۇنچىلىك ئۆي تۇتقان. بىر ئۆي دېگەننى شۇنداق تۇتمىسا بولمايدۇ. مىسالەن، مەن مۇشۇ قېتىم كورلىغا بېرىپ كەلگۈچە ئون يۈەنلىك تاماق يەپتىمەن. ئۈچ كۈن كورلىدا تۇردۇم، يول ئۈچۈن بېرىپ — كېلىش بولۇپ بەش كۈن كەتتى. ياز بولغاندىكىن تالادا ماشىنىنىڭ يېنىدىلا ياتتىم. پۇل دېگەننى شۇنداق ئاياپ خەجلىمىسە توشامدۇ ئۇكام؟!

مەن تاغامغا ئارتۇقچە گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدىم. ئۇ بەكمۇ دىلى نازۇك ئادەم. مېنىمۇ ئىنىمنى يامان كۆرۈپ قالغاندەك يامان كۆرۈپ قالسا بولمايدۇ — دەپ.

بۇ يىلمۇ ئادىتىم بويىچە قۇربان هېيت نامىزىنى يۇرتتا دادىملار بىلەن بىللە ئوقۇش ئۈچۈن چوڭ ئۆيگە باردىم، نەچچە يۈزلىگەن جامائەت سەپ — سەپ بولۇپ رەتلىك تىزىلىپ جىمجىت هالدا خاتىپنىڭ مەسىلە يېشىپ بېرىشىنى تىڭشاپ ئولتۇرماقتا ئىدى. ناماز ئوقۇشقا يەنە ئازراق ۋاقىت بولسا كېرەك، خاتىپ مەسىلىنى داۋاملاشتۇردى. مەن بىر نەۋرە ئاكام سادىق ئاخۇن بىلەن خاتىپنىڭ ئۇدۇلىدا ئۈچىنچى رەتتە ئولتۇرغانىدىم. ئۆزۈمچە جامائەتكە سەپ سېلىپ كېلىپ بىرىنچى رەتتە خاتىپنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان قاۋۇل تاغامغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. مۆكچىيىپ ئولتۇرغان تاغام ئاللادىن ئارزۇ ئارمانلىرىنى — مەككىگە بېرىپ تاۋاپ قىلىش تىلىكىنى تىلەۋاتقاندەك بېشىنى يەرگە ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بېشى چىرايلىق يۆگەلگەن ئاق سەللىنى كۆتۈرەلمەيۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— قاۋۇل تاغام تازا كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغىلى تۇرۇپتىغۇ، — دېدىم مەن سادىق ئاكامنىڭ قۇلىقىغا ئاستا شىۋىرلاپ. ئۇ مەن ئىشارەت قىلغان تەرەپكە قاراپ كۈلۈپ قويدى ۋە پىچىرلىدى:

— قاۋۇل تاغام هازىر مەسىلە ئاڭلاۋاتمايدۇ، بۈگۈن ئالىدىغان پايدىنى هېسابلاۋاتىدۇ، — دېدى. هەر ئىككىمىز خىرىلداپ كۈلىدۇق. لېكىن مەن ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن هەيران قالدىم.

بۇ، ئۆزى ئادەتتىكى بىر يېزا بولغىنى بىلەن بازىرى كارامەت قىزىيدۇ. يىراق — يېقىندىكى تۆت — بەش يېزىدىن، هەتتا ناهىيە، شەهەردىنمۇ ئادەملەر بۇ بازارغا كېلىپ سودا — سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۈگۈن ناماز كۈنى، بۇ يېزىنىڭ بازار كۈنى. مەن ئەتىگەندىن بېرى پەتىلىگەچكە كەچ بازارنى بولسىمۇ بىردەم ئايلىنىشنى

ىيەت قىلىپ بازارغا چىقتىم. بازار يەنىلا
قايناق، كىشىلەر كۆپ ئىدى. مەن ئاستا
ئايلىنىپ بازارچىتىدىكى ئاياغ كىيىم ساتى-
دىغان جايغا باردىم.

— قارىسىلا، ئىسكەتىنى ئۆزلىرى كۆر-
لە مانا، بەش يىل كىيسىلا، بەش يىل! ئۇ-
لۇغ ھېيت - ئايەم كۈنىدە يالغان سۆزلى-
مەيمىز. ئۆتكەن ھەپتە ئاتمىش كويدىن
ساتقان ئۆتۈكتى بۇ، بۈگۈن مانا بەش كوي
چۈشۈرۈۋەتتۇق، زىيان چىقتى دېسىلەزىيان،
دىلىغۇل بولماي ئېلىۋەرسىلە دەيمەن. يا-
رىماي قالسا قېشىمغا ئەكەلسىلە بولدى،
پۇللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىمەن.

بۇ تاغامنىڭ ياغلىما سۆزلىرى ئىدى.
چىرايىنى توپا - چاڭ باسقان تاغام ئەتى-
گەندىن بېرى تولا گەپ قىلغان بولسا كې-
رەك، لەۋلىرىنى گەز باغلاپ كەتكەنىدى.
مەن خېرىدار تۇتۇپ تۇرغان ئۆتۈككە قا-
رىدىم، تۇۋا قىلدىم. بۇ ھېلىقى كورلىدىن
ئېلىپ كەلگەن يىگىرمە يەتتە كويلۇق ئۆ-
تۈككۇ؟ قىزىق، تاغام ئەللىك بەش كويدىن
ساتسىمۇ يەنە زىيان تارتقۇدەك. مەن تا-
غامنىڭ يېنىدا ئارتۇق تۇرۇشنى خالىماي مۇ-
رەككەپ ھېسسىيات ئىچىدە كەينىمگە ياندىم.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۆيدە تېلېۋىزور
كۆرۈپ ئولتۇراتتىم، تۇساتتىن تاغام بوسۇ-
غىدا پەيدا بولۇپ قالدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئىتتىك بول،
قويغىنا، بۇ شەيتاننىڭ نېمىسىگە قاراپ
ئولتۇرۇۋەرمەي، ئاغچا ئاچاڭنىڭ مىجەزى
يوق دوختۇرخانىغا ئەكەلگەن، بىللە چىق-
مىساڭ بولمىدى، - تاغام شۇ گەپنى قىل-
دى - دە، تېلېۋىزورغا ئالىيىپ بىر قاراپ
قويۇپ كەينىگە ياندى. مەن چىدىيەلەشتىم،
تاغامنىڭ مەن بىلەنمۇ كۆرۈشمەي ئالدى-
راپ چىقىپ كەتكىنىگە قارىغاندا، ئاغچى-
خان ئاچامنىڭ — تاغامنىڭ قەدىناس ئايا-
لىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىدەك قىلاتتى. مەن
شاققىدە ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، ئۇنىڭ
كەينىدىن ماڭدىم.

بىز تاكى دوختۇرخانىغا بارغىچە بىرەر
ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدۇق. چۈنكى تاغامنىڭ
چىرايى مۇگدۈق، غەمكىن ئىدى. ئاغىچىخان
ئاچام كاردىۋرىدىلا ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئۇ-
نىڭ باش تەرىپىدە چوڭ قىزى رەناگۈل يىغ-
لامسىراپ ئولتۇراتتى.

— تەكشۈرتەمدۇق؟ — دېدىمەن تاغامغا
بۇرۇلۇپ.

— تەكشۈرتۈپ بولغان، ياتاققا ئالمىز
دەيدۇ، - تاغام پۈتى كۆيگەن توخۇدەك جا-
يىدا تۇرالماي ئۇيا قتىن - بۇياققا ماڭاتتى.

— ئەمىسە يۆتكەيلى.

— سېنى بىكارغا قىچقىرىپ چىقمىدىمەن،
ماۋۇ نېمىلەر ئەكىلىپ بولغىچە بىر مۇنچە
پۇلنىڭ گېپىنى قىلىدۇ. تونۇشۇڭ يوقمۇ؟
ئازراق ئېلىپ تۇرسا بولمامدۇ؟ — تاغام
ماڭا قېيىدىغاندەك زەردە بىلەن سۆزلىدى.

— تونۇش بولغان بىلەن دېگەن پۇلنى
تۆلىمىسەك بولمايدۇ. يانلىرىدا پۇل يوق
بولسا مەن ئۆيگە بېرىپ ئەكىلەيمۇ يا؟ -
مەن ئارقامغا ئۆرۈلدۈم.

— ياق - ياق، پۇلغۇ بار، ئانچىكىم كې-
سەلگە شۇنچىۋالا پۇل ئالامدۇ بۇلار.

ئاغىچىخان ئاچامنىڭ ئىچىنىشلىق ئىڭ-
رىغان ئاۋازى تاغامنى گەپتىن توختىتىپ
قويدى.

— مانا مەندە ئىككى يۈزكوي بار دادا،
سىلىدىن ھېچبولمىسا يۈز كوي چىقار، ئۈچ
يۈز كوي تۆلەڭلار دېدىغۇ ناھايىتى، - رە-
ناگۈل ئەمدىلا ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك
يانچۇقىدىن بىر تۈتام پۇلنى ئالدى ۋە
تاغامغا تەڭلىدى. تاغام ئىككىلىنىپ تۇر-
مايلا رەناگۈلنىڭ قولىدىن ئىتتىك پۇلنى
ئالدى ۋە ئۆزىنىڭ تۆش يانچۇقىنى كولاپ

بىر بولاقنى سۇغاردى. ۋاھ، تاغامدا شۇنچە كۆپ پۇل تۇرۇپ يەنە نېمىشقا ئۆزىنى قىيناپ يىدىغاندۇ؟ ئېشىپ قالسا يەنە ياندۇرىدىغان گەپقۇ؟ تاغامنىڭ بۇ ئىشىدىن ھەيران قالدىم. چامىمچە ئۇنىڭ قولىدىكى پۇل چوقۇم مىڭ يۈەندىن كەم ئەمەس ئىدى. ئۇ پۇلنى ساناشقا باشلىدى. ئۇنىڭ پۇل ساناۋاتقان قولى شامالدا قالغان يوپۇرماقتەك دىر - دىر تىترەيتتى. ئۇ شۇ تەرىقىدە بىر ھازادىن كېيىن يۈز يۈەننى ئايرىپ ئالدى - دە، پۇل تۆلەش ئۈچۈن كەتتى.

— پۇلنىڭ كېپىنى ئاڭلاپلا سىرتقا چاپسا نەگە بارىدىكىن دەپتىمەن. سىزنىڭ قېشىڭىزغا بېرىپتۇ - دە. پۇل دېگەنگۇ ھازىر دادام ئۈچۈن جاندىن تاتلىق، بىچارە ئانام قىينىلىپ كېتىۋاتسا ... — رەناگۈل شۇ گەپنى دەپ ئېسەدەپ كەتتى. مېنىڭ كۆڭلۈممۇ بىر قىسىملا بولدى ... بىر چاغدا تاغام كەلدى. بىز بىرلىكتە ئاغىچخان ئاچامنى بالنىتسىغا يۆتكىدۇق ...

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە ئۆيدە ئولتۇرسام، تاغام پەيدا بولۇپ قالدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، «ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە» دەپ ئاشقا ئۇلگۇرۇپ كەپتىمەن ياخشى. ئەتىگەندىن بېرى ھالىدىن كەتتىم قورسىقىم ئېچىپ. ئامىن ... ئاللاھۇ ئەكبەر، قانداق تىنچلىقمۇ؟

— ئاغىچخان ئاچام قانداقراق تۇرىدۇ؟ - سورىدىمەن تاغامنى دىۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ.

— ئاۋۋال تائام ئۇكام، تامىقىڭنى ئەكەلمەمسەن؟

تاغامنىڭ گېپى ئۈستىگىلا ئايالىم بىر تەخسە لەڭمەن كۆتۈرۈپ كىردى.

— يامان ئەمەس، بۈگۈن خېلى يامان ئەمەس. شۇنچە پۇلنى ئالغانغا يارىشا خېلى شىپا تېپىۋاتىدۇ. لېكىن - زە بۈگۈنكى بازاردىن قالدىم - دە. تاشلاپلامامغاي دېسەم سەت تۇرامدىكىن دېدىم. ئەتىگەندىن بېرى تولا پايپاسلاپ يۈرۈپ قورسىقىم ئېچىپ كەتتى. ئىككى يىلدىنگە تاماق ئەكىرىپ بېرىپ غاچچىدە مۇشۇ يەرگە مېڭىشىم. بىر كىشىلىك تاماقنىڭ پۇلى بولسىمۇ ئايالغىنى-ئايالغان دېگىنە. ئارىلىقى خېلى باركەن جۇمۇ بۇ يەرنىڭ، ھېرىپ ھالىمدىن كەتتىم، ئۇھ ...

— كىرا ھارۋىسى بارغۇ!؟ - دېدىمەن تاغامغا ئىچىم ئاغرىپ.

— كىچىككىنە يەرگە بىر مۇنچە پۇل ئالىدىكەن، ئۇنىڭغا بەرگەن پۇل يانچۇقتا قالسا نېمە يامىنى.

مەن تاغامنىڭ گەپلىرىدىن بۈگۈن ئۇنى تولۇق چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئوي - خىيالى پۇلدا ئىدى. ھەي پۇل، ئادەمنى ھەر كويغا سالىدىغان ھەي پۇل! مېنىڭ تاغام سەن ئۈچۈن، پەقەت سەن ئۈچۈنلا جان تىكىپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ سەن ئارقىلىق ئۆز ئارزۇ ئارمانىغا — ھەج قىلىپ ھاجى بولۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى...

بۇ ئىشلارغا ساق بىر يىل بولغاندا تاغام ئۆزى كېسەل بولۇپ قېلىپ دوختۇرخانىغا كۆرۈنۈش ئۈچۈن شەھەرگە كەلدى. ئۇنى تەكشۈرتكىنى يەنىلا مەن بىللە چىقتىم. بىر نەچچە يەردە تەكشۈردى، بىر نەچچە دوختۇر دىئاگنوز قويۇپ ئوزۇق يېتىشمەسلىكتىن ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى، قان ئازلىق ۋە يۈرەك ئاجىزلىقىنىڭ خەتەرلىك كېسەللىك ئىكەنلىكىنى، ئەگەر جىددىي داۋالىمىسا ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلدى.

تاغام كارىدورغا چىققاندا ئاچچىقلاپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئالجىپ قاپتۇ بۇ نېمىلەر، خۇدا بەرگەن جاننى خۇدا ئالىدۇ، ئوزۇقلۇق يېتىشمەپتىمىش تېخى، بۇ نېمىلەر نېمە بىلەتتى.

(ئاخىرى 63 - بەتتە)

ئادىلە ئىسمائىل

# جاراھەت ئالماك قەپەسلەر

(ھېكايە)

تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن يازلىق كانىكۇل ۋاقتى ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئىككى ھەپتىدىن بۇيانقى جىددىي تەييارلىق ۋە سۇرلۇك ئىمتىھان ستودېنتلارغا ئېغىر ھارغىنلىق يەتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئائىلىسىگە قايتىشىنىڭ خۇشاللىقى بىلەن قايتىدىن جانلىنىپ، ئالدىراشچىلىق ئىچىدە مېڭىش تەرەددۇتىغا چۈشۈپ كەتتى. بىراق ماھىرەنىڭ ئىت-تىتىلىقتىن ھېچ ئىشقا قولى بارماي كۆزىنى نەملەپ ئولتۇرغىنىغا بىر نەچچە سائەت بولۇپ قالغانىدى.

ئەسلىدە ئۇ ئۇرۇمچىدىكى بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان توي مەرىكىسىگە قاتنىشىپ بىر نەچچە كۈن كېچىكىپرەك يۇرتىغا قايتماقچى ئىدى.

كۈتۈلمىگەندە بۈگۈن ئەتىگەن ئىنىسىدىن: «ئاپام كېسەل، تېز قايتىپ كەل!» دېگەن كۆڭۈلسىز تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئاخىرقى ئىمتىھانىنى غەلىبىلىك تاماملاپ خۇشال چىقىۋاتقان ماھىرە بۇ تاسادىپىي خەۋەردىن تېڭىرقاپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى. ئانىسىنىڭ كېسەل كارۋىتىدا ئىڭراپ ياتقان، كۆزلىرى نۇرسىز پىلدىرلاپ، چىرايى ئاپئاق ئاقارغان بىر ھالەت كۆزىگە كۆرۈنگەندەك بولۇپ ياشقىدە يىغلىۋەتتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان باشقا ساۋاقداشلار ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ دەرھاللا تۇشمۇ تۇشتىن ئەتىكى ئاپتوبۇسنىڭ بېلىتىنى ئىزلەشكە باشلىدى. بىراق تۆت كۈنلۈك بېلەت ئالالىغاچان ئالدىن سېتىلىپ بولغانىدى. مۇشۇ مەزگىل يۇرتىغا قايتىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن قاتناش ئورۇنلىرى ئەڭ جىددىي بولىدىغان پەيت بولغاچقا، ستودېنتلارمۇ بىرەر ھەپتە بۇرۇنلا بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. شۇنچە قىلىپمۇ ئامال تېپىلمىغاندىن كېيىن ماھىرە دەردىنى كۆزىدىن ئېلىپ يىغىغا چۈشتى.

— كۆڭلۈڭنى بۇزما ئاداش، بەلكىم ئۇنچىلىك ئەنسىرەش ھاجەتسىزدۇر. ئاپاڭنىڭ سېنى تېزرەك كۆرگىسى كېلىپ، ئۆزى شۇنداق خەۋەر بەردىمۇ تېخى.

— ياق، ئاپام مېنى ھەرگىز مۇنداق ئالدىمايدۇ، ئېھتىمال ئۇ ماڭا بۇ ئەنسىز خەۋەرنى يەتكۈزۈشكىمۇ قوشۇلمىغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېلېگراممىنى ئىنىم بېرىپتۇ.

— قېنى، ئەتە بېكەتكە بىرگە چىقىپ باقايلى، بىرەر ئامال تېپىلىپ قالار. ھېچ بولمىغاندا سەن مېنىڭ بېلىتىمگە ئاۋۋال مېڭىپ تۇرارسەن.

— ئۇنداقتا سەنچۇ؟

— سېنىڭ ئىشلىرىڭنى ھەل قىلىۋالغاندىن كېيىن، مەن بىر نەچچە كۈن كېچىكىپرەك ماڭساممۇ كېرەك يوق.

ماھىرەنىڭ كېچىكىدىن تارتىپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، ئالىي مەكتەپكىمۇ تەڭ قوبۇل قىلىنىپ، بىر سىنىپ، بىر ياتاقتا ئۆتتۈۋاتقان يېقىن دوستى نادىيە ئۇنى چوڭ بىر غەمدىن خالاس قىلدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى

تاڭ ئەمدىلا سۆزۈلۈشكە باشلىغان سالقىن شامالىق گوگۇم سەھەردە، سەپەر سومكىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ رەت - رىتى بىلەن ئاپتوبۇسقا چىقىۋاتقان يولۇچىلارنىڭ مۇتەلەق كۆپى ستودىنتلار ئىدى.

— بولدى ئادىيە، سەن چىقىپ ئورنۇڭدا ئولتۇرغاچ تۇر، مەن شوپۇرغا ئېيتىپ باقاي، كابىنكىدىكى ئورۇن بوش بولۇپ قالسا ئىنىسابى كېلىپ ئېلىۋالار. سىنىڭ ئاپاڭنىڭمۇ شۇ تاپتا يولۇڭغا قاراپ كۆزلىرى تېشىلىپ كېتەي دېگەندۇ.

ماھىرە شۇنداق دەپلا ئاپتوبۇسنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتۈپ، كابىنكىنىڭ ئەينىكىنى سۈرتىۋاتقان قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بەستلىك شوپۇرغا ئەيمىنىپرەك سۆز ئاچتى:

— ئاغا، كابىنكىدىكى ئورۇن بوش بولسا... ھىم... مېنى ئېلىۋالسىڭىز بوپتىكەن!

— بىلەت ئالالمىغان ئوخشىمامسىز قىزچاق؟ - ئۇستام بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا زەن سېلىپ بىر قارىۋالدى.

— ھەئە، ئەسلىدە كېيىنىرەك ماڭماقچى ئىدىم، بىراق ئاپام ئاغرىپ قېلىپ...

— مۇنداق دەڭ.

تۇيۇقسىز شوپۇرنىڭ قويۇق قوشۇما قاشلىرى ئاستىدىكى گىرۋەكلىرى ئاندا - ساندا قورۇق بىلەن چۆمكەلگەن ئۆتكۈر چوڭ كۆزلىرى ئۆزىگە ئاجىز بىر ئۈمىد بىلەن ئوماققىنە تەلمۈرۈپ تۇرغان چىرايلىق ستودېنت قىزغا تىكىلىپ قالدى، سۈرتكۈچ تۇتقان قوللىرى ئىشتىن توختاپ، قېلىن لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترىدى. قىز ئۇنىڭ بۇ غەلىتە قارىشىدىن ئوڭايسىزلىنىپ ئاستاغىنا بېشىنى ئېگىۋالدى.

«توۋا؟ بۇ ئادەمگە نېمە بولغاندۇ؟ نېمانچە پەيدىغاندەك قاراپلا قالدىكىنە؟ دادامدەك بىر كىشى تۇرۇپ...» قىزنىڭ تېنى جۇغۇلدىغاندەك بولدى.

«توۋا، بۇ نېمە گەپ؟ ئۇ قىز كىم؟ نېمىشقا، نېمىشقا شۇنچە تونۇش چىراي؟ ئەجەبا...» شوپۇر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، نېمىدۇر ئەسلەشكە ئۇرۇنغاندەك قىزغا تېخىمۇ سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

«ۋاي جېنىم، مېنى خۇدا ئۇرغان ئوخشايدۇ. بۇ دۇرۇس ئادەم ئەمەستەكلا قىلىدۇ. شۇنچىمۇ بېزەڭلىك بىلەن قاراپ قالغان بارمۇ؟ ياق، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ماشىنىسىغا چىقىپ قالماي.» قىزنىڭ بىردىنلا ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كۆزىگە ئاچچىق ياش كەلدى.

«ئۇنىڭ ئاۋازى، كۆزلىرى، ھەتتا گەپ قىلغاندىكى قىياپىتى... دەل ئۆزى شۇ، چوقۇم شۇ. ئېمانچە ئوخشىغان - ھە!» تېخىچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ تەئەججۈپ ئىلكىدە تۇرۇپ قالغان شوپۇرنىڭ قەلبى ئاجايىپ بىر ساراسىم ئىچىدە داۋالغۇشقا، ئىللىق، نازۇك بىر ھېسسىياتتىن ئاجىز تىترەشكە باشلىدى... بىر چاغدا ئۇ، قىزنىڭ ئۆزىگە زەردە بىلەن بىر ھومىيىپ قويۇپ سومكىسىنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىۋاتقان غەزەپلىك قىياپىتىنى كۆرۈپ قالدى. قىز كېتىشكە تەمشىلىۋاتاتتى، شوپۇر جىددىيلىشىپ قالدى.

— توختاڭ! قىزىم...

ماھىرەنىڭ بوشاشقان ئېغىر قەدەملىرى كۆتۈلمىگەن بۇ يېقىنچىلىق سۆزىدىن ئورنىدا شىپپىدا توختاپ قالدى. «قىزىم!؟ ئەجەبا، ئۇ مېنى چاقىرىۋاتامدىكىنە؟...» بۇ سۆز ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى تاتىلىقىنا بىر سۆيۈپ ئۆتۈپ، كۆڭلىنى شۇرۇردە ئېرىتىۋەتتى. ئۇ ھەيرانلىق بىلەن ياندىغان مەسۇم كۆزلىرىنى شوپۇرغا تىكتى.

— ئەپكىلىڭ، سومكىڭىزنى مەن ئالاي، ئۆرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن بېلەت

AltunOq

ئالغىلى بىرگە بارايلى. كابىنكىدا ئولتۇرغانلارغا ئايرىم بىلەت كېسىدۇ. — شوپۇر ئېسىگە كېلىپ قولىدىكى سۈرتكۈچنى تاشلىدى، شۇنداق دېگەچ قىزنىڭ قولىدىكى سومكىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭغا مېھرى بىلەن يەنە بىر قارىۋالدى. شۇ چاغ ماھىرەنىڭمۇ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ كەتتى.

«نېمە دېگەن يېقىملىق، تونۇش چىراي بۇ!» تۇرۇپلا ئۇ، بۇ كىشىنى ئۆزىنىڭ بەكمۇ يېقىن بىر ئادىمىدەك ھېس قىلىپ قالدى. ئەمدى ئۇ شوپۇرغا ئۈنسىز بويسۇنۇشقا، ھەممە ئىشنى ئۇنىڭ ئېيتقىنى بويىچە قارشىلىقسىز ئورۇنداشقا باشلىغانىدى. بىراق ئۇ كىشى ئۆزى پۇل چىقىرىپ بىلەت كەستۈرمەكچى بولغانىدى، ماھىرە كەسكىن رەت قىلدى. رەھمەت ئېيتىپ كۆڭلىنى قايتۇرماقچى بولدى. ئەمما ئۇ ئۇنىڭدىنمۇ جاھىل ئادەم ئىكەن، پەقەتلا ئامال بولمىدى. تاسادىپىي كېلىۋاتقان بۇ پەۋقۇلئاددە ئىلتىپاتلار ئەمدىلىكتە قىزغا راستلا غەلىتە تۇيۇلدى. ئاللىقانداق ئەنسىز خىياللار ئەقلىنى بۆلۈپ بۇ ئادەمدىن گۇمانلاندۇردى. شۇنداقتىمۇ ھېلىقى «قىزىم» دېگەن سۆز پات-پات قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇراتتى. ئاللىقانداق ھاياجانلىق تۇيغۇ بېرىپ ئۇنى بەزلەيتتى. ھەر ھالدا ئۇ بۈگۈن ۋاقتىدا يولغا چىقالىغىنى ھەم ياخشى بىر «دادا» تېپىۋالغىنىغا خۇشال بولماي قالمىدى. ئۇنىڭ بۇ ئادەم بىلەن نېمىلەرنىدۇر سۆزلەشكۈسى، ئارىدىكى ئۆزىمۇ چۈشەنمەي يەتمەيدىغان سىرلىق ئۇقۇشمىسلىقنى تۈگەتكۈسى كېلەتتى. بىراق ماشىنا قوزغىلىپ چۈشلۈك تاماققا چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا ئورۇندۇق يېتىشمەي كابىنكىغا چىقىۋالغان سودىگەر سۈپەت يەنە بىر يولۇچى، شوپۇرنىڭ قىلچە ئېرەڭشىمەيۋاتقىنى، بىزار بولغىنىغا پەر-

ۋا قىلماي ئاغزى بېسىقماستىن سۆزلەپ، توختىماستىن سوئال سوراپ، ئۇلارنىڭ گەپ قىلىشىۋېلىشى ئۈچۈن ئازراقمۇ پۇرسەت بەرمىدى. لېكىن بۇ مەنىسىز پاراڭ شوپۇرنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ پات-پات يانغا بۇرۇلۇپ، قوشۇمىسىنى يېنىك تۈرۈپ، يىراقلارغا تىكىلگىنىچە ئويچان ئولتۇرغان ماھىرەگە نېمىنىدۇر ئەسلەشكە ئۇرۇنغاندەك دىققەت بىلەن قاراپ-قاراپ قوياتتى... ھېلىقى يولۇچى بىر مۇنچە تەكەللۇپ سۆزلىرى بىلەن مەنزىلگە يېتىۋالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىنلا ئۇلار يېنىك تىن ئالدى.

— يۈرۈڭ قىزىم، تاماق يەپ چىقايلى. — شوپۇر ماھىرەنىڭ سىلىق سورىغان ئۆزرىلىرىگە قۇلاق سالماي زورلاپ دېگۈدەك ئۇنى ئۆزى بىللە ئېلىپ كىرىپ، غىزالاندۇردى.

— يەنە ئالتە سائەتتىن كېيىن — قاراڭغۇ چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا، سىزمۇ ئۆيىڭىزگە يېتىۋالىسىز قىزىم. — ئۇلار تاماقتىن يېنىپ ئاپتوبۇسقا قايتا جايلىشىۋاتقانلىدا، شوپۇر كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى. ئۇ نېمىشقىدۇر ھەر بىر سۆزىنىڭ ئاخىرىغا «قىزىم»نى قوشۇپ ئېيتىۋاتاتتى. بۇ سۆز ماھىرەگىمۇ خوپ ياقتى.

ئاپتوبۇس يېنىك غۇڭۇلداپ بىر خىل سۈرئەت بىلەن سىلىق يۈرۈپ كەتتى. ئارىنى يەنە بىر پەس جىملىق باستى. بىر-بىرىگە روبىرو ئولتۇرغان بۇ ئىككى كۆرۈشمىگەن تونۇشلار قارىماققا يېنىدا ئادەم بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ ئۆز خىياللىرى بىلەن بەنت بولۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — بۇ بۇرۇختۇم جىملىقتىن ئىچى سىقىلدى بولغاي، شوپۇر ئاخىر ئېغىز ئاچتى.

— ماھىرە قىز ئۇنىڭغا لاپپىدە بىرقاراپ قويۇپ مۇلايىم جاۋاب بەردى.

— ماھىرە!؟ ئانىڭىزنىڭ ئىسمىچۇ؟

قىز ئۇنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ، ئالاقزادە تۈس ئالغان چىرايىغا ئەجەبلەنگەن ھالدا قاراپ قويدى.

— ئاپامنىڭ ئىسمى نۇرىيە.

— سىز... — بىردىنلا شوپۇرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— سىزنىڭ يەنە بىر ئىنىڭىزمۇ بارغۇ دەيمەن... ئۇلار قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟ — ئۇ خېلىدىن كېيىن بوش ئاۋازدا سۆزىنى داۋام قىلدى.

ماھىرە قىزىققان ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلدى:

— ۋۇي، سىز ئاپامنى تونۇيدىغان ئوخشىمامسىز، دادامنىڭ دوستلىرىدىن بىرى بولماڭ يەنە.

— ياق، مەن... ھىم.

قىز ئۇنىڭ بۇ بىنورمال كەيپىياتىدىن، نېمىندۇر بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپلا يەنە توختاپ قېلىۋاتقان غەلىتە قىياپىتىدىن قانداقتۇر بىر سىرنى تۇيغاندەك يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى. ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن بىر قولىدا رول باشقۇرغاچ چاقماق چېقىپ تاماكا تۇتاشتۇرۇۋاتقان شوپۇرنىڭ ئوت يالقۇنى ئەپتىدە قىزىرىپ كۆرۈنۈۋاتقان غەمكىن چىرايىغا يوشۇرۇن بىر قاراۋالدى: «قىزىق، بۇ كىشى ئاپام بىلەن ئىنىمنى قانداق تونۇيدىغاندۇ؟ ماڭا نېمىشقا بۇنداق يېقىنلا مۇئامىلە قىلىدۇ؟ ئۇ چوقۇم دادامنىڭ يېقىن بىر ئادىمى ياكى بىزگە ھېسداشلىق قىلغۇچىلاردىن بىرى بولسا كېرەك».

— ئاغا، سىز قانچىنچى كالۇندا؟

— ھە، مەنمۇ؟ ئۈچىنچى كالۇندا.

— ئۇنداقتا مېنىڭ دادامنى تونۇيدىكەنسىز - دە، ئۇمۇ ئاپتوموبىل شوپۇرى، ئىسمى ئەنۋەر، ئۈچىنچى كالۇندا.

شوپۇر ئېغىر بىر خۇرسىنىپ، ئاپايچىلىق كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا بىر ھازا تىككىنىچە ئۈنسىز تۇرۇپ قالدى. ئەمدى ھەر قانداق گۇمانلارغا ئورۇن قالمىغانىدى.

— شۇنداق، تونۇيمەن، ئۇنىڭ ئاۋازى ئاغرىقتىن ئىڭراۋاتقان ئادەمنىڭكىدەك بەكمۇ بوغۇق، زەئىپ چىقتى.

— ئۇ، ياخشى تۇرۇۋاتقاندۇ؟ — ماھىرە شۇ سۆز بىلەن تەڭلا ۋىللىدە قىزىرىپ، بەكمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئۆزىچە، خاتا سۆزلەپ قويغاندەك: نەچچە يىللاردىن بېرى كۆڭلىدىلا ئويلاپ يۈرگەن بۇ سوئالنىڭ تۇيۇقسىز ئېغىزىدىن چىقىپ كېتىشى ئانىسىغا قىلىنغان خىيانەتتەك تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى. ئەكسىچە بۇ سوئال شوپۇرنىڭ چىرايىدىكى ھەسرەتلىك تۇمانلارنى تارقىتىپ، كۆزلىرىنى ھاياجانلىق بىر خۇشاللىق بىلەن چاقنىتىۋەتتى:

— سىز ئۇنى ھېلىمۇ ئەسلەمسىز؟ ئۇنى كەچۈرەمسىز؟ — تۇيۇقسىز شوپۇر ماھىرەنى تېخىمۇ بەكرەك ھەيرانلىقتا قالدۇرۇپ، ئاجايىپ بىر چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى يەنىلا شۇنداق يىغا ئارىلاشقاندەك بوغۇق ۋە پەس ئىدى.

— مەن دادىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن. ئۇ ھازىر سىلەرنى دائىم ئەسلەيدۇ، سېغىنىدۇ. سىزنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدۇكى، ھېچ ۋاقىت سىزنى خىيالىدىن چىقىرالمايدۇ. سىلەرنىڭ ئۆزىنى ئەپۇ قىلىشىڭلارنى كېچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق، ئۇ سىلەرگە يۈز كېلەلمەيدۇ. شۇڭا سىلەرنى ئىزلەشكە، كەچۈرۈم سوراشقا پېتىنالمايۋاتىدۇ. ئېيتىڭا، سىزمۇ ئۇنى سېغىنامسىز؟ تۇرمۇشىڭ، تەلۋە قايناملىرى ئازدۇرغان دادىڭىزنىڭ پۇشايمانلىق ياشلىرىنى قۇرۇتۇشنى، ئۇنىڭ،

جاراھەتلىك قەلبىمنى بالىلىق مېھرىڭىز بى-
لەن ساقايتىشنى خالامسىز؟

سالىمقى بىلەن ئېيتىلغان بۇ ناسادىيسى
سوئاللار قىزنىڭ مەيىن چايقىلىپ تۇرغان
قۇبارسىز سەبىي يۈرىكىنى قاتتىق بىر دا-
ۋالغۇتتى. كىچىكىدىن دەردكە چۆمكىلىپ
ئاپىرىدە بولغان بۇ ئاجىز يۈرەك مۇنداق
ئېغىر زەربىلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى.
ئۇ ئېگىردى، بەكمۇ مۇڭلۇق، ئازابلىق
ئېگراپ سالدى ...

راست، ئۇ دادىسىنى، دادىسى ئۇنى سې-
غىنغاندىمۇ ئارتۇق سېغىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىل-
لىق باغرىغا، ئاتىلىق مېھرىگە تاقەتسىز
تەلمۈرىدۇ. تېزرەك كېلىپ ئۇستىدىكى يې-
تىملىك كېپەنلىرىنى ئۆز قولى بىلەن سال-
دۇرۇشنى، دادا مۇھەببىتىگە قانمىغان سۇ-
نۇق قەلبىنى كۈلدۈرۈشنى تۆت كۆزى بىلەن
كۈتىدۇ. بىراق، قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر
قاتلاملىرىغا دەپىن قىلىنۋەتكەن بۇ پىغانلىق
ئۇمىدلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، ئېغىزدىن
چىقىرىش — ئانىسىنىڭ باققان ئەجرى، بەر-
گەن ئاق سۈتىنى خورلىغانلىق، ئۇنىڭغا
يۈزسىزلىك قىلغانلىق بولۇپ سانالمامدۇ؟
ماھىرەنىڭ چىرايى بىردىنلا سۇرلۇك، تەم-
كىن تۇس ئالدى: «ياق، ماڭا دۇنيادىكى
ھەر قانداق مۇھەببەتتىن ئانا مۇھەببىتى
ئەۋزەل، مۇقەددەس، مەن ئۇنى ھېچنەر-
سىگە تېگىشمەيمەن، ئۇنىڭغا خىيانەت
قىلمايمەن!»

— تاغا، سىزنىڭمۇ قىزىڭىز بارمۇ؟
ماھىرەنىڭ شۇنداقلا سورىغان بۇ سوئالى
باياتىندىن بېرى ئۆز سۆزىنىڭ تەسىرىنى
پەملەپ، نېمە دەپ جاۋاب چىقىشىنى تە-
قەززا بولۇپ تۇرغان شوپۇرغا سەل غەلىتى-
رەك تۇيۇلدى:

— بار، قىزىم. مېنىڭمۇ سىزگە ئوخشاشلا
چىرايلىق بىر قىزىم بار. ئۇنىڭ ئىسمى-
مۇ ماھىرە، بۇ يىل 19 ياشقا كىردى. ئا-
لىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. — ئۇنىڭ سۆز-
لىرىدىن كۆڭۈللۈك بىر ئىچكى ھاياجان،
چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇراتتى.
ماھىرەنىڭ كۆزىگە ئىختىيارسىز ياش
تولدى.

— قاراڭ، سىزنىڭ ماھىرەڭىز نېمە دې-
گەن بەختلىك!؟ بىزنىڭ ئىسمىمىز، يېشى-
مىزمۇ ئوپ - ئوخشاش ئىكەن، بىراق تەق-
دىرىمىز پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى. ئۇنىڭ
سىزگە ئوخشاش مۇشۇنداق مېھرىبان داد-
سى، ئانىسى تەل ئىللىق ئائىلىسى،
ئۆز بالىلىرى، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىدىن سۆ-
يۈنۈپ ياشايدىغان بەختلىك ئاپىسى بار.
بىراق مېنىڭچۇ؟ شۇ باغرى تاش دادامنىڭ
ۋاپاسىزلىقى تۈپەيلى ئائىلىمىز ۋەيران
بولدى. بىچارە ئاپام تۇل، بىز يېتىم قال-
دۇق. ئۇ بىزنى تاشلاپ كەتكەندە، زار-
زار يىغلاپ قالغان ئاپامنى، ئەمدىلا تىلىم
چىقىپ چۈچۈمەل سۆزلەپ يۈرگەن
مەن بىلەن قوچاقتىكى كىسەلچان
ئىنىمنى ئويلىمىدى. بىزنى
چېكى يوق بىر قاراڭغۇ چۆلگە باشلاپ قو-
يۇپ، ئۆزى چۈشكۈن تۇرمۇشنىڭ چاكىنا
پەيزىگە بېرىلىپ كەتتى، بىچارە ئاپامنىڭ
بىزنى قانچىلىك جاپا - مۇشەققەتلەر بىلەن
بېقىپ قاتارغا قوشقانلىقىنى سۆزلەپ بې-
رەلمەيمەن، بىراق ئۇ تۇرمۇشنىڭ شۇنچە
قاتتىق ئىسسىق - سوغۇقلىرىغا ئۇچراپمۇ
بىزنى ئازراق قىسىلدۇرمىدى. يېتىم ئې-
شى، يېتىم كىيىمى كۆرسەتمىدى، ئۆگە يىگە
بويۇن قىستۇرمىدى، ئوقۇتتى، بىلىملىك
قىلدى. مەن بەزىدە ئۆزۈمنى ئائا - ئانى-
سى تەل كۆپلىگەن بالىلاردىنمۇ باياشاد،
بەختلىك ھېس قىلىمەن. لېكىن مەنىۋى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يېتىملىك ھامان مېنىڭ يۈرىكىمنى ئېزىدۇ. ۋىجدانسىز دادامنى ھەم سېغىندۇرىدۇ ھەم ئۆچلۈكۈمنى قوزغايدۇ. مېنىڭ قىزىڭىزغا ھەسەتىم، ھەسەتىم كېلىۋاتىدۇ تاغا، كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن سىز ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىكەنسىز، ئۇ ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەن. ئۇ چوقۇم سىزدەك بىر دادىسى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ، سۆيۈنىدۇ. دادىسى بولغان سىزدىن ئۆزىگە تېگىشلىك ھەممە نېسىۋىلەرنى ئالالايدۇ. بىراق مەنچۇ؟ — ئۇ يەنە سۆزلەشكە ماغدۇرى يەتمەيۋاتقاندەك كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ بىر پەس جىمىۋالدى. ئەمما يەلكىسى توختىماستىن سىلكىنەتتى، ئۈزۈك-ئۈزۈك ئېسەدەيتتى، شۇ تاپتا ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇغان، يېنىدىكى ئادەمنىڭ رولغا مەھكەم يېپىشقان قوللىرى ھالسىز تىترەپ، ئۆزى قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك تولغىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ھېلىدىن-ھېلىغا لېۋىنى چىشلەپ، بېشىنى قاتتىق-قاتتىق سىلكىپ قويۇشلىرىنى سەزمىگەن ئەھۋالدا ئىدى. ئۇنىڭ قويۇق قايرىما كىرپىكلىرى ئۈچىدىن ئاستا سىرغىۋاتقان ئىككى تامچە ياش جاۋغىيىغا ئېقىپ چۈشۈپ، ئوماق لەۋلىرى ئەتراپىدا سىڭىپ كەتتى، ھەسرەت بىلەن تىنىغان ئۇلۇغ-كىچىك نەپىسى بىلەن تەڭ، كەڭ بادام قاپاقلىرى يېپىۋالغان مۇڭلۇق شەھلا كۆزلىرى يېرىم ئېچىلدى. لىققىدە ياش لىغىرلاپ تۇرغان بۇ خۇمار كۆزلەر شۇنچىلىك، شۇنچىلىك گۈزەل ئىدى. — مەن مۇشۇ يېشىمغا كەلگۈچە بىرەر قېتىم «دادام» دەپ بىرسىگە تاتلىققىنا ئەركىلەپ باققىنىمنى، قوللىرىغا، بويۇنلىرىغا ئېسىلىپ بالىلىق ھېسلىرىمگە لايىق مېھرىبانلارچە ئىككى ئېغىز سۆز ئاڭلىغىنىمنى بىلمەيمەن. ئەقەللىسى يۈرىكىمدىن چىقىرىپ بىرەر قېتىم بولسىمۇ «دادا!» دېگەن سۆزنى ئېيتىپ باققىنىم يوق، ئاتا مېھرى، ئاتا مۇھەببىتى دېگەنلەر ماڭا پۈتۈنلەي يات. قېنى، سىز ئېيتىڭا، مەن يەنە نېمە دەپ ئۇنى سېغىنغۇدەكمەن؟ ئۇنى كەچۈرگىدەكمەن؟ ئۇ، مېنىڭ قەلبىمدە قانچىلىك تەسىر قالدۇرۇپتىكەن؟! راست، بىز ھازىر ھەقىقەتەن بەختلىك، ئاپام ئەمدىلا بېلىنى رۇسلىدى، ئۇ بىزدىن سۆيۈنىدۇ، پەخىرلىنىدۇ. مەن ئۇنى چۈشىنىمەن، بىر ئانا ئۈچۈن ئۆز باللىرىنىڭ قاتارغا قوشۇلۇپ يارامىلىق ئادەم بولغانلىقىنى كۆرۈشتىن ئارتۇق شادلىق، غۇرۇر بولمايدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ، تېخىچە ئۆتكەن كۈنلەرنى ئۇنۇتقىنى، نامەرد دادامغا بولغان نەپرىتىنى پەسەيتكىنى يوق، بەختسىز ئاپامنىڭ بىمەھەل ۋەيران بولغان شۇ گۈلدەك ياشلىقىنى ئويلىسام، ئۇ ئىپلاس ئادەمنى مەنمۇ كەچۈرمەيمەن، ئۇنىڭ ئاپام بىلەن بىزگە سالغان كۈلپەتلىرى ئازمۇ؟ سىز ئادىل بىر جاۋاب بېرىڭچۇ، ئۇ، كەچۈرۈمگە، مۇھەببەتكە ئەرزىمدۇ زادى؟...

ماھىرە ئۆزىنى تۇتالماي ئېسەدەپ كەتتى. ئۇنىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى تىنىپ قالغان پىغانلىق قەلب بۇلىقى بۈگۈن ئاخىر پارتلاپ تاشقان ئىدى. ياپراقتەك تىترەپلا تۇرىدىغان ھېسسىياتچان يۈرىكى دىلىدىكى ئەڭ نازۇك تارىلارغا ئۇرۇلغان كۈچلۈك زەخمىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، قەلبىنى لەرزىگە سالغىدەك مۇڭلۇق، دىلنى قايىل قىلغۇدەك نالىلىك ئىڭراپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن توختىماي ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئەلەملىك ئاچچىق ياشلىرى قاشتېشىدەك سۈزۈك يۈزلىرىنى يالاپ ئۆتۈپ، ئېتەكلىرىنى ھۆللەيتتى. يېنىدىكى ئادەم ئۇنىڭغا سوئال قويغىنىدى،

ئۇمۇ جاۋابىنى سوئال بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. لېكىن ئۇنىڭ جاۋابى ئۆزىگە ئېنىق، ئۇ ھېچكىمدىن جاۋاب، مەسلىھەت كۈتمەيدۇ.

قىز قىزىرىپ ئىششىغان ياشلىق كۆزلىرىنى تاغ ئارقىسىغا ئاستا - ئاستا پېتىپ كېتىۋاتقان ئاخىرقى قۇياش نۇرلىرىغا تىكىپ، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق بىر ھالەتتە ئولتۇراتتى، تۇيۇقسىز قۇلىقىغا بەكمۇ يىراقتىن كېلىۋاتقاندەك بوغۇق بىر يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ چۆچۈپ بېشىنى سىلكىدى ۋە يانغا بۇرۇلۇپلا ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى:

— تاغا، سىز... يىغلاۋاتامسىز؟ مەن... مېنى كەچۈرۈڭ! سىزگە ئېغىر كەلگۈدەك گەپ قىلىپ قويۇدىغىنىمنى ئويلىماپتىمەن، ئۆتۈنەي بۇ گەپلەرنى ھەرگىز دادامغا ئېيتىپ سالماڭ، ئۇمۇ ئازابلانمىسۇن!

ئاھ، نېمە دېگەن سەبىي، نېمە دېگەن سۆيۈملۈك قەلب بۇ؟ ئۇ شۇنچىلىك غۇبارسىز، شۇنچىلىك ناتىۋان، شۇنچىلىك دەردلىك ھەم يەنە شۇنچىلىك يۇمشاق ... ئۇ ئۆز دادىسىدىن نەپرەتلىنىدۇ، لېكىن يەنە ئۇنىڭغا قىيالمايدۇ.

«شۇنداق قىزىم، ئۇ باغرى تاش، ئىبلىس ئادەم، ئۇ دادا بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس، ئۇنىڭ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا يۈزى قارا، ئۇ مەڭگۈ سىلەرگە يۈز كېلەلمەيدۇ، ئۆمۈر بويى خىزمىتىڭلارنى قىلىپمۇ گۇناھىنى يۇيالمايدۇ. ئۇ راستلا سىلەردەك پاك، ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ مۇھەببىتىگە ئەرزىمەيدۇ.» ئۇنىڭ ئىڭىرىغاندەك ئېيتىلغان بۇ ئۈزۈك ئاۋازىنى ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىم ئاڭلىيالمىدى. چۈنكى ئۇ قىزىغا ئەمەس، ئۆز قەلبىگە خىتاب قىلىۋاتاتتى. يۈرىكى نەچچە ئون پىچاق بىلەن تىلىنىۋاتقاندەك، ئىچىنى تۈمەننىڭ مۈشۈك تاتىلاۋاتقاندەك ئىدى. كۆڭلى بۇزۇلۇپ ھېلىدىن - ھېلىغا ئۆپكىسى ئۆرلەيتتى. بۇرنى ئېچىشىپ كۆزلىرىگە ئاچچىق پۇشايمان، ئېيتقۇسىز خىجىللىق يېشى تور تارتاتتى. «مېنىڭ بىچارە، بەختسىز قىزىم، سېنىڭ بەختىڭ مېنىڭ نادانلىقىمنىڭ قۇربانى بولدى. راست، سەن ھېچقاچان مېنىڭ مېھرى - مۇھەببىتىمدىن سۆيۈنۈپ باققان ئەمەس. مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ئاتىلىق قەرزىمنى ئادا قىلالمىدىم. سېنىڭ مېنى كەچۈرمەسلىكىڭ، نەپرەتلىنىشىڭ ھەق. مەن سىلەرنى ۋەيران قىلدىم. مانا ئەمدى خۇدا مېنىڭ جازامنى بەردى، سىلەرگە سالغان كۈنۈمنى ھازىر ماڭا كۆرسەتتى، يالغۇز تەنھا قالدۇردى. شۇ تاپتا مېنىڭ نە ئائىلەم، نە بالىلىرىم، نە ئايالىم يوق، تىككەندەك يىگانە جانمەن. ماڭا تېخى بۇ كۈنمۇ ئاز. مانا مەن ئۆز قولۇم بىلەن شۇنچىلىك ئوماق بالىلىرىمنى يېتىم قىلدىم. بالىلىرىمنى شۇنچىلىك ئەقىللىق چوڭ قىلغان ۋاپادار ئايالىمنى تۇل قىلدىم، ئاخىرى بېرىپ ئۆزۈمنىمۇ تۈگەشتۈردۈم، ئاھ، تەنتەكلىك! جېنىم قىزىم — مېنىڭ جىگەر پارەم مېنى كەچۈر. ئەقىلسىز داداڭنى كەچۈر! مەن سېنىڭ تۇنجى ھەم ئاخىرقى قېتىم ‹دادا!› دەپ بىر چاقىرغان ئاۋازىڭنى ئاڭلاشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم - ھە!؟ مەن بۇ دۇنيادا كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن ياشىدىم؟ ھاياتتىن نېمە خوۋلۇق، لەززەت ئالدىم؟ ھەممىسى ئۆزۈمنىڭ شورى. مەن ئۆلۈمگە ھەقلىق...»

— تاغا، نېمە بولدىڭىز؟ نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟

«ياق، مەن ‹تاغا› ئەمەس ‹دادا›، مەن سىزنىڭ دادىڭىز، قىزىم. مېنى دادا

www.uyghurkitap.com

دەڭا» ئۇنىڭ بۇ جاۋابىنى ماھىرە ئاڭلىمىدى. ماھىرە بەكمۇ تىت - تىت بولدى. «تاغا» قىزغا يېنىپ - يېنىپ قاراپ قويا تتىيۇ، ياشلىق كۆزلىرىنى ئۇنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورققانىدەك يەنە تېزلا ئالدىغا ئاغدۇرۇۋالاتتى. ئېغىزىنى ئۈمەللەيتتىيۇ، ھېچ نەرسە دېمەيتتى. ياق، ئۇ كۆپ نەرسىلەرنى دېدى. بايا تىنىدىن بېرى تالاي سۆزلەرنى قىلدى. كۆڭلىدىكىنىڭ بىردىنى قويماي ئېيتتى. ئۇلار ئۇنىڭ يارىلانغان، پۇشايمانغا تولغان خاراپ قەلبىنىڭ ئەلەملىك نالىسى، ئىنتىزارلىق ئىلتىجاسى ئىدى. بىراق ئۇنى ھېچكىم ئاڭلاشقا قادىر بولالمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئاۋازى چىقمايتتى، پەقەت يۈرىكىلا ئېڭراۋاتاتتى. ئۇ ئۇزۇن قىينىلىپ، كۈچىنىپ تۇرۇپ ئاخىرى مۇنۇ بىر جۈملە سۆزنى ئاۋازلىق ئېيتالىدى:

— قىزىم، ياخشى ئوقۇڭ، ئاپىڭىزنى بەختلىك قىلىڭ. سىز ئېيتقانىدەك ئۇ راستىنلا سىلەر بىلەن بەختلىك. مەن سىزگە ۋەدە بېرەي، بۇ گەپلەرنى دادىڭىزغا ئېيتمايمەن، بۇنى يەنە ئۇنىڭغا ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق، ئۇنىڭ يۈرىكى مۇشۇنداق ئاقىۋەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا سەزگەنىدى.

ماھىرەنىڭ يۈزلىرى ئەمدىلىكتە دەم قىزىرىپ، دەم ئاتىرىپ، يۈرىكىمۇ ئەلەك - سەلەك سوققىلى تۇردى. بايا غىل - پاللا خىيالىغا كېلىپ ئۆتكەن گۇمانى ئەمدىلىكتە ئۇنى رەسمىي تەشۋىشكە سېلىۋاتاتتى. ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن يېنىدىكى كىشىگە كۆز تىكتى.

«ئاھ خۇدا، مەن نېمە كۆرۈۋاتىمەن؟ ئۇ... ئۇ نېمىشقا شۇنچە تونۇش چىراي؟ ئۇنىڭ بۇرنى، قوشۇمىلىرى... ئىشقىلىپ قارىسا ھەممىلا يېرى دېگۈدەك ئىنىمغا، يەنە ماڭا... ماڭىمۇ ئوخشاپلا تۇرىدۇ. ئۇ راستىنلا... تووا، بۇ مۇمكىنمۇ؟»

— سىز... مەن سىزنى بەكلا بىرسىگە ئوخشىتىۋاتىمەن.

— شۇنداقمۇ؟ كىمگە ئوخشايدىكەنمەن؟ تاپتىڭىز، مەن سىزنىڭ دادىڭىزغا ئوخشايمەن. باشقىلارمۇ بىزنى شۇنداق ئوخشىتىشىدۇ، سىزمۇ مېنىڭ قىزىمغا قەۋەتلا ئوخشايسىز. سىز دادىڭىزنى تونۇمامسىز؟

— ياق، ئۈچ ياش ۋاقتىمدا كۆرگەنچە. ئۇ ئاپام بىلەن ئايرىلىپلا بىرسىگە ئۆيلىنىپ ئۈرۈمچىگە كەتكەنىكەن. شۇنىڭدىن بېرى يۇرتىغا كەلگەن - كەلمىگىنىنى بىلمىدىم. مەن ئوقۇشقا كەلگەندىن بېرىمۇ ئىزدىمىدىم. بەلكىم مېنىڭ ئۆزى بىلەن بىر شەھەردە تۇرۇۋاتقىنىمنى بىلمىسە كېرەك. بىراق مەن ئۇنى دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغانىدەك، تونۇۋالالايدىغانىدەكلا قىلىمەن.



— شۇنداق، باغرىڭىز تونۇيدۇ، - شوپۇرنىڭ يۈرىكى يەنە بىر قېتىم مۇجۇلدى. — ئۇ چوقۇم سىزنىڭ ئۈرۈمچىدە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەي قاپتۇ. بولمىسا ئىزلىمەي قالاتتىمۇ ياكى سىز بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشتىن خىجىل بولۇۋاتقاندۇ. ئۇ خېلى كۈچىنىپ باقتىيۇ، ئارىدىكى ئۇقۇشمىسلىقنى كۆتۈرۈۋېتىشكە، ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا پېتىنالمىدى، ھەتتا يەنە سېزىلىپ قېلىشتىن قورقۇپمۇ قالدى. مۇبادا بۇ قېتىمقى زەربە ئالدىنقى نۆۋەتتىكى ئۇقۇشماي بېرىلگەن جاۋابتىنمۇ دەھشەترەك چىقسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ خوراپ تۈگىگەن ئاجىز يۈرىكى قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟ ئۇ بوغۇزىغا قاپلىشىپ تۇرغان ئاچچىق سۇيۇقلۇقنى كۈچ بىلەن يۇتۇۋېتىپ قىزغا ئاخىرقى نۆۋەت تويماي بىر قارىۋالدى - دە:

— يۇرتىڭىزغا كەلدۇق. بېكەتكە ئۆتكىچە مەن سىزنى ئۆيىڭىز ئالدىدا چۈشۈرۈپ قوياي، - دېدى.

— رەھمەت، سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم.

— ھېچقىسى يوق، قىزىم.

«قىزىم!» ماھىرە ھەر قېتىم بۇ ئادەم شۇنداق چاقىرغاندا يۈرىكىنىڭ بۆلەكچە بىر چايقىلىپ توختايدىغانلىقىنى، قەلبى تاتلىق بىر سېزىمگە تولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى.

ئاپتوبۇس يېنىك تورمۇز بىلەن توختىغاندىلا ماھىرە ئۆزىنىڭ ئىشىكى ئالدىغىلا كېلىپ قالغىنىنى سەزدى: «ئەجەبا، مەن بۇ كىشىگە تېخى ئۆيىمنىڭ ئورنىنىمۇ دەپ بېرىپ ئۈلگۈرمىگەن ئىدىمغۇ! ئۇ قانداق بىلىدىغاندۇ؟!» قىزنىڭ گۇمانى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى.

— خوش قىزىم، ئاپىڭىز، ئىنىڭىزغا سالام ئېيتىڭ.

— تاغا، ئۆيگە كىرىپ بىردەم ئارام ئېلىپ كېتىڭچۇ، جۇرۇڭە!

— رەھمەت قىزىم، يول ئۈستى ئەمەس. مەن كېيىن كېلەي، ئاپىڭىز بىلەن سىلەرنى يوقلاپ ئايرىم كېلىمەن.

— ئەممىسە چوقۇم كېلىڭ - ھە!

— چوقۇم.

ماشىنا ئوت ئالدى.

— تاغا، ئىسمىڭىز...؟

— ئىسمىم— ئەنۋەر، قىزىم، - شوپۇرنىڭ ئاخىرقى سۆزى تېخى ئۈزۈلمەستىنلا ئاپتوبۇس ئورنىدىن قوزغالدى.

— ھە؟!... — ماھىرەنىڭ ئەمدىلا يەردىن ئالغان سومكىسى قولىدىن پاققىدە چۈشۈپ كەتتى...

مەسئۇل مۇھەررىر: **تۇرسۇن نىياز**

---

(بېشى 54 - بەتتە)

مېنىڭ يېگەن تاماقلىرىمنى بىلىسەڭغۇ، قورسىقىمغا كەلگەندە بوش تۇرمايدىغان ئادەممەن، سەنمۇ تولا كۆپۈرلۈق قىلما، كادىرلىق دېگەننى مەنمۇ قىلغان، سەن بىزنىڭ ئەۋلادىمىز، ئىلىم - بىلىم دېگەنلىرىڭ شەيتان ۋەسۋەسىسى. شەھەردە تۇرۇۋېرىپ ئىمانىڭ سۇسلىشىپ كېتىپتۇ سېنىڭ. مەن - زە، سېنىڭ گېپىڭچە نەچچە يۈز كوي تۆلەپ دوختۇرخانىدا ياتامدىكەنمەن؟ بىر مۇنچە پۇلغا گۆش، تۇخۇم، شېكەر ئېلىپ ئۆزۈمنى قۇۋۋەتلەندۈرەمدىكەنمەن؟ قان سالدۇرىمىشمەن تېخى، بۇنداق گەپلىرىڭنى ئۆزۈڭگە ئوخشاش ئىمانى سۇسلارغا دەپ بەر. يىققان پۇلۇمنى دوختۇر بىلەن قوساققا ئاتسام ھەرەمگە بارىدىغاندا تىلەمچىلىك قىلامدىمەن؟!...

تاغام شۇ چېچىلغىنىچە كېتىپ ئىككىنچى قېتىم شەھەرگە — مېنىڭ ئۆيۈمگە دەسسىمىدى...

بىر ئايدىن كېيىن يۇرتقا بارسام، ئۇ شۇ قېتىم كەتكىنىچە ئۆيىدە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. بۇ قېتىم ئۇنىڭ تېنى زەئىپلىشىپ، بەدەنلىرى تىترەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي تاغام ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئادەمنى ھەقىقەتەن ئېچىندۇراتتى...

مەسئۇل مۇھەررىر: **مۇختەر ئىبراھىم**

راجى تۇردى

# «بېخىل»

(ھېكايە)

رەھىمنى بۇ مەھەللىدىكى ھەممە ئادەم «كىشىگە نەپ بەرمەس بېخىل» دەيتتى. ئۇنىڭ بۇ لەقىمى ئاڭلىنىشتىنلا كىشىگە قوپال تۇيۇلسىمۇ، ئەمما رەھىم ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. دەسلەپ بۇ لەقەمنىڭ ئۆزىگە سىڭىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىدا ئۇنىڭ بىر ئاز ئاچچىقىمۇ كەلگەن. ئۇنداق دېگۈچىلەرنى كېلىشتۈرۈپ ساۋغىسى، ئۆزىنىڭ بېخىل ياكى سېخى ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا بىر تونۇتۇپ قويغىسىمۇ كەلگەن ئىدى، بىراق، يەنىلا ئۆزىگە ھاي بېرىپ، قۇلىقىنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋەردى.

كېيىنچە رەھىم بۇ لەقەمنىڭ ئۆزىگە نېمە ئۈچۈن قويۇلۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ، ھېيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئەنە شۇ ئاددىيلا كۈلكە بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىك، ئاچچىقلار كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

كۈلكە — ئىنساننىڭ تۇرمۇشتىكى ئەڭ بەختلىك، ئەڭ خۇشال چاغلىرىدىلا چىرايىغا تەپچىپ چىقىدۇ. بەزىلەر كۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ كۈلكىسىگە مەسخىرە ۋە تەنە ئارىلاشقان، بەزىدە بىرەرسىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان كۈلكىلەرمۇ بولىدۇ. رەھىمنىڭ كۈلكىسى پەقەت ئېغىزىنى ئازراقلا يېرىپ چىققان ئاددىيلا كۈلكە. ئۇنىڭ كۈلكىسى خۇشاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ياكى بىرسىگە بولغان ئەشەددىي ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان كۈلكە ئەمەس، پەقەت ئۆزىنى «بېخىل» دەپ ئاتىغۇچىلارنى مەسخىرە قىلىپ كۈلگەن ئاددىيلا بىر كۈلكە.

تۇرمۇشتا بىرسى ئىككىنچى بىرسىنىڭ ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلگەن كۈلكىسىنى كۆرسە، بەزىلەر ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۈلىدۇ، بەزىلەر غەزىپىنى باسالماي قالىدۇ. لېكىن مۇنداق مەسخىرىلىك كۈلكىنىڭ تەڭداشسىز كۈچىنىڭ تەمىنى كۆپىنچە ئادەملەر بىلمەيدۇ. مۇنداق كۈلكىگە ھەر قانداق غەزەپ - نەپرەتنى بېسىپ چۈشەلەيدىغان سېھرىي كۈچ يوشۇرۇنغان.

رەھىمنىڭ ئاشۇ ئاددىيلا كۈلكىسىنى ئۇنىڭ سەككىز ياشلىق ئوغلى پازىلدىن باشقا ھېچكىم كۆرمىدى، باشقىلار كۆرسىمۇ بولمايتتى. رەھىم ئادەتتىكى بىر ھۈنەرۋەن بولسىمۇ، ئاشۇنداق كۈلكىلەرنىڭ تەمىنى بىلگەچكە، ئۆز كۈلكىسى ئارقىلىق باشقىلارنى رەنجىتىشنى خالىمايدۇ.

دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ كۈلكىسى ھەقلىق. قولىدا بىر ئوبدان ھۈنىرى تۇرۇپ، باشقىلارغا يالۋۇرسا، باشقىلارغا پۇل بېرىپ ئىشلەتسە، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ «ھۈنەرۋەن» دېگەن نامى نەدە قالىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستازلىرىنىڭ روھى قورۇنمامدۇ؟

ئۆتكەن يىلى ئۇ كەڭ ئىككى يۈرۈش ئۆي سالدى. ئۆيگە لازىمەتلىك كېسەكنىمۇ ئۆزى باستى، تامنىمۇ ئۆزى ئەتتى، سۇۋاقنىمۇ ئۆزى سۇۋىدى. ياغاچچىلىق ئىشلىرىنىمۇ ئۆزى قىلىپ، ئىشىك - دېرىزە، جوزا-بەندىلىك، ئىشكاپ - شىرە دېگەنلەرنىمۇ ئۆزى ياسىدى. سىرچىلىق، نەققاشلىق ئىشلىرىنىمۇ ئۆزى قىلدى. بۇ ئىشلار ئۈچۈن سىرتتىن ئادەم ياللاپ ئىشلەتمىدى.

پەقەت ئاپالى، ئۈچ ئوغلى، ئىككى قىزى بىلەنلا ئىككى يۇرۇش ئۆيىنى ئىككى ئايغا قالمايلا ياسىۋالدى. ئەگەر ئۇنى «بېخىل» دېگۈچىلەر ئۇنىڭدىن پۇل ياكى باشقا نەرسىلەرنى سوراپ كىرسىنچۇ، قېنى... ئەپسۇسكى، ئادەملەر ئۇنى چۈشەنمەيدى. ئۇنىڭ قولىدىن ھەممە ئىشنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدى...

بۇ يۇرتتا ھېچكىم رەھىمنىڭ بالىلىق چاغلىرىنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولغان ئەمەس. رەھىم باشقا بىر ناھىيەدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنلىكىگە تېخى ئىككى يىلمۇ بولمىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ، ئۆز يۇرتىدىكى بوۋىسىنىڭ ئۆي - جايلىرىنى چوڭ ئوغلىغا قالدۇرۇپ، ئۆزى باشقا بالا - چاقىلىرى بىلەن دادىسىنىڭ تەئەللۇقاتلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنىدى.

رەھىم ئۆزىگە كېرەكلىك كەتمەن، جوتۇ، ئىشاك... قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەپچىل، پۇختا قىلىپ ياساۋالاتتى. ئارا - گۈرجەكلەرنىمۇ ئۆزى ياسايتتى. كىيىم - كېچەكلىرىنىمۇ ئۇنىڭ قولى ئەپچىل ئايالى تىكەتتى. ئىشقىلىپ، ئائىلىدىكى بارلىق ئىشلارنى ئۆزلىرى قىلىشىپ، سىرتتىكى كىشىلەرگە ئاسان ھاجىتى چۈشمەيتتى. شۇنداق بولغاچقا، سىرتتىكى كىشىلەرگە ئازراقمۇ «پايدىسى» ئۆتۈپ قالمايتتى.

لېكىن مۇنداق بۇرۇختۇملۇق كۈنلەردىن رەھىم بەكلا بىزار. قوشنىلىرىنىڭ ئۆزىگە ئارىلاشماي ئۆتۈۋېرىشلىرى ئۇنىڭغا بەكلا ئەلەم قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن قولىدىكى گۈلدەك كۆپچىل ھۆنەرلىرى ئاقماي سۇغا چىلىشىپ قېلىۋاتاتتى. «بېخىل» دېگەن نامى كۈندىن - كۈنگە كىشىلەر ئاغزىدا گېڭىپ كېتىۋاتاتتى.

رەھىم بۇ يۇرتقا كېلىپ مۇشۇ ئۆيىنى سالغاندىن بۇيان، بىر مەھەللە كىشىلىرى ئەمەس، ھەتتا يېقىن قولۇم - قوشنىلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە دەسسەپ باقمىدى. قوشنىلار ۋە مۇشۇ يۇرتلۇقلار بۇ «بېخىل» نىڭ ئوبدانلا ھۈنەرۋەن ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، لېكىن ئىش پۈتكەندىن كېيىن كېلىشەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىشىپ، ئۇنى ئىشقا چاقىرىشتىن قورقتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندىلا ئۇنىڭ ئۆيىگە مەھەللە ئاقساقىلى توختى ئىمام سەللىسىنى يوغان يۆگەپ، سالامسى ئىللىق قىلىپ كىرىپ كەلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، رەھىماخۇن ئۇستام!

ئەمدىلا بامدات نامىزىدىن كىرىپ ئىشقا چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان رەھىم، كىرىپ كەلگەن مېھماننىڭ باشقا بىرسى ئەمەس، دەل ھۆرمەتلىك ئىمام ئاخۇنۇم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ دەسلەپ ھودۇقتى، كېيىن چىرايىغا ئىللىق كۈلكە يۈگۈرتىپ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەلسىلە ئىمام ئاخۇنۇم، — دېگىنىچە قىزغىن كۆرۈشۈپ، ئۆيگە باشلىدى.

كۈتۈلمىگەندە كىرىپ كەلگەن بۇ مۆتىۋەر كىشى پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنى خۇشال قىلىۋەتتى. رەھىم تېخى تۆت كۈننىڭ ئالدىدىلا سويۇپ ئېسىپ قويغان قوي گۆشىدىن پارچىلاپ، ئايالىغا شورپا قىلىشنى بۇيرىدى.

— ھاي كايىمىسىلا، رەھىم ئاخۇن ئۇستام، — دېدى ئىمام ئاخۇنۇم بۇ «بېخىل» نىڭ سېخىيلىقىغا ھەيران بولۇپ، — بولدى، ئازراق ئىش بىلەن كىرگەنىدىم.

— ھە، خوش، خوش، ئىمام ئاخۇنۇم! ئاران بىر كىرگەندە بىردەم ئولتۇرايلى، ئۆز-

www.uyghurkitap.com

لىرىنىڭ بۇ ئۆيگە قەدەم تەشرىپ قىلىشلىرى ئاسان ئەمەس.

ئىمام ئاخۇنۇم بۇ «بېخىل» نىڭ ئۆزى ئالدىدا يېقىنچىلىق قىلىشلىرىنى «خۇشامەت قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ قالدى بولغاي، ئۇنىڭ چىرايىغا يەر ئاستىدىن كۆز سالدى. لېكىن رەھىمنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىدا قىلچىلىك خۇشامەت ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى.

— خوش، گەپنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى، — دېدى ئىمام ئاخۇنۇم كېلىمنى قىرىپ قويۇپ، — ئاڭلىسام قوللىرىدا بىر نەچچە خىل گۈلدەك ھۈنەرلىرى بارىكەن، ھۈنەر دېگەن قوللىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن، ئۆزلىرى بۇ يۇرتقا كەلگەندىن بېرى نامازنى تەرك قىلماي جامائەت بىلەن بىرگە ئوقۇپ كەلدىلە. ئۆزلىرىنىڭ ئاللاغا سادىق بەندە ئىكەنلىكلىرىنى مەن تونۇپ يەتتىم. ئەجەب سىلە ھۈنەرلىرىنى باشقىلار ئالدىدا كۆرسەتمىدىلىغۇ؟

— ئەمدى ئىمام ئاخۇنۇم، قىلغىلى ئىش بولمىسا قانداق قىلىمىز؟

— شۇمۇ گەپمۇ، — دېدى ئىمام ئاخۇنۇم سەل رەنجىپ، — ئىش دېگەن بۇ يۇرتتا كۆپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەرۋەن ئىكەنلىكلىرىنى جامائەت بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن... — ئىمام ئاخۇنۇم دېمەكچى بولغان گېپىنى باشقا ياققا بۇرىدى، — بۇ يىل ئۆي سالاي دېۋىدىم، ئۆزلىرىنى تامچىلىق ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرەرمىكىن دەپ...

— قولۇم كۆكسۈمدە، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن! — دېدى رەھىم خۇشاللىق بىلەن، — ئۆينىڭ ياغاچچىلىق، سىرچىلىق ئىشلىرىنى كىم قىلىدۇ؟

— ئۇنى كېيىنرەك ئويلىشارمىز...

— ھەممىسىنى ئۆزۈملا قىلىپ بېرەي...

ئىمام ئاخۇنۇم ئويلىنىپ قالدى: «بۇ بېخىل مېنى قاپقانغا دەسسەتمەمدۇ نېمە؟ نېمىلا بولمىسۇن گەپنى ئوچۇق ئېيتىۋېرەي.»

— بولىدۇ، ئۆزلىرى قىلىپ بەرسىلە، بىراق ئىش ھەققىنى...

— بولدى، تالاشمايمىز، پۈتۈشۈۋالىمىز.

گۆشكە تويۇپ كېكىرىپ كەتكەن ئىمام ئاخۇنۇم رەھىمنىڭ دەرۋازىسىدىن چىققىچە «مېنى قاپقانغا دەسسىتىشنى ئويلاۋاتىدۇ بۇ بېخىل، بىراق مەنمۇ بوش كەلمەي» دېگەنلەرنىمۇ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

رەھىمنىڭ گېپى ئاز، ئىشى كۆپ، قولى چاققان ئىدى. ئۇ، قىسقىغىنا بىر ئاي ئىچىدە ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىنى تەلتۆكۈس پۈتتۈرۈپ، ئۆي ئىچىنى سىرلاپ پارقىرىتىۋەتتى. يىراق - يېقىندىكىلەر بۇ «بېخىل» نىڭ كارامىتىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى.

— ھە، رەھىم ئاخۇن ئۇستام، ئۆزلىرىنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم، ئەمدى ئىش ھەققىنى قانداق پۈتۈشىمىز؟ — دېدى ئىمام ئاخۇنۇم بىر كۈنى كەچقۇرۇنلىقى داستىخان ئۈستىدە.

— تالاشمايمەن، بەرگەنلىرى ھېساب.

— ئەمدى ھۈنەرۋەننىڭ ھۆرمىتىنى قىلماسلىق بولمايدۇ، ئۇستام، — دېدى ئىمام ئاخۇنۇم قويۇن يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىۋېتىپ، — ئاز بولسىمۇ مانا بۇ نۆت يۈز ئەللىك يۈەن ئالسىلا.

— جىق بولۇپ كەتتى، — دېدى رەھىم پۇلغا قاراپ قويۇپ، — بازاردىكى مەدىكارلار كۈنىگە يەتتە يۈەنگە ئىشلەيدۇ، مەن ھۈنەرۋەن بولغاچقا، ئۇلاردىن ئۈچ يۈەن ئۈستۈن ئالاي. مانا بۇ يۈز ئەللىك يۈەننى ئۆزلىرى ئېلىپ قالسىلا.

(ئاخىرى 68 - بەتتە)

تۇراپ ئوبۇل

# تەئەججۇپلۇق خىياللار

1

ئەي ئاتا، بېلىڭ مۈكچىيىپتۇ، كۆزۈڭ تورلىشىپتۇ، بىلمەيمەن، ئاناڭ سېنى قاغىغانمۇ، بالاڭ ساڭا ۋاپاسىزلىق قىلغانمۇ؟

بولدى قويغىنا! مېكىيىنىڭ كاكىلىغان تۇخۇمنى ھاراققا تېگىشمەي ئۆزۈڭ يېسەڭچۇ؛ تېنىڭگە كۈچ - قۇۋۋەت يىغساڭچۇ، رەنجىيسەن نېمىدىن، بوتنايسەن كىمدىن؟

2

مەندە جۈپ قول بار، سەندە جۈپ بارماق، بىرىدە ياخشى دېيسەن، بىرىدە ناچار.

3

مەيلى ئۇچقىن، مەيلى يۈرگىن، قوبۇل قىلىنار ھەج، ئۇچساڭ راھەتلىنىسەن، يۈرسەڭ ھەرەج تارتىسەن. شەرت شۇكى، تاپقىن ھالالدىن، قاچقىن ھارامدىن.

4

قورقمىغىن، ھودۇقمىغىن، سالماق، تەمكىن بول! بىلەمسەن، ئىتنىڭ بىرى كۆرۈپ قاۋايدۇ، قالغانلىرى كۆرمەي.

5

ئەي ئىنسان، چۈشەندۈرگىنە! باشقىلار «ئۆزۈڭنى» دەپ بولغىچە كۆزۈڭدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ، پۇت - قولۇڭ كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ دۈۋەيلەيدىكەنسەن؛ باشقىلار «خوتۇنۇڭنى...» دەپ بولغىچە مۇشتۇملىرىڭ تۈگۈلۈپ، چىشلىرىڭ كىرىشىپ، شىردەك ئېتىلىدىكەنسەن؛ باشقىلار «ئاناڭنى» دېسە، قۇلىقىڭ گاس، ئېغىزىڭ سۆزلىيەلمەس بولۇپ قالىدىكەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

6

ئىشەنمە ئەي ئىنسان، چىرايلىق ۋەدىگە. قېنى ئۇ ۋاپا؟ بىر ئۆمۈر ئالدانغىنىڭ يېتەر. ئىشەنگىن ئەي بەندە، ۋاپادىكى ۋەدىگە، بولمىسا جان كېتەر.

7

قازاندىكى سۇ «قاينايمەن» دېدى، «ماقۇل» دېسەم، قاينىمىدى ياكى كىرىلداپ ئارام بەرمىدى. تۇۋاقنى ياپتىم، ھايال ئۆتمەي قاينىدى، كارىم بولمىدى، سۇ قايناپ تېشىپ تۇۋاقنى كۆتۈردى، ئېچىۋەتسەم، بىردەم ھور چىقىپ بېسىقىغا چۈشتى.

8

— لايچى بولامسەن؟

— قانچە بېرىسەن؟

— ھۇل ئۇستىدە تۇرۇپ « ھە » دەپ بەرسەڭ، بەش سوم؛ ھۇل ئۈۋىدە تۇرۇپ «ھۇ» دەپ بەرسەڭ، ئۈچ سوم؛ لاي ئېتىپ لاي ئەپبەرسەڭ، بىر سوم بېرىمەن.

— لايچى بولماي « ھە» دەپ بېرەي.

— مەلچۇ؟

— ھە، سەنمۇ؟ ئۇستام بولغاندىكىن لاي ئەت.

9

— سۇغا چۆمۈلەيلى دېدىڭمۇ؟ يۈر ئەمسە، مەن باشلاپ باراي دەرياغا. نېمە دېدىڭ؟ كەچۈر دوستۇم، بىلمەپتىمەن، سېنىڭ چۆشىدىغانلىقىڭنى ئامبارغا.

10

رەنجىمە، تەمەچ تەردى دەپ؛ ئازراقلا بولسا چۆگۈن قاينايدۇ.

11

ھويلامدا ئىككى تۈپ ئالما بار ئىدى. بىرى قۇرتلاپ كەتتى، دورا چاچتىم، كۈز كەلدى، ئالمىلارنى ئۈزدۈم. نىھايەت، بىرسىنىڭ پوستى قۇرت، ئىچى ساق؛ بىرسىنىڭ ئىچى قۇرت، پوستى ساق.

12

ئۆزۈك بىر تەخسكەش ئىدىڭ، كۈتكىنىڭ چوڭ ئىدى، ئەمما ئېرىشكىنىڭ يەنە شۇ تەخسە بولدى.

مەسئۇل مۇھەررىر: **مۇختەر ئىبراھىم**

---

(بېشى 66 ـ بەتتە)

ئىمام ئاخۇنۇم ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى، ئۇنىڭ خېلىدىن بېرىقى كۆڭلىدە ئويلاپ كېلىۋاتقان تەشۋىشلىرى بىراقلا يوقاپ كەتتى. ئۇ ئىشىنىڭ بېشىدا «بۇ بېخىل بىلەن قانداق پۈتۈشەرمەن» دەپ كۆپ باشقا تۇرغان، ئۇنى ئىش قىلدۇرغانلىقىغا بەزىدە پۇشايمانمۇ قىلغان. «مانا ئەمدى نېمە دېگۈلۈك؟ كۆڭلى بەكلا ياخشى بىر ئادەمنى بىكاردىن ـ بىكارغا ئەيىبلەپ يۈرۈپتىمەن. باشقىلارمۇ نېمە ئۈچۈن ئۇنى بېخىل دەپ ئەيىبلىگەن بولغىيتى؟ رەھىم ئاخۇن ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەنلىكى ئۈچۈنمۇ؟ ھەي... بىزدىكى كېسەل بىر ـ بىرىمىزنى كۆرەلمەسلىك بولماي نېمە؟ قاچانمۇ تۈگەر مۇنداق بولمىغۇر ئىللەت...؟»

ئىمام ئاخۇنۇم رەھىمگە كۆپ رەھمەت ئېيتىپ ئۈزىتىپ قويدى.

رەھىمنىڭ تەرىپىنى ئىمام ئاخۇنۇمدىن ئاڭلىغان، ئاجايىپ ماھارەتلىرىنى كۆرگەن كىشىلەر ئەمدى ئۇنى ئالاھىدە ئىزدىشىپ، ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىپ كېلىدىغان، «بېخىل» دېمەي، «رەھىم ئەقىل» دېيىشىدىغان بولۇشتى.

مەسئۇل مۇھەررىر : **مۇختەر ئىبراھىم**

تۇرسۇن مۇھەممەت

# سەرسان خىياللار

(نەسرلەر)

1

مېنىڭ ناخشا توۋلاپ كوچىدىن ئۆتكەن ۋاقتىم — دەل نىگارىمنىڭ شېرىن چۈش بۆشۈكىدە ئۇخلاۋاتقان پەيتى. ئۇنىڭ چۈشىدە مېنى باغرىغا باسقان چېغى — دەل مېنىڭ ئۇنى شېرىن چۈشلىرىم بىلەن قوشۇپ دەپنە قىلىۋەتكەن ۋاقتىم.

2

كۆڭۈل قۇشى ۋاپاسىزلىق گۈلىنىڭ شاخلىرىغا قونغاندا، بۇ شاخلار بىرلا ئۆزگىرىپ ئازغانغا ئايلىنىدۇ. ئەمما، ساداقەت قانلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئازغان ئاشىق ئۈچۈن كەپتەر پەيلىرىدىنمۇ يۇمشاق.

3

يۈرىكىمگە سانجىلغان يا ئوقى، ۋىجدانسىزلار قەلبىگە تەشەككۈرنامە يېزىۋېلىشىم ئۈچۈن سەردىلەرچە ئەۋەتىپ بەرگەن قەلەم! يا زەمەن، ئۇنىڭ سىياھى — مېنىڭ قېنىم، ئۇنىڭ قەغىزى — مېنىڭ تېنىم، سان - ساناقسىز داستانلار پۈتىدۇ. ئوقۇيمەن، ئۇنىڭ ھەممىسى مېنىڭ سىرىم، مەزمۇنى مېنىڭ جېنىم، ۋىجدان تارازىسىدا قەلبىم ئۆتىدۇ.

4

قىپقىزىل چوغ كۈلگە ئايلانغاندا، ئوچاقتىن ئامەت قاچىدۇ؛ ئوچاقتىن ئامەت قاچقاندا، ھەر قانداق قۇرۇق ئوتتۇنمۇ كۈلخان بولۇپ يانىدۇ.

5

نادانلار گۈلنى ھەممىگە تەڭ ھوزۇر بېغىشلاۋاتقان يېرىدىن رەھىمسىزلىك بىلەن ئۈزۈۋېلىپ، قۇلاقلىرىغا قىستۇرۇۋالىدۇ ۋە شەخسىيەتچىلىكىنىڭ قۇربانى قىلىشىدۇ. ئاقىللار ھەر كۈنى سەھەردە ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىدۇ ۋە ياپراقلىرىنىڭ سولىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئېلىشىدۇ. پەقەت، مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ قولىدىلا ئۇ ئەركىنلىك ئالەمىدە پورەك ئاچىدۇ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە پۇراق چاچىدۇ.

6

ۋاپاسىزلىق كېمىسى مېنى دېڭىزنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا تاشلىدى، سەپەرداشلىرىمنىڭ نامەردلىكى يۈرىكىمنى ئاشلىدى. مەن كىتقا مىنىپ قىرغاققا چىقىۋالدىم، قىرغاققا چىقىپلا قېچىپ بىر ئەسنىۋالدىم. توساتتىن، قۇلىقىمغا دېڭىز تەرەپتىن كەلگەن ئېچىنىشلىق ئاۋازلار ئاڭلاندى. مەن بۇ ئاۋازلارنىمۇ تونۇۋالدىم ۋە ھايات قانۇنىيىتىگە ھەيران قالدىم.

7

مەن ئۇنىڭ كۆڭۈل قەسىرىدىن جاي ئالغانىدا، كىشىلەر مېنىڭ كۆزلىرىمنى تىكىپ قويۇپ تاماشا كۆرىدۇ. كىشىلەر تاماشا كۆرگەندە، مەن ئۇنىڭ كۆڭۈل قەسىرىدىن قېچىپ كېتىمەن. بۇ ئىشىمنى ئۇمۇ سەزمەيدۇ، كىشىلەرمۇ بىلمەيدۇ.

8

مەن بەختنىڭ پېيىدە يۈرىمەن، بەختسىزلىك مېنىڭ پېيىمنى قىرقىيدۇ. مەن بەختسىزلىككە يولۇققانىدا، بەخت مېنىڭ پېيىمگە چۈشىدۇ، ئىككىمىز زادىلا يۈزلەشمەيمىز.

9

پەيمانىنىڭ توشقانىدا، دەل كۆكسۈمنى چەنلەپ ئات، كۆڭۈل قۇشۇم سېنىڭ ئاياغلىرىڭ ئاستىدا جان بەرگەي.

ئايرىلىش ئالدىدا ئۇنى ئاياغلىرىڭ ئاستىدا چەيلىمە، ئۇ ئارمان دېڭىزىدا سۇ ئۈزگەي.

سەن ئۇنى سۇدىن سۈزۈۋېلىپ قاغا - قۇزغۇنلارغا تاشلاپ بەرمە، ئۇ، دېڭىزلاردا بېلىقلارغا يەم بولغاي.

10

ئىككى قوشقار ئېلىشىدۇ، ئاقىۋەت چۈمۈلىلەر تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى قىلىنىدۇ. ئىككى چۈمۈلە بىرلىشىدۇ، بىر قوشقارنىڭ گۆشىنى سۆرەپ ئۇۋىسىغا ئېلىپ كېتىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر: **مۇختەر ئىبراھىم**

---

(بېشى 77 - بەتتە)

شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن تېپىچان ئېلىيوپىنىڭ يېزىقچىلىق ئادەتلىرىنى يېزىش مەجبۇرىيىتى ماڭا يۈكلىنىپ قالدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەرھۇم دوستۇمنىڭ شائىرلىق ھاياتىنى ئەسلىدىم. خاتىرە دەپتەرلىرىمنى ئاختۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەئەللۇق خاتىرىلەرنى توپلىدىم. شۇلارغا ئاساسەن مۆھتەرەم شائىرىمىزنىڭ يېزىقچىلىق ئادەتلىرى ۋە ئىستىلىغا دائىر بۇ ئاجىز ماقالىنى يېزىپ چىقتىم. مەن بۇنى يازغىچە پىغانلىق ھېسسىياتىمغا ئەگىشىپ، ئاساسىي تېمىدىن چەتنەپ كەتكەن جايلىرىمۇ بولدى. ئەسلىمە ئارىلاشتۇرماي يېزىشنىڭ ئامالىنىمۇ تاپالمىدىم. مەن بۇنى يېزىش جەريانىدا نائېنىق نۇقتىلارنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراشقا مۇمكىن بولمىغانلىقى، شېئىرىيەتتە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش سەنئىتىنى ئاجىز قەلىمىم يورىتىپ بېرەلمىگەنلىكى ئۇنىڭغا بولغان مۇھتاجلىقنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بۇ مۇھتاجلىق مېنىڭ بىلەنلا تۈگەپ كەتسە مەيلى ئىدى. بىزنىڭ ئەدەبىيات گۈلزارىمىز، ئەدىبلەر قوشۇنىمىز ئۇنىڭدىن قالغان بوشلۇقنى تولدۇرغانغا قەدەر بۇ مۇھتاجلىقنى ھېس قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ سەنئەتكار خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى، دەۋرىمىزنىڭ يالقۇنلۇق كۈيچىسى، تارىخنىڭ كەمدىن - كەم ئىنئامى دېيىشكە ئەرزىيدىغان بىباھا ئىنسان ئىدى. مۇنداق ئىنسان خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ!

1990- يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى.

مەسئۇل مۇھەررىر: **تۇرسۇن نىياز**

مۇھەممەت رېھىم

# شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ يېزىقچىلىق ئادەتلىرى ۋە ئىستىلى*

## فولكلور — خاسىيەتلىك بىلەي

تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئىجادىيەت يولى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى (فولكلور) بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدىكى ماھارەت ۋە بالاغەتنىڭ گەۋدىلىك قىسمىنى فولكلور ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يېتىلدۈرگەن. تېيىپجان بىرەر نەرسە يېزىشنى ئويلىغان مىنۇتتىن تارتىپ تاكى يېزىپ بولغانغا قەدەر فولكلورنىڭ يېنىك ژانىرلىرى ۋە ئاممىباب تىلى ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىدىن يىراق بولمىغان. ئۇ نۇرغۇن شېئىرلىرىدا خەلق ماقال - تەمسىللىرى ۋە قوشاقلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان. بىر قىسىم شېئىرلىرىغا خەلق لەتىپىلىرى ۋە رىۋايەتلىرىنى مەزمۇن قىلغان. ئومۇمەن ئۇنىڭ فولكلوردىن بىرەر ئېلېمېنتنى سىڭدۈرۈلمىگەن شېئىرىنى تېپىش قىيىن. «ساڭ مۇددىرىنىڭ زىيانداشقا قارشى ئاجايىپ تەدبىرى توغرىسىدا قوشاق» — مېنىڭ يۇقىرىدىكى پىكىرلىرىمنى قانائەت دەرىجىسىدىن ئاشۇرۇپ ئىسپاتلايدىغان ئېپىك شېئىردۇر. بۇ «قوشاق» نى شېئىر ھەۋەسكارلىرىلا ئەمەس، بەلكى شېئىرغا قىزىقمايدىغان ئادەملەرنىڭمۇ سۆيۈپ ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەنمەن. بۇ «قوشاق» خەلق تىلى، خەلق ئۇسلۇبى ۋە خەلق ھېسسىياتى بىلەن يېزىلغاچقا، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئىستېتىك تەشنالىقىنى قاندۇرالايدىغان سۈزۈك بۇلاق سۈيىگە ئوخشايدۇ.

مەن بۇ «قوشاق» نىڭ شۇ يەرلىرىگە قايىلمەنكى، 1) خەلق ئىچىدىكى ئەڭ زېرەك، كەپتان ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىدەك، پۈتۈن مىسرادا دېيىلىشكە تېگىشلىك گەپنىڭ ئوبرازلىق، چىرايلىق ۋە مېغىزلىقلىرى دېيىلگەن. 2) خەلق چۆچەكلىرىدەك باشلىنىپ، خەلق ماقال - تەمسىللىرى بىلەن جانلاندۇرۇلغان. بۇلاردىن باشقا شائىر ئۆزىنىڭ تۇرمۇش بىلىملىرىگە تايىنىپ توقۇغان ئىجادىي ماقال - تەمسىللىرى بىلەنمۇ بۇ «قوشاق» نى بېيىتقان. 3) مۇشۇ بىر يۈز ئون ئالتە مىسرا قوشاقنىڭ تەركىبىدە ئاخبارات سۆزلىرىدىن پەقەت تۆتى (تەدبىر، ھۇجۇم، ھوقۇق، پرىنسىپ) بار ئىكەن. توقسان توققۇز پىرسەنت خەلق تىلى بىلەن يېزىلغان، ئىچ - ئىچىدىن ھەجۋى كۈچ جۇش ئۇرۇپ تۇرىدىغان بۇ ساتىرىك «قوشاق» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر نادىر ئەسەر دېيىشكە ئەرزىيدۇ.

مەن بۇ «قوشاق» نى ھەر قېتىم ئوقۇسام، قولۇمغا قەلەم ئېلىۋالغىنىمغا خىجىل بولىمەن. بىر پەستىن كېيىن «يولۋاس ئاتقانمۇ ئۇۋچى، توشقان تۇتقانمۇ ئۇۋچى» دېگەن نەقىل بىلەن كۆڭلۈمگە تەسەللى تاپىمەن. مەن بۇ «قوشاق»نىڭ بەدىئىي سېھىر كۈچىگە شۇنچىلىك مەھلىيا بولغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن، 1979 - يىلى



* بېشى ئالدىنقىساندا

بېيجىڭدە ئۇنىڭ ئىلھام مەنبەسىنى ۋە يېزىلىش جەريانىنى سوراپ كۆرگىنىمدە، ئۇ بۇ توغرىدا سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئەپسۇسكى، گەپنىڭ مۇھىم نوقتىلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن (ھېچ ئەسلىيەلمىدىم).

تېيىپجان قولىغا قەلەم ئېلىپ ئون ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ «قوشاق» نى يازغان. بۇ، ئۇنىڭ قەلىمى ئەڭ ئۆتكۈرلەشكەن مەزگىل ئىدى. جەڭچىنىڭ قىلىچى گاللاشقاندەك، ئەدىبنىڭ قەلىمىمۇ گاللىشىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەر تەرەپلىمە بولۇپ، مۇھىمى، خەلق تۇرمۇشى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن يىراقلاشقانلىقىدا يۈز بېرىدۇ. ئۇ، مۇشۇنداق ھادىسىگە 70 - يىللاردا دۇچ كەلگەنلىكىنى دەپ يۇرگەنلىكى يادىمدا.

بىر كۈنى تېيىپجان مەندىن خەلق قوشاقلىرى يېزىلغان خاتىرە دەپتىرىمنى سورىدى.

— نېمە قىلىسەن؟ ئالدىڭدىن تالاي قېتىم ئۆتكەن قوشاقلارغۇ ئۇ؟ - دېدىم مەن.

— قەلىمىم گاللىشىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. بۇ خاسىيەتلىك بىلەيدە قەلىمىمنى يەنە بىر بىلەۋالاي، - دېدى ئۇ.

مەن قىرىق يىللىق خاتىرە دەپتىرىمنى ئېلىپ بەردىم. ئاندىن بىز خەلق قوشاقلىرىدىكى بەدىئىي ئوبراز، گۈزەل تەسۋىر ۋە جانلىق تىل توغرىسىدا پاراڭلىشىپ كەتتۇق. ئۇنىڭ شۇ چاغدا دېگەن مۇنۇ گېپى زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ:

— بەزىدە شېئىر يازسام بەك زورۇقۇپ كېتىمەن. تىزغان مىسرالىرىم كۆڭلۈمگە ياقمايدۇ. مەن ئىلگىرى «نېمە بولغاندىمەن...» دەپ تەئەججۈپلىنەتتىم. كېيىنىرەك بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىۋالدىم. قەلەممۇ گاللىشىدىكەن، ئۇنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدىغان بىلەي خەلق قوشاقلىرى ئىكەن. مۇنداق چاغدا مەن شېئىر يېزىشنى ھەپتىلەپ تاشلاپ قويۇپ، پۈتۈن ئىخلاسىم بىلەن خەلق قوشاقلىرىنى ئوقۇيدىغان بولدۇم. سەنمۇ شۇنداق قىلىسەنغۇ دەيمەن؟

— ھەئە، بۇ ئادىتىمىز ئوخشايدىكەن، - دېدىم مەن.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن تېيىپجاننىڭ «خەلق قوشاقلىرى — قەلەمنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدىغان خاسىيەتلىك بىلەي» دېگەن ئەقلىيە سۆزىنى «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنىڭ ئانىسى» دېگەن تەلىماتنىڭ تەركىبىي قىسمى دەپ قارايدىغان بولدۇم.

## كېيىنكى پۇشايمان

تېيىپجان ئېلىيېپ ئادەتتە تاماكىنى نورمال چەكسىمۇ، لېكىن شېئىر يېزىشقا ئولتۇرغاندا ناھايىتى كۆپ چېكەتتى. ئۆز ئۆيىدە بولسا، كۈلدان تاماكا قالدۇقى بىلەن، ئۆي ئىچى ئىس بىلەن تولۇپ كېتەتتى. ئىزلىگەن ئەڭ مۇۋاپىق سۆزنى تاپالمىغان يېرى تاماكا قالدۇقىنى شوراۋېرىپ، بارماقلىرىنى كۆيدۈرۈۋېلىپمۇ ئالاتتى. تاماكىنىڭ ئۆپكە راكى پەيدا قىلىدىغانلىقىغا ئازراق ئىشەنسىمۇ، «خۇدايىم ساقلار» دەپ قويۇپ چېكىۋېرەتتى.

بىر كۈنى ئۇ شېئىر يېزىۋاتقاندا تاماكىسى تۈگەپ قاپتۇ. ئايالىغا: «تاماكا ئەكىرىپ بەرگىن» دېسە، ئايالى: «چەكمەي يېزىۋېرىڭ. ھېلىمۇ ئۆيدە ھەممىمىزنىڭ ئۆپكىسىنى ئىسلاپ بولدىڭىز» دەپ ئۇنىماپتۇ. شۇ چاغدا تېيىپجان: تاماكىنىڭ زادى نېمە پايدىسى بار؟ - دەپ ئويلىنىپ قاپتۇ - دە، بۇ مەرەزنى تاشلىۋېتەيچۇ، دېگەن قارارغا كەپتۇ. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ماڭا مۇنداق دېگىنى ئېسىمدە:

— ھېلىقى «ئىسقا قارشى چۇقانلار» نى ياخشى يېزىپسەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى «ئادەتنىڭ دورىسى ئىرادە»، «كاناي بىلەن تۇتۇن» دېگەن شېئىرلىرىڭ ماڭا ياقتى...

ئۇ گېپىنى تۈگەتكىچە مەن ئالدىراپ كېتىپ:

— ساڭا ياققان بولسا ياخشى يازغان ئوخشايمەن، — دەپ ماختىنىۋالدىم.

— بىز ئادەملەر دورۇمچۇق كېلىدىكەنمىز، — دېدى ئۇ، — تاماكىنىڭ ئۈپكىنى ئىسلاشتىن باشقا ھېچقانداق پايدىسى يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ چېكىدىكەنمىز. بۇ جەھەتتە بىزدىن ھايۋانلار ئەقىللىقرەك ئىكەن. شۇلار جىنىدا ھاياتقا زىيانلىق ئىشنى پەرق ئېتەلەيدىكەن.

— ھايۋانلاردىمۇ يامان ئادەت بار، — دېدىم مەن، — ئىتتىقا ھەر قانداق قاچىدا گۆش بەرسەڭ، بەرىبىر، توپىغا مىلەپ يەيدۇ.

— بۇ، ئۇنىڭ گۆشنى توپىغا مىلەپ يېيىشنى ئادەت قىلىۋالغانلىقى ئەمەس، خام گۆشنى قاچىدا تۇرغۇزۇپ يېگىلى بولمىغانلىقتىن يەرگە ئېلىپ يەيدۇ. قاچىدا ئاش بەرسەڭ يەرگە تۆكمەي ئىچىدۇغۇ!

مەن بۇ مۇنازىرىدە يېڭىلگەنلىكىمنى تەن ئالدىم. شۇنىڭ بىلەن گەپنى ئاساسىي مەسىلىگە يۆتكىۋەتتىم:

— ئۆتكەن يىلى تاماكىنى تاشلىدىم، دېگەنتىڭ، يەنە چېكىۋاتىسىنغۇ؟

— مەنمۇ بۇنىڭ ئادەت كۈچىگە بىر ئايدىن ئارتۇق چىداشلىق بېرەلمىدىم. ھەر ھالدا، بالدۇرقىدىن ئازراق چېكىدىغان بولدۇم. مەن بۇ يامان ئادەتنىڭ ماڭا يېپىشقان ۋاقتىنى ئەسلەپ كۆردۈم. سەن بىلەن تونۇشقان يىللاردا مەنمۇ تاماكا چەكمەيتتىم. كېيىن چوڭلارغا ئارىلىشىپ يۈرۈپ، «ئەر كىشىگە يارىشىدىغان ئادەت ئىكەن» دەپ ئويلىدىم-دە، دوراپ چېكىپ باقتىم. دەسلەپ قېقىرىپ يۆتىلىپ كەتكەن بولسامۇ، ئاستا-ئاستا ئۆگىنىپ كەتتىم.

— ئەر كىشىگە يارىشىدىغان پايدىلىق ئادەتلەرمۇ كۆپقۇ؟

— ئۇنى بىر دېمە. بۇ بىر ئەخمەقلىق، تاماكا چېكىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئوغۇل بالا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىر ئەخمەقنىمۇ كۆرگەنمەن، — دېدى تېيىپجان.

بىز كۈلۈشتۇق. ئۇ «ئەخمەق» نى مەنمۇ كۆرگەنىدىم.

تېيىپجان ئۈپكە راكىغا گىرىپتار بولغاندىن كېيىن تاماكىنى بالدۇرراق تاشلىۋەتمىگەنلىكىگە ئىچ-ئىچىدىن پۇشايمان قىلدى ۋە تاماكىدىن قاتتىق نەپرەتلەندى. ئۇ، بۇ پۇشايمان ۋە نەپرىتىنى كەمدىن-كەم ئىزھار قىلدى. كۆپرەك ئىزھار قىلسا، ئۆزى قىلغان ئىشقا ئۆزى يىغلىغان ئەردەك مەردلىك بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئىزھار قىلمىسا، بۇ يامان ئادەت ھەققىدە ئەۋلادلارغا پەند-نەسىھەت قالدۇرمىغان بولاتتى.

## ئەمگەك ۋە چاقچاق

تېيىپجان ئېلىيوپ ئۆز ھاياتىدا تۆت نەرسىدىن ئايرىلمىدى: ئۇ ئۆمرىنىڭ قىرىق تۆت يىلىنى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن، جىسمانىي ئەمگەك بىلەن، كۈرەش ۋە تەنقىد بىلەن، چاقچاق ۋە كۈلكە بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىنكى بارلىق سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھەر-

رىكەتلەردە تەنقىد ۋە كۆرەش ئوبيېكتى قىلىندى. ھەر بىر كۆرەشتە تېيىپچاڭغا «يەرلىك مىللەتچى»، «شىۋجېڭجۇيىچى»، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان كېزەندە» ۋە باشقا تۈرلۈك قالپاقلار كىيگۈزۈلدى، ئاخىرىدا ئېغىر ئەمگەككە سېلىندى. ئۇ، قالپاق كىيگەن چاغدىكى مەجبۇرىي ئەمگەكنىمۇ بېسىم ھېس قىلماي قىزغىن ئىشلەيتتى. شۇڭا «ئەمگەك ئىپادىسى ياخشى» دېگەن باھا بىلەن ئەمگەك مۇددىتىنى بالدۇر تۈگىتىپ قايتىپ كېلەتتى.

تېيىپچان تىنچ كۈنلەردىكى ئىختىيارىي ئەمگەكلەرگە ھەممىدىن قىزغىن قاتنىشاتتى. ئەمگەكنى خۇشال ـ خۇرام ۋە چاقچاق بىلەن ئىشلەش ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن ئەمگەك قىلغانلىدا ھېرىش ـ چارچاشنى سەزمەيتتۇق. ئىش ۋاقتىنىڭ تۈگەپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەي قالاتتۇق.

1957 ـ يىلى كۈز پەسلىدە بىز قىزىلتاغقا كۆچەت تىككىلى چىقتۇق، تېرىپ ئىشقا چۈشمىگەندۇق. ئارىمىزدىكى بىرەيلەن تېيىپچاننىڭ ئۈستـبېشىغا قاراپ:

— تېيىپچان، ئەمگەككە ياۋەچچىدەك ياسىنىپ چىقىپسىزغۇ؟ ـ دېدى.

— مەن ھەر قاچان ئەمگەكنى توي بىلىمەن، ـ دەپ نەقلا جاۋاب بەردى ئۇ.

1958 ـ يىلى ماي ئېيىدا تېيىپچان بىلەن بىر نەچچىمىز ئىدارىمىزنىڭ قورۇسىدىكى مايىسا بولغان گۈللەرنى تاقلاپ كۆچۈرۈۋاتاتتۇق. بىر يولداش كېلىپ بۇ ئەمگەككە ئارىلاشتى.

— سىز بۇ گۈللۈككە كىرمىسىڭىز بولاتتى، ـ دېدى تېيىپچان.

— مېنىڭ قولۇم تەگكەن يەر گۈل بولىدۇ، ـ دېدى ئۇ يولداش.

— ئەمما سىزنىڭ پۇتىڭىز تەگكەن يەر كۆل بولىدۇ!

تېيىپچاننىڭ بۇ جاۋابى ئالدىدىلا تەييارلاپ قويغاندەك دەل جايىغا چۈشتى. بۇ چاقچاقنى باشقىلار شاخلىتىپ كېڭەيتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىردەملىك ئەمگەك كۆڭۈللۈك سورۇنغا ئايلانغانىدى.

1967 ـ يىلى ياز پەسلى ئىدى. بىزنىڭ ئىدارىمىزدىن تارتىپ چىقىرىلغان «گېزەندىلەر»نى كۈندۈزى ئەمگەككە سېلىپ، كېچىسى بەزى زاۋۇت، كارخانىلارغا ئاپىرىپ كۆرەش قىلدى ۋە دۇمبالىدى، ھەتتا بۇ «بۇرژۇئا يازغۇچى، شائىرلىرى» غا ئۆچمەنلىكى چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن جاھىللار ئۇلارنى ئۆلگۈدەك ئۇرغان كۈنلىرىمۇ بولدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىدارىمىزنىڭ زاپخوزى ئابدۇراخمان ئەمگەك قىلغانلارغا قوشۇمچە ئاشلىق بېرىلمەيتتى تارقاتتى.

— نورمەدىن ئارتۇق ئەمگەك قىلغانلارغا قوشۇمچە ئاشلىق بېرىلىدۇ، ئېلىۋېلىڭلار! ـ دېدى زاپخوز كۆپچىلىككە.

تېيىپچان دەرھاللا:

— نورمىدىن ئارتۇق تاياق يېگەنلەرگە نېمە بېرىسىز؟ ـ دېدى.

كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشتى. بۇ چاقچاق بىلەن ئۆزىنىڭمۇ ۋە ھەمراھلىرىنىڭمۇ ھاردۇقى چىقىپ، تاياقنىڭ ئەلىمى كۆتۈرۈلگەندەك بولدى.

شۇ چاغدا بىرەيلەن: «بىر ئايدىن بېرى مۇنۇ ئادەم شۇنچە تاياق يەپ، يەنە بۈگۈن چاقچاق قىلىۋاتقىنىنى قاراڭلار!» ـ دەپ ھەيران قالدى. تېيىپچان بۇ گەپنى ئاڭلاپ قېلىپ:

— قورقماڭ، يولداش! يەنە تاياق يېمەسەك، شۇنچىلىك يەيمىز. مۇشۇنداق بىر كۈلۈۋالساق، ماغدۇرلىنىۋالىمىز ئەمەسمۇ! — دېدى.

1986 - يىلى باهاردا مەن تېيىپجاننىڭ ئۆيىگە بىر ئىش بىلەن باردىم. ئۇنىڭ هويلىسىدىكى گۈللۈكتە بىر ئەسكى پىچاق بىلەن گۈللەرنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىۋاتقانلىقىنى، ئەمدىلا ئۈچ - تۆت قۇلاق بولغان كاۋا، قاپاقلارنى قىرغا كۆچۈرۈپ قويۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن باش كۆتۈرمەي ئىشلەۋاتقاچقا، مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى بايقىمىدى.

— هارمىغىن، دوستۇم، — دېدىم مەن.

شۇنىڭدىن كېيىن كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى. بىز ئەهۋاللاشقاندىن كېيىن، مەنمۇ گۈللۈككە كىرىپ ئۇنىڭغا ياردەملەشتىم.

— شېئىر يېزىشتىن ماقالە يېزىشنى ئېغىر كۆرىمەن، — دېدى تېيىپجان، — هېلىقى ماقالىنى يېزىپ بولدۇم. ئەمدى مېڭەمنى دەم ئالدۇراي دەپ بۇ ئىشنى قىلىۋاتىمەن.

شۇ ئارىلىقتا ئابدۇكېرىم خوجا كېلىپ چاقچاق قىلدى:

— تېيىپجان، ئۆزىڭىزگە ئوزۇق يىغىۋاتامسىز؟

— ياق! سىزنى بەكرەك يوغىنىسۇن دەپ ئوغۇتلاۋاتىمەن.

بىز ئۈچىلىمىز كۈلۈشتۇق.

تېيىپجان چاقچاقنى باشلاشقىمۇ، جاۋاب بېرىشكىمۇ ماهىر ئىدى. ئۇ كۆپ چاغلاردا كىشىنى هەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە هازىر جاۋابلىق بىلەن مۇداپىئەلىنەتتى ياكى قايتۇرما هۇجۇم قىلاتتى.

بىر قېتىم تېيىپجان بىر دوستىدىن يېڭىلىپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇ دوستى ماختىنىپ:

— مانا، تېيىپجان مېنىڭ ئالدىمدا غىڭ قىلالمايدۇ، — دېۋىدى، تېيىپجان دەرهاللا:

— راست، سىز غىڭ قىلالايسىز، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن يېڭىلىشتىن يېڭىش تۇغدۇرۇۋالغانىدى.

تېيىپجاننىڭ ئۆز ئائىلىسىدە رەنجىگەن كۈنلىرى بولغان بولسىمۇ، كىشىلەردىن رەنجىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىنى كۆرگىنىم يوق. چۈنكى ئۇ، هاياتنىڭ هەممە ۋاقىت خۇشاللىققا تەشنا ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. بىر نەچچە قېتىملىق چېكىدىن ئاشقان سولچىل سىياسىي هەرىكەتلەرنىڭ ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ دەسلەپكىدىكى سىياسىي ئەسەبىيلىكنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان كۈنلەرنى كۈلكە - چاقچاق بىلەن خۇش ئۆتكۈزۈش هەر كىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. پەقەت هاياتقا نىسبەتەن مۇستەهكەم ئىشەنچ، روهىي ئۈستۈنلۈك ۋە پاساهەت زېرەكلىكى بولغان كىشىلەرلا شۇنداق كۈلەلەيدۇ. تېيىپجاننىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يورۇقلۇقنى كۆرەلەيدىغان مۇشۇ پەزىلىتى ئى. ۋ. گيوتېنىڭ: «دۇنيانىڭ قىزىقى نېمىدە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ خۇش چاقچاق بولۇشتا. هەتتا ئىش ئوڭدىن كەلمىگەن كۈنلەردىمۇ خۇش چاقچاق بولۇشتا» دېگەن سۆزىگە ماس كېلىدۇ.

تېيىپجاننىڭ خۇش چاقچاقلىقى، چىقىشقاقلىقى، كەمتەرلىكى، سەمىمىيلىكى ۋە كۆكسى-قارنىنىڭ كەڭلىكى ئۇنىڭ ئىززەت - ئابرويىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن يۈكسەك پەزىلەتلىرى

ئىدى. ئۇنىڭدىكى شائىرانە تالانت بىلەن مۇشۇ پەزىلەتلەر ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك ياراشقانىدى.

## ئەدەبىي تەنقىد ئالدىدا

تېيىپجان ئېلىيوپ ئۆزىنىڭ قىرىق تۆت يىللىق ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ھەر قانداق بېسىم ۋە تىل-ھاقارەت ئاستىدىمۇ ئۆز مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ مېھرىدىن كەچمىگەن ۋە بارلىقىنى شۇنىڭغا بېغىشلىغان ئاتاقلىق شائىردۇر. ئۇ ھالال ئەجرى ۋە بىباھا تۆھپىسى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىگە مۇناسىپ مەرتىۋە ۋە ھۆرمەت ئىگىسى ئىدى. مۇنداق كىشىنىڭ كەڭ جامائەتنىڭ، كىتابخانلارنىڭ، يازغۇچى، شائىر ۋە ئوبزورچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىدىكى غوللۇق شەخس بولۇپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. تېيىپجاننىڭ ئەدەبىيات سەھنىسىدە سولچىل تەنقىدكە ئەڭ كۆپ ئۇچرىغانلىقىنى شەخسەن مەن يۇقىرىدىكى ئامىللاردىن ئايرىپ قارىمايمەن.

ئۇنىڭ نورمال، تىنچ ۋەزىيەتتە يازغان بەزىبىر شېئىرلىرى سولچىللىق ئەۋج ئالغان مەزگىلدە پۈتۈنلەي بۇرمىلىنىپ، «پارتىيە ۋە خەلققە قارشى چاقىرىق» دېگەن بەتنام بىلەن تەنقىدلەندى. سولچىل ھەرىكەت ۋە سىياسىي ۋەزىيەتلەرگە ئاۋاز قوشۇپ يازغان شېئىرلىرى نورمال، تىنچ ۋەزىيەتتە «شېئىرىي قىممىتى يوق»، «سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ خاتىرىسى» دەپ تەنقىدلەندى. بۇنداق ئىككى خىل نۇقتىئىنەزەردىكى تەنقىدچىلەر مەتبۇئاتتا تېيىپجاننى تەنقىدلىگەن بولسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇلار بىر-بىرىنى تەنقىدلىدى. ئەگەر بىر كىم مەندىن: بۇ ئىككى خىل تەنقىدچىلەرگە سەن قانداق قارايسەن؟ دەپ سورىسا، بىرىنچى خىل تەنقىدچىلەردىن بىزار ئىكەنلىكىمنى، ئىككىنچى خىل تەنقىدچىلەرگە يان باسىدىغانلىقىمنى يوشۇرمىغان بولاتتىم.

ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە يېزىلغان تەنقىدلەرنىڭ ھەممىسىنى نۆلگە باراۋەر قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. مۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتكە زىت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېيىپجاننىڭ كۆز قارىشىغىمۇ زىت كېلىدۇ. تېيىپجاننىڭ ئۆز ئەسەرلىرى ئۈستىدە دوستانە پوزىتسىيە بىلەن تەنقىد يازغان ئاپتورلاردىن مىننەتدار بولغانلىقى ئۇنىڭ تەنقىدكە نىسبەتەن مۇجمەل چۈشەنچىدە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

يولداش مەخمۇتجان ئىسلام « ‹باھار ئىلھامى› نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى » ناملىق ماقالىسىدا تېيىپجاننىڭ بەزى شېئىرلىرى ھەققىدە تەنقىدىي پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. تېيىپجان مەخمۇتجان بىلەن كۆرۈشكەندە، بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىپ مۇنداق دېگەن: «تەنقىدىڭىزنى سەممىي قوبۇل قىلىمەن. بەزىدە مەزمۇن ۋە راۋانلىقنى بەكلا قوغلىشىپ كېتىپ، شېئىرنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان، مەسىلەن: مىسرالاردىكى بوغۇم ۋە تۇراقلارنىڭ ئوخشاش بولۇشىغا دىققەت قىلمايدىغان، قاپىيەلەرنى تۈپ سۆزدىن تۈزۈشكە ئىزدەنمەيدىغان ئەھۋال مەندىمۇ بار. بۇ ھادىسە قارىماققا ئۇششاق-چۈشەك ئۇقساندەك كۆرۈنسىمۇ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ سۈپىتىنى تۆۋەنلەشتۈرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى دەپ قارايمەن.»

1978 - يىلدىن كېيىنكى يىللار ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئەڭ كۆپ تەنقىدلەنگەن مەزگىل بولدى. ئۇ، شۇ مەزگىلدىكى تەنقىدلەردىنمۇ قورقۇپ كەتمىدى. ئۇ تەنقىدلەرنىڭ توغرا تەرەپلىرىدىن پايدىلاندى، ناتوغرا تەرەپلىرىنى «دىققەت قىلىش سىگنالى» دەپ چۈشەندى. دوستانە بولمىغان، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈلگەن تەنقىدلەرگە دۇچ كەلگەندە، قايناپ، سەكرەپ كەتمىدى ياكى ھوشىنى يوقىتىپ قويمىدى. خەلققە بولغان ئىشەنچىسىگە تايىنىپ، سەۋرچانلىق ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇلارغا كۆڭلىدە ئاداۋەت تۇتۇشنىمۇ خوپ كۆرمىدى.

تېيىپجان ئېلىيوپ «شېئىرىيەت توغرىسىدا ياش ھەۋەسكارلارغا جاۋاب» دېگەن ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا ئەدەبىي تەنقىد ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«بىز ئىلمىي تەنقىدكە مۇھتاج، لېكىن ئۇنىڭ تەلتۆكۈس ئىلمىي ۋە توغرا بولۇشىنى تەلەپ قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ھەر ئۇلۇغ تەنقىدچىلەرمۇ خاتا پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن خالىي بولالمىغانغۇ! لېكىن شۇنى چوقۇم تەلەپ قىلىشقا ھەقلىقمىزكى، ئەدەبىي تەنقىدچى تىرناق ئاستىدىن كىر كوۋلىغۇچى بولماي، بەلكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ھەممىدىن ئىلگىرى كۆرۈپ، ئۇنى قىزغىن سۆيىدىغان بولۇشى، يازغۇچى، شائىرلارنىڭ قازىسى بولماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەڭ سەمىمىي دوستى، مەسلىھەتچىسى بولۇشى، ئارىغا تەپرىقە سالغۇچى بولماي، بەلكى ئەدەبىيات قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرىغۇچى بولۇشى لازىم. بۇنىڭغا ئەمەل قىلماي تۇرۇپ، ئىلمىيلىكتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.»

شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئەدەبىي تەنقىدكە بولغان بۇ خىل كۆز قارىشى ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ئىستىلىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، تەدرىجىي شەكىللەنگەندۇر.

## خاتىمە

يالقۇنلۇق ۋە لەززەتلىك شېئىرلىرى بىلەن خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان يېتۈك شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيوپ بىز بىلەن ۋاقىتسىز ۋىدالاشتى. بىز تېيىپجان بىلەن ۋىدالاشقاندا، «سېنىڭ ئارزۇ ئارمانلىرىڭغا ۋارىسلىق قىلىمىز، شائىرلىق قەلىمىڭنى شائىر ئەۋلادلىرىڭ قولىدىن چۈشۈرمەيدۇ» دەپ ۋەدە بەردۇق. ئەمەلىيەتتە بۇ، ئۇنىڭ روھىغا ۋە ئۆزىمىزگە تەسەللىي بېرىدىغان ۋەدىلەردۇر. بىز سۆيۈملۈك شائىرىمىزنىڭ غايىۋى ئارزۇ ئارمانلىرىنى ئىجادىي پائالىيەتلىرىمىزگە سىڭدۈرۈش ئارقىلىق بۇ ۋەدىلىرىمىزنى ئورۇنلىيالايمىز. ئەمما يەنە نېمىلەرنى يازماقچى بولغانلىقى، ئۇلارنى قانداق يېزىشنى ئويلىغانلىقى بىزگە نامەلۇم. ئۇنىڭ قەغەزگە چۈشمىگەن كونكرېت ئارزۇ ئارمانلىرى ئۆزى بىلەن بىللە كەتتى. ۋاقىتسىز ئۆلۈم ئۇنىڭ قابىل ۋە جۈرئەتلىك قەلىمىنى قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئۇنى ئارىمىزدىن ئېلىپ قاچتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق ئادەتلىرىنىمۇ يېزىپ قويۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى.

مەن تېيىپجان بىلەن 1947 - يىلى 8 - ئايدا غۇلجىدا تونۇشقانىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ كەسىپداشلىق ۋە دوستلۇق مۇناسىۋىتىمىز يىلدىن - يىلغا قويۇقلىشىپ بارغانىدى. مەن چاقچاق ۋە ناخشا-مۇزىكا بىلمەيدىغان بىناۋالىقىمدىن كۆپ سورۇنلاردا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولالمايتتىم. بەزىلەر شۇنىڭغا قاراپ، ئىككىمىزنى ئانچە يېقىن ئەمەس دەپ ئويلىشاتتى. لېكىن بىز شېئىرىيەت، تىل ئىلمى، كەسپىي خىزمەت ۋە باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدە كەڭ - كۇشادە پاراڭلىشاتتۇق.

(ئاخىرى 70 - بەتتە)

چىڭغىز ئايتماتوۋ

# ئوبزور ۋە ئوبزورچى

ئوبزورچى ئالدى بىلەن مۇستەھكەم ئېتىقاد ئىگىسى، پىداكار بولۇشى، ئۆز خەلقىنى، ئۆز يۇرتىنى، ئادەملەرنى، تاغلارنى، دالىلارنى، ئوتلاقلارنى، بۇلاقلارنى، ئېرىقلارنى سۆيۈشى، كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ ئاۋايلىشى لازىم. ئۆز يۇرتى، ئۆز خەلقىنى سۆيمىگەن تەنقىدچىنىڭ ماقالىلىرى، كىتابلىرى ئوتتۇرۇقسىز، ئورامى يوق گەپلەردىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ھەقىقىي ئوبزورچى تولغان بىلىم ئىگىسى، يېتىلگەن پەيلاسوپ بولۇشى، ئۆز ئەدەبىياتىنى، بەلكى جاھان ئەدەبىياتىنىمۇ چۈشىنىشى، بىلىشى لازىم. ئوبزورچىدا بىلىم، ئىنچىكە كۆزىتىش، پەلسەپىۋى قاراش بولۇپ، ئېتىقاد ۋە ماھارەتنىڭ بولماسلىقى ھەممىدىن يامان.

ئوبزورچى قايسى بىر ئەدەبىي ژانىرغا مۇراجىئەت قىلمىسۇن پائال گراژدان سۈپىتى بىلەن ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشى لازىم. ئوبزورچىنىڭ دىلى ساپ، نىيىتى خالىس بولۇش زۆرۈر. ئەگەر ئۇ بىرەر گۇرۇھقا قوشۇلۇپ، مەنپەئەتكە قۇل بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭ ئەل - يۇرت ئالدىدا ئورنى بولمايدۇ. ئوبزورچىنىڭ ھەر بىر سۆزى ھالال، توغرا، سەمىمىي بولۇشى، بېشىغا غەم - قايغۇ چۈشكەن تەقدىردىمۇ توغرا سۆزدىن قايتمايدىغان بولۇشى لازىم. مېنىڭچە ھەقىقىي ئوبزورچى بولغان ئادەم ھەممە جەھەتتە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى، ئەتراپلىق پىكىر قىلىش، چۈشىنىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشى لازىم. يەنە بىر مۇھىم تەرەپ، ھەر بىر كامالەتكە يەتكەن ئەسەرگە جاھان ئەدەبىياتىنىڭ سەۋىيىسى بويىچە قاراش مەسىلىسىدۇر. ئوبزورچى ئۆز ئەدەبىياتىنىڭ سەۋىيىسى بىلەن چەكلىنىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ پىكىر قىلىش دائىرىسى تولىمۇ تار، چەكلىك دائىرىگە كىرىپ قالىدۇ.

ھەقىقىي يازغۇچى ھەر قانداق تەنقىدنى، ھەتتا ئادالەتسىزلەرچە قىلىنغان تەنقىدنىمۇ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئاڭلىشى كېرەك. بۇنداق قىلىش ئاسان ئەمەس، ئەلۋەتتە، لېكىن بەرىبىر چىداش لازىم. «ياخشىراق» دېگەن ھەر قانداق ئەسەر ئۈستىدە مۇلاھىزە ۋە تالاش - تارتىشلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. پەقەت ئوتتۇرا ئېقىمدىكى ئەسەرلەرلا مۇلاھىزە تۇغدۇرمايدۇ. بۇ مەسىلىدە ئايرىم تەنقىدچىلەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمىگەن ھالدا ئەسەرنى يوققا چىقىرىش بىلەن، يەنە بەزى ئىلمىي، دەلىلسىز قىلىنغان تەنقىدتىن ئىبارەت ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان ئىككى ئۇقۇمنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىش لازىم. تەنقىدنى (ئوبزورنى) ئېغىر ۋەزمنلىك قىلىپ ئاڭلاش دېگەنلىك، ھەرگىزمۇ تالاش - تارتىش قىلماسلىق كېرەك دېگەنلىك ئەمەس.

بىلىشىمىز كېرەككى: ئوبزورچى ھۆكۈم چىقارغۇچى «مۇتلەق ھاكىم» ئەمەس. ئۇ، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغان ئويلىرى، تۇيغۇلىرى بىلەن

ئورتا قىلىشىش مۇمكىن. لېكىن ئۇنىڭ ھېچقاچان خەلق، جەمئىيەت، مەنپەئەتىنى ئۇنتۇشقا ھەققى يوق.

مەلۇمكى، ھەر قانداق بىر ئەسەرنىڭ ئۆزىنىڭ «ئىچكى قانۇنىيىتى» بار. بۇ ھەقتە پۇشكىنمۇ ياخشى يازغان. دېمەكچىمەنكى، ئوبزورچى ئەسەرنى ئەتراپلىق ھالدا تەكشۈرۈشى لازىم. ئەگەر ئەسەر ئەتراپلىق ھالدا تەھلىل قىلىنسا، ئۇنىڭ يازغۇچى ئىجادىيىتىدە تۇتقان ئورنىمۇ، ئىجادىيەت جەريانىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىمۇ تولۇق ئېچىلىدۇ.

ۋ. گې. بېلىنىسكى دوستلىرىغا يازغان خەتلىرىنىڭ بىرىدە «ئوبزورچى — ئىجادكار سەزمىگەن، ھېس قىلمىغان نۇقسانلارنىمۇ كەشىپ قىلىدۇ» دېگەن. مەن بۇ گەپلىرىم بىلەن بارلىق ئوبزورچىلارنى تەنقىدلەشكە چۈشۈپ كەتكىنىم يوق. توغرا، بىزگۇ ئۇلاردىن ماختاشلارنى، ئىللىق سۆزلەرنى ئاڭلاشقا كۆنۈپ كەتكەن. شۇنى بىلىش كېرەككى، ھەقىقىي ئوبزورچى ئىللىق سۆزگە گاداي كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئېتىبارغا، مېھىرگە مۇھتاج، ئېتىبار، مېھىر ئىككى تەرەپلىمە بولۇشى كېرەك. ئىنسابلىق، ئېتىقادلىق، بىلىملىك ئوبزورچىلارمۇ ئارىمىزدا كۆپ. بىز ئۇلارنى ئاسراپ ئاۋايلىشىمىز، قوللاپ قۇۋۋەتلىشىمىز لازىم. بۇ دېگىنىم ئوبزور ۋە ئوبزورچىلار ھەققىدە بىر قىسىم مۇھىم بولغان راست گەپلەرنى ئېيتماسلىق كېرەك دېگىنىم ئەمەس، ئېيتىش كېرەك، ھېچكىمگە سىر ئەمەس، 70 - يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 80 - يىللارنىڭ بېشىغا كېلىپ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك خېلى بەك بوشاپ كەتتى، ئىلمىي ئاساسى بار تەھلىلنىڭ ئورنىنى ئىزاھ قىلىش، قايتا ھېكايە قىلىپ بېرىش ھادىسىسى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن يېقىنقى ئونبەش-يىگىرمە يىل ئىچىدە ئوبزورچىلار سېپى كەسكىن رەۋىشتە كېمىيىپ كەتتى. كۆپلىگەن ئىقتىدارلىق تەنقىدچىلەر ئۆزىنى تىنچ ساھە — ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىگە ئۆرۈپ كەتتى. راستىدە، تىنچلىقنى ياشايدۇ. كۆڭلىمۇ ئارامدا، يازغۇچىلار بىلەن دەتالىشىپ ئولتۇرمايدۇ. بۇ خۇنۇك ھادىسە ھەممىمىزنى تەشۋىشكە سېلىشى كېرەك.

پ. شىرمۇھەممەدوۋنىڭ «سەن يانمىساڭ، مەن يانمىسام...» ناملىق كىتابىنىڭ «چىڭگىز ئايتماتوۋ ھوزۇرىدا» دېگەن بۆلىكىدىن قىسقارتىپ تەييارلىغۇچى: **قۇربان توختى**

مەسئۇل مۇھەررىر: **ھاجى ئەخمەت**

مۇتەللىپ سىدىق

# مىسىردا ئۆتكەن بىر يىل

## جەنۇبىي سىنا خاتىرىلىرى

سىنا ئارىلى مىسىرنىڭ ئاسىيا قىسمىغا تەۋە زېمىنى بولۇپ، جەنۇبىي سىنا ۋە شىمالىي سىنا دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئۇ ئۈچ بۇرجەك شەكلىدە قىزىل دېڭىزغا چوقچىيىپ چىقىپ تۇرىدۇ ۋە دېڭىز ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستانىغا، قۇرۇقلۇق ئارقىلىق ئىئوردانىيە ۋە پەلەستىنگە تۇتىشىدۇ.

سىنا ئارىلى تارىختا دۈشمەنلەرنىڭ كۆپ قېتىملىق ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. بۇ يەردىكى ئاخىرقى جەڭ 1973-يىلى بولغان، بۇ جەڭ داۋامىدا مىسىر خەلقى ئىسرائىلىيە تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن قەتئىي ئېلىشىپ، سۇۋەيش قانىلىدىن غەلىبىلىك ئۆتۈپ، دۈشمەننى سىنادىن قوغلاپ چىقىرىپ، يۈكسەك قەھرىمانلىق جاسارىتىنى نامايەن قىلغان. سىنانىڭ تاش ۋە قۇملىرىمۇ بۇ كۈرەش ۋە بۇ يەردىكى قەھرىمانلىق داستانلىرىنى ھېكايە قىلىپ بېرەلەيدۇ.

ھازىر بۇ يېرىم ئارال يېڭىباشتىن گۈللىنىپ، مىسىرنىڭ ساياھەت ۋە نېفىت بازىسى بولۇپ قالدى.

ئۆتكەن يىلى 12- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىز ئاتمىش نەچچە نەپەر چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى ساياھەت ئۈچۈن جەنۇبىي سىناغا قاراپ ئاتلاندۇق. قاھىرەدىن چىقىپ ماشىنا بىلەن ئىككى سائەت ماڭغاندىن كېيىن ئەھۋال چۈشەندۈرگۈچى بىزگە، ئافرىقا بىلەن ئاسىيانى، جۇملىدىن قاھىرە بىلەن سىنا ئارىلىنى ئايرىپ تۇرىدىغان چېگرا، ئوتتۇرا دېڭىزنى قىزىل دېڭىزغا تۇتاشتۇرىدىغان مەشھۇر قاتناش ئېغىزى — سۇۋەيش قانىلىغا يېتىپ كەلگەنلىكىمىزنى خەۋەر قىلدى. بۇ قانال 1879- يىلى مىسىرنىڭ تۈرك ۋالىيلىرىدىن بولغان ئىسمايىل پاشا دەۋرىدە قېزىپ پۈتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى بىر يۈز يەتمىش ئىككى كىلو مېتىر كېلىدۇ. قانالنىڭ ئورنى خەلقئارا دېڭىز ترانسپورتىدا ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، مىسىرنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى مۇشۇ يەردىن كېلىدۇ. مىسىر ئىسرائىلىيەدىن قانالنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قانال قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. ئىلگىرى سىنا ئارىلىغا ئۆتۈش ئۈچۈن، قانالدا پاراخوتتىن پايدىلىناتتى. ھازىر قانال ئاستىدىن تونېل ياسىلىپ، ماشىنىلار بۇ قاتتىن ئۇ قاتقا بىمالال ئۆتەلەيدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، قانال



ئەتراپى ئاۋات شەھەرگە ئايلاندۇرۇلدى. ماشىنىدا تۇرۇپ ئىككى ياققا قارىسىڭىز بۇ قانال شەھىرى خۇددى ئۇزۇن بىر يېشىل شايى بەلباغقا ئوخشاش كۆرۈنىدۇ.

* بېشى ئۆتكەن ساندا

سىنا تاشيولى قىزىل دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ جەنۇبقا سوزۇلغان بولۇپ، چەكسىز ۋە توق كۆك رەڭلىك دېڭىزنى ۋە ئۇنىڭ قىرغاقىقا ئۇرۇلۇپ، شاۋقۇن چىقىرىپ تۇرۇۋشلىرىنى، قۇياش نۇرىدا يالتىراشلىرىنى يېقىندىنلا كۆرۈپ ماڭغىلى بولىدۇ. دېڭىزدا بەس-بەستە ئۈزۈپ كېتىۋاتقان پاراخوتلارغا قارىسىڭىز تېخىمۇ ھەۋىسىڭىز كېلىدۇ. مىسىرنىڭ كۆپ-لىگەن نېفىت قۇدۇقلىرى قىرغاقىقا يېقىن جايدا بولغاچقا، دېڭىز بويى ئاساسەن نېفىت شەھەرلىرىگە ئايلانغان.

جەنۇبىي سىنادا مۇسا بۇلىقى، دەھەب، نۇۋەيبا، تابا، سانتاكاتېرىن ۋە تۇرتاغى دېگەنگە ئوخشاش خاتىرە جايلار، ساياھەت رايونلىرى ۋە نۇقتىلىرى بار.

مۇسا بۇلىقى سۈۋەيش قانىلىدىن ئوتتۇز كىلومېتىر ئەتراپىدا يىراقلىقتا تۇرىدۇ. ئۇ، تاتلىق سۇ بۇلاقلىرىنىڭ توپلانغان جايى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا خورما ۋە باشقا مېۋىلىك دەرەخلەر كۆپىيىپ تۇرىدۇ. ئېيتىلىشىچە، مۇسا ئەلەيھىسسالام يول ئۈستىدە مۇشۇ جايغا چۈشكەنلىكتىن مۇسا بۇلىقى دەپ ئاتالغانىكەن.

بىز سەپىرىمىزنىڭ تۇنجى كۈنى قىزىل دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قولتۇقىغا جايلاشقان ساياھەت رايونى دەھەبكە كېلىپ چۈشتۇق. بۇ يەر گەرچە كىچىك بولسىمۇ مەنزىرىسى ياخشى. بۇ يەردە تۇرۇپ شەرقىي - جەنۇبقا قارىغاندا، ئەرەبىستان-نىڭ لەۋزى تاغلىرى ئېنىق كۆرۈنىدىكەن. مەن دەھەبتە تۇرغان بىر كۈننى تۇنجى گۈ-زەل كۈن ۋە ياخشى بىر باشلىنىش، ھەر قايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ھەر مىللەت ئوقۇ-غۇچىلىرىنىڭ كاتتا ئۇچرىشىشى بولدى دەپ بىلدىم. بۇ كۈنى ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق ئى-دى. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ھەممەيلەن دېڭىز بويىغا چىقىپ، دېڭىز مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇق. دېڭىز بويىغا سېلىنغان چايخانىلاردا ئارام ئالدۇق، ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ دېڭىزنىڭ قۇياش نۇرى ئاستىدا، يەڭگىل دولقۇنلاۋاتقان كۆرۈنۈشكە نەزەر سالدۇق. خا-لىغان دوستلار بىلەن خاتىرە ئۈچۈن رەسىمگە چۈشتۇق، بەزىلەر دېڭىز سۈيىگە چۆمۈلۈپ ھوزۇرلاندى. بۇ يەردە شۇنداق قىزىق ۋە ئالاھىدە بىر مۇھىت بار ئىدىكى، گويا ھەممە كىشى شۇ مىنۇتتا بىر مىللەت بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. مۇنداق دېسەم سىز بۇ يەردى-كى ئوقۇغۇچىلار سوۋېت ئىتتىپاقى، ئىسپانىيە، تۈركىيە، گرېتسىيە (يۇنان)، فىلىپپىن، ھىندونېزىيە، جۇڭگو قاتارلىق باشقا - باشقا دۆلەتلەردىن، ھەتتا باشقا - باشقا قىتئە-دىن كەلگەن تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ بىر مىللەت بولۇپ قالىدۇ دەپ قالارسىز. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىسىرغا ئەرەب تىلى ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەچكە، بۇ تىلنى ئوخشى-مىغان دەرىجىدە بىلىدۇ. شۇڭا ئەرەب تىلى بىزنىڭ ئورتاق ئالاقە قورالىمىز بولۇپ، ئوتتۇرىمىزدىكى تىل پەرقىنى يوقىتىۋەتكەن، بىزنى تىل قىيىنچىلىقىدىن خالاس قىلغا-نىدى. مەنمۇ بۇ تىلنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن تۈركىيە ۋە ھىندونېزىيەلىك ئوقۇغۇچىلار بىلەن تېزلا بۇرادەرلەردىن بولۇپ قالدىم.

— سىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىكەنسىلەر، - دېدى تۈركىيەلىك دوستلار ماڭا، سو-ۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن بىر ئوقۇتقۇچىنى تونۇشتۇرۇپ.

— سىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قايسى جۇمھۇرىيىتىدىن؟ - دەپ سورىدىم ئەرەب تىلى بىلەن ھېلىقى ئوقۇتقۇچىدىن.

— تاجىكىستاندىن. سىزچۇ؟

— مەن قەشقەردىن.

— ۋاي - ۋۇي، سىز قەشقەرلىكمۇ؟ ئۇنداقتا ئۆزبېك تىلىنى بىلىدىكەنسىز-دە! - دېدى ئۇ مېنىڭ قەشقەرلىك ئىكەنلىكىمگە قاراپ، دەرھال ئۆزبېك تىلى بىلەن.

— شۇنداق، سىز ئۆزبېكمۇ؟ - دېدىم مەن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا.

— ياق، مەن تاجىك.

— ئۆزبېك تىلىنى ياخشى بىلىدىكەنسىز.

— ھەئە، دۇشەنبىدە ئۆزبېكلەرمۇ كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەمەرقەنت، خوجەندلەر بىزگە يېقىن شەھەرلەر ئەمەسمۇ؟ شۇڭلاشقا ئۆزبېك تىلىنىمۇ ئۆگىنىپ قالغانىمەن.

باشقىلار بىزنىڭ باشتا ئەرەبچە سۆزلىشىۋېتىپ، تۇساتتىنلا باشقا بىر تىلدا غوجۇرلىشىپ كەتكەنلىكىمىزنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ، بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشتى. لېكىن مەن قىزىل دېڭىز بويىدىكى مۇشۇنداق كىچىك بىر ساياھەت رايونىدا ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلىتەلىگەنلىكىمدىن ھاياجانلىنىپ، ئۇلارنىڭ كۈلۈشكەنلىكى بىلەنمۇ كارىم بولمىدى.

— خانىم، ئىسمىڭىزنى سوراشقا بولامدۇ؟ - دېدىم مەن.

— نېمىشقا بولمايدۇ، ئىسمىم تۇردىخان. تاجىكىستان دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب تىلىنىڭ پارس ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا تىللىرىغا بولغان تەسىرى» دېگەن دەرسلەرنى ئۆتىمەن. پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىم بار. سىز نېمە ئىش قىلىسىز؟

— مەنمۇ ئوقۇتقۇچى. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا چاغاتاي تىلىدىن دەرس ئۆتىمەن.

— ئۇنۋانىڭىز بارمۇ؟

— بار، ئۇنۋانىم لېكتور.

— لېكتور؟ - تەكرار سورىدى ئۇ، - بۇ قانداق ئۇنۋان؟ ماگىستىرمۇ؟

— ماگىستىر ئەمەس، ئۇنىڭدىن سەل يۇقىرى ئۇنۋان بولۇشى مۇمكىن، سىلەردە مۇنداق ئۇنۋان يوقمۇ؟

— يوق، بىز لېكتورنى «ئالىي ئوقۇتقۇچى» دەيمىز.

— سىز ئەرەبچىنى قەيەردە ئۆگەنگەن؟ - دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن يەنە.

— مەن ئەرەبچىنى كىچىكىمدە دادامدىن ئۆگەنگەن، - دېدى ئۇ، - دادام كاتتا ئۆلىما كىشى ئىدى. كېيىن تاجىكىستان ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەخسۇس ئەرەب تىلىدا ئوقۇدۇم. بۇ قېتىم تۇنجى چەت ئەلگە چىقىشىم.

— قاھىرەگە قاچان كەلدىڭىز؟

— بۇ يىل 9 - ئايدا كەلدىم. بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇش پىلانى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن توققۇز نەپەر كىشىنىڭ ئىچىدە، مەنلا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىن ئەۋەتىلگەن بىردىنبىر ئوقۇغۇچى ھېسابلىنىمەن. قالغانلار موسكۋادىن چىقتى، ھەممىسى رۇسلار، بىز قاھىرە «ئەينۇش شەمسى» ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ئىنستىتۇتىدا ئەرەب تىلىدىن بىلىم ئاشۇرىمىز.

— سىز رۇسچىنىمۇ بىلىدىغانسىز؟

— ھەئە، رۇس تىلىنى ئەلۋەتتە بىلىمەن، مەن ئۆز ئانا تىلىم تاجىك تىلىدىن باشقا، ئەرەب، پارس، دارا، ئوردو، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، رۇس تىللىرىنى بىلىمەن.

مەن، قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى بۇ ئايال پروفېسسورنىڭ قابىلىيىتى ۋە كەمتەر، قىزغىن خاراكتېرىدىن تەسىرلەندىم ۋە ئىچىمدە ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئېيتتىم. ئۇ، كۆرۈنۈشتىمۇ ئارىمىزدىكى باشقا ئاياللاردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇچىسىغا ئۇزۇن كۆڭلەك ۋە ئاياللارچە گۈللۈك پوپايكا كىيگەن، بېشىغا ياغلىق چىگىۋالغان، پۇتىغا ئۇزۇن پايپاق تارتقان بولۇپ، خۇددى ئۇيغۇر ئاياللىرىغا ئوخشايتتى.

مېنىڭ ئۇنى تېخىمۇ ھۆرمەتلىگۈم كېلەتتى. ئۆزۈمنى گويا ئۇنىڭ شاگىرتى دەپ ھېس قىلاتتىم. شۇڭا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنى بىرگە رەسىمگە چۈشۈشكە تەكلىپ قىلدىم. بۇ خاتىرىلەر مەڭگۈ ساقلانغۇسى.

مەن ئەمدى سىزگە «نوۋسىبا» دىكى بىر كۈن ھەققىدە ھېكايە قىلىپ بېرەي. بۇمۇ قىزىل دېڭىز بويىدىكى بىر ساياھەت رايونى. لېكىن ئۇ دەھەبتىن چوڭراق ۋە كۈن نۇرى ياخشى چۈشىدىغان يان بېغىر بولۇپ، ساياھەتچىلەر بۇ يەردە بىر-ئىككى كۈن ئارتۇقراق تۇرۇپ، دېڭىز سۈيىگە چۆمۈلۈشنى ۋە ئاپتاپقا قاقلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ. 12- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەردە ئادەتتە دەريا - كۆللەر مۇزلاپ، ھەممە ياق قار ئاستىدا ئۇخلايدۇ. يالىڭاچ ھالەتتە سۇغا كىرىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن نوۋسىبادا بۇ مەزگىلدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا نۆلدىن يۇقىرى 20 گرادۇس ئەتراپىدا تۇرىدىكەن. شۇڭا، كۈن نۇرى لەۋزى تاغلىرىنىڭ كەينىدىن كۆرۈنۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ، تاكى سىنا تاغلىرىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغىچە ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن سۇغا چۆمۈلۈپ ۋە قۇمدا يېتىپ، راھەتلىنەلەيدىكەنسىز. بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، تاڭ سەھەردە دېڭىز شاۋقۇنى بەكمۇ ئەۋجىگە چىقىدىكەن. قۇياش كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغاندا، تالا - تالا نۇرلار سۇ ئۈستىدە پارقىراق نۇر ئېقىمىنى ھاسىل قىلىپ، سانسىز ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى تىزىپ قويغاندەك توختاۋسىز جىمىرلاپ، سىزنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالىدىكەن. يورۇق چۈشكەندىن كېيىن، سىز ئۆزىڭىز تۇرغان قىرغاقنى بويلاپ، ئوڭ - سولغا ماڭسىڭىز ئاياغ ئاستىڭىزدا دېڭىز دولقۇنى ئېتتىرىپ چىقىرىۋەتكەن ھەر خىل قۇلۇلە قاپلىرىنىڭ قۇمغا چاپلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرىدىكەنسىز ۋە تېرىۋالماستىن كېتىپ قېلىشقا كۆزىڭىز قىيمايدىكەن.

مەن ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن، دېڭىز قىرغىقىغا چىقىپ، ئاپتاپقا قاقلاندىم ۋە ئىختىيارسىز ھالدا، بۇ بىر كۈننىڭ يەكشەنبە ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ: مەن تارىم بويىدىن كېلىپ، قىزىل دېڭىز قولتۇقىدا ئاپتاپقا قاقلانسام، قەشقەردە بۇ كۈنى بەلكىم سوغۇق شامال چىقىۋاتقاندۇ ياكى قار يېغىۋاتقاندۇ، ئۇنداق بولمىغاندا يېقىمسىز، سۇس ئاپتاپ چىقىۋاتقاندۇ. يېڭى بازاردا مىغ - مىغ ئادەملەر قىزىق سودا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندۇ ياكى ئالدىراپ بازارغا قاراپ كېتىۋاتقاندۇ، دېگەنلەرنى خىيالىمغا كەلتۈردۈم. ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن بۇ كەڭ ئالەمدە بىرلا ۋاقىتتا ياز، قىش، ئىسسىق، سوغۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، بىر يەردە كۈن چۈش بولسا، يەنە بىر يەردە تېخى ئەتىگەنلىك تاماق يەيدىكەن، بىر يەردە قار ياغسا، يەنە بىر يەردە گۈللەر ئېچىلىدىكەن.

سەپەرنىڭ 3- كۈنى بىز ئەقەبە قولتۇقىنىڭ ئەڭ تۈگەنچىسىگە يەنى مىسىر، ئىئوردانىيە، پەلەستىندىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت چېگرىسىنىڭ تۇتىشىدىغان جايىدىكى مەشھۇر

www.uyghurkitap.com



ساياھەت رايونى «تابا» غا يېتىپ باردۇق. ئۇ، «نوۋىبا» دىن تەخمىنەن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرىدۇ. بۇ يەردە مىسىر بىلەن ئىسرائىلىيىنىڭ چېگرا پونكىتلىرى بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىكەن. ھەيۋەتلىك «تابا» مېھمانخانىسى كۆككە تاقىشىپ، چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىگە مەزمۇت نەزەر سېلىپ، كېچە-كۈندۈز قاراۋۇللۇق قىلىدىكەن.

«تابا» دىن قايتىش يولىمىزدا، قولتۇقنىڭ قىرغاققا يېقىن جايىدىكى بىر تۆپىلىك يېنىدا توختاپ ئۆتتۇق. بۇ «فىرئەۋن ئارىلى» دەپ ئاتىلىدىكەن. مىلادى 1291-يىلى ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشىدا (خىرىستىيانلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنلىرى ئەرەب زېمىنلىرىغا باستۇرۇپ كىرگەن ۋاقىتتا) ئەرەب سەركەردىسى سالاھىددىن ئەييۇبى مۇشۇ قەلئەدە تۇرۇپ، دۈشمەنگە توسۇپ زەربە بەرگەنىكەن. شۇڭا بۇ جاي ھازىرغىچە خاتىرىلىنىپ، زىيارەت قىلىنىدىكەن. ھازىر ئۇ يېڭىباشتىن رېمونت قىلىنىپ، رەسمىي بىر ئىستىھكام ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپتۇ. تۆپىلىكنىڭ ئەڭ ئېگىز جايىدا مىسىرنىڭ ئاق، قىزىل ۋە قارا رەڭلەردىن تەركىب تاپقان دۆلەت بايرىقى لەرزان يەلپۈنۈپ، بۇ يەرنىڭ مىسىرغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدىكەن.

سىنا ئارىلى قەدىمكى دەۋردە «ئاي زېمىن» دەپ ئاتىلاتتى. چۈنكى ئاي ئۇنىڭ قۇملىرى ئۈستىگە پاك نۇرىنى چېچىپ، ئۇنى كۈمۈش دېڭىزغا ئايلاندۇراتتى. سىنادا يەنە بىر قانچە تارىخىي تاغلار بار ئىدى. شۇڭا قەدىمكى سىنالىقلار ئۇنى سۆيەتتى ۋە ئۇنىڭغا چوقۇناتتى.

سىنادىكى تارىخىي تاغلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرى مۇسا تېغى (جەبەلۇ مۇسا) بولۇپ، ئۇ، رىۋايەتلەردە تۇر تاغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئېيتىلىشىچە، مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ تاغ ئۈستىدە ئاللاھ بىلەن سۆزلەشكەن ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا: مەن سېنى خەۋەردار قىلاي، بۇ ۋەھىينى ئاڭلا! مەن پەرۋەردىگارىڭ ئاللاھدۇرمەن. مەندىن باشقا ئاللاھ يوقتۇر. ماڭا ئىبادەت قىل ۋە مېنىڭ ھەققىمدە ناماز ئوقۇ» دېگەنىكەن. يەنە، مۇسا ئەلەيھىسسالام «سەفسافە» ناملىق تاغدا ئۆز قەۋمىگە نەسىھەت قىلغانىكەن.

سىنالىقلار ئەرەبلەرنىڭ ئەسلى ئادەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەرەبلەر كەلگەندىن كېيىن سىنالىقلارنىڭ بەزىلىرى مىسىرنىڭ ئىچكى جايلىرىغا كۆچۈپ كەتكەن. بەزىلىرى ئۆز جايىدا قېلىپ، ئەرەبلەرگە ئارىلىشىپ ياشىغان. بۇ جايدىكى كونا كىشىلەر يەنىلا كونا ئەرەبچە ئىسىملارنى قويۇشۇپ، ھازىرغىچە ئۆزلىرىنى شۇلارغا باغلىشىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىكى ئادەتلەر ساقلانغان. ئۇلار ھازىرمۇ تېرە خالتا بىلەن سۇ توشۇيدۇ. قىلىچ ۋە ئوق مىلتىقلىرىنى كۆتۈرۈۋالىدۇ. ئەرلەر ئەرابىلارنىڭ يەنى دېھقان چارۋىچىلارنىڭ قارا كىيىملىرىنى ياكى جەڭ يەكتەكلىرىنى كىيىپ، كەمەر باغلايدۇ. ئاياللار بولسا رەڭگى يېشىلغا مايىل كىيىم كىيىپ، بېلىنى ئاق ياكى قارا چاچتىن توقۇلغان فوۋۋا بىلەن باغلىۋالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىل زۇننار تاقايدۇ. يۈزىگە بۇرقە ياكى چۈمبەل تارتىدۇ. قول ياكى بەدىنىنىڭ بەزى ئەزالىرىغا رەسىم چېكىدۇ ۋە مارجان ئېسىپ، ئۈزۈك تاقايدۇ. كۈمۈش ياكى ئالتۇن بىلەيزۈك سالىدۇ.

سىنالىقلار بىر-بىرىگە ياردەم بېرىش، مېھماندوستلۇق، ئۆز ئىززەت-ئابرويىنى ساقلاش، ئاياللار ئەرلىرىنى ھۆرمەتلەش ۋە چاقىرغاندا ئەڭ يېقىملىق ئىسىم بىلەن چاقىرىشتەك ياخشى ئەخلاق ۋە ئادەتلىرى بىلەن مەشھۇر.

لېكىن، گەپ «سانتاكاتەرىن» ئۈستىگە يۆتكەلگەندە سىز سىنانىڭ كەچۈرمىشلىرىنىڭ مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي قالمايسىز.

«سانتاكاتەرىن» — مىسىر ئىسرائىلىيەدىن قايتۇرۇۋالغان كىچىك بىر شەھەر. ئەسلىدە ئۇنىڭ نامى بىر نەپەر خىرىستىئان راھىبەسىنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ ئايال مۇشۇ يەردە ماكان تۇتۇپ، ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغان ئىكەن.

تۆت ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان بۇ شەھەردە سىز ئۆزىڭىزنى گويا باشقا بىر دۇنيادىكى خىلۋەت بىر ماكاندا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدىكەنسىز. چۈنكى بۇ يەردە ئىسلام دىنى بىلەن خىرىستىئان دىنى ئۆز ئارا مۇسابىقىگە چۈشكەندەك، بىر يەردە ئۈنلۈك ئەزان ئاۋازى ئاڭلانسا، يەنە بىر يېقىنلا يەردە چېركاۋنىڭ قوڭغۇراقلىرى چېلىنىدىكەن. مەسچىتتە مۇسۇلمانلار ئاق كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇسا، چېركاۋدا قارا پەلتۇ ۋە قارا قالپاق كەيگەن مۇناخلار شام يېقىپ، ئىبادەت قىلىدىكەن.

مەن «سانتاكاتەرىن»غا بارغان كۈنى ئاخشىمى ماگىزىنلارنى ئارىلاپ، خاتىرە سۈرەتلىرى دۇكىنى ئالدىدا، قاھىرەدە كۆرمىگەن نۇرغۇن سۈرەتلەرنى ئۇچرىتىپ ۋە ئۇلاردىن بىر نەچچە پارچە سېتىۋالماقچى بولدۇم. دۇكانداردىن باھا سوراش مەقسىتى بىلەن يېنىغا بارسام، ئۇ ماڭا سۈرەتلەرنىڭ باھاسىنى دەپ بېرىپلا، «سەن كورېيەدىنمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن:

— جۇڭگودىن دەپ جاۋاب بەردىم.

— جۇڭگونىڭ قەيېرىدىن؟ — دېدى ئۇ يەنە.

— شىنجاڭدىن.

— سەن قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىسەن؟

— ئەلھەمدۇلىللا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىمەن، — دېدىم مەن پەخىرلىك ھېسسىياتىم بىلەن، — شىنجاڭدا ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاجىك، قازاق، قىرغىز، تاتار قاتارلىق نۇرغۇن مىللەتلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

لېكىن، ئۇ مېنىڭ ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچە، جاۋابىمدىن ئانچە خۇشال بولۇپ كەتمىدى. ئارقىدىن يەنە:

— خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق! — دەپ كەسكىن جاۋاب بەردىم.

— بۇ بەلگىنى بىلەمسىز؟ — دېدى ئۇ، يېڭىنى قايرىپ، بېغىشىغا چېكىۋالغان سەلىپ (كرېست) نى كۆرسىتىپ.

— بىلىمەن، سىز خىرىستىئان دىنىغا ئىشىنىدىكەنسىز؟ — دېدىم مەن ئەجەبلەنگەن ھالدا.

ئارقىدىن ئۇ جاۋاب ئورنىدا ماڭا قاراپ يېقىمسىز كۈلۈپ قويدى. بۇ، مەزكۇر ئەرەبنىڭ خىرىستىئان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى.

«سانتاكاتەرىن» دىكى ساياھىتىمنىڭ ئەڭ مەنىلىك مەزمۇنلىرىدىن بىرى كوللېكتىپ تاغقا چىقىش ۋە تۇر تاغىدا تاڭنى كۈتۈۋېلىشتىن ئىبارەت. بۇ، سىنا ئارىلى بويىچە ئەڭ ئېگىز تاغ بولۇپ، ئۇنىڭ چوققىسىدا «مۇساغارى ۋە مۇسا ئىبادەتخانىسى» بار.

«سانتاكاتېرىن» غا كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ ھەر قانداقى كېچىلەپ تاغقا چىقىپ، بۇغار ۋە ئىبادەتخانىلارنى كۆرۈش بىلەن بىللە، شەرقتىن قۇياش كۆتۈرۈلگەن چاغدا سىنا تاغلىرىنىڭ گۈزەل تۇسكە كىرىدىغانلىقىنى چوققىدا تۇرۇپ تاماشا قىلىدۇ.

بىزمۇ 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كېچە سائەت ئۈچتە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، مۇسا تېغىغا قاراپ ماڭدۇق. ساياھەت ئاپتوبۇسى بىزنى تاغنىڭ يان باغرىغىچە ئاپىرىپ قويالايدىكەن. ئۇنىڭ نېرىسىغا يېمەكلىك، سۇ ۋە پېرژېكتور قاتارلىقلارنى ئېلىپ ئاستا - ئاستا يۈرۈپ كەتتۇق. بۇنداق پائالىيەت ھەر كۈنى بولۇپ تۇرغاچقا، سىزنىڭ تاغقا چىقىدىغانلىقىڭىزدىن خەۋىرى بار سىنالىقلار كېچىدە سىز بىلەن تەڭ ئويغىنىپ، تۆگىلىرىنى جابدۇپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىدىكەندە، يەنە سىزگە ئەگىشىپ ماڭغاچ: ھارغان بولسىڭىز تۆگىدە ئەپچىقىپ قويىمەن، دەپ توۋلاپ تۇرىدىكەن. ساياھەت باشقۇرۇش ئورۇنلىرى تاغ يولىنى ئالاھىدە ياساپ، بىر قەدەر ئاسان چىققىلى بولىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغاچقا، تۆگە بىلەن تاغنىڭ يېرىمىغىچە چىققىلى بولىدىكەن. شۇڭا بەزى چەتئەللىكلەر ئاز - تولا پۇل بېرىپ، تۆگىلەرگە مىنىۋالىدۇ. پۇل تېپىش ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە ئىرادە باغلىغان بىر قىسىم سودىگەر ئەرەبلەر بۇ تاغ يولىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىغا كىچىك ئۆيلەرنى ياساپ، ھەر خىل ئىچىملىك ۋە يېمەكلىكلەر دۇكىنى قۇرۇپتۇ. ئۇلارمۇ سىزنىڭ چىقىشىڭىزغا ئۇلگۈرۈپ چىراغ يورۇتۇپ، بىر نەرسە سېتىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن تەق بولۇپ تۇرىدىكەن.

لېكىن، كوللېكتىپ تاغقا چىقىش كۆڭۈللۈك پائالىيەت بولسىمۇ، ئاخىرقى نىشانغا يېتىپ بېرىش ئانچە ئاسان ئەمەس. يول باشلىغۇچىلارنىڭ پېرژېكتور ئارقىلىق بەرگەن بەلگىلىرىگە قاراپ، تىك قىيالاردىن ھالقىپ، توختىماي ئۆرلەپ، ئۈچ سائەتكە يېقىن جاپالىق جەڭ قىلسىڭىز، ئاندىن شەرق قىزىرىش بىلەن تەڭ چوققىغا يېتىپ بارالايسىز ۋە شۇ چاغدىلا غەلىبە قىلغان ھېسابلىنىسىز. ئەپسۇسكى، بىر قىسىم ساياھەتچىلەر يېرىم يولدا ھېرىپ قالسا ياكى يىقىلىپ چۈشۈپ، بىر يېرى ئاغرىپ كەتسە بۇ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

پاھ! ئۇپۇق سۈزۈلۈپتۇ. ئەنە، قىزىللىق پەيدا بولدى!

مەن يېنىمدىكى سەپەرداشلىرىمغا ئىختىيارسىز بۇ سۆزنى قىلدىم. ئۇلارمۇ شەرققە قاراشتى، بۇ چاغدا بىز چوققىغا چىقىپ بولغانىدۇق. ئاپپاراتلىرىمىزنى تاڭ نۇرىغا توغرىلاپ، بۈيۈك قۇياشنىڭ تۇر تاغنى قىزىللىققا پۈركىشىنى كۈتەتتۇق، مانا كۈنمۇ كۆتۈرۈلدى، شەرق تەرەپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان قىزىل بەلباغقا، ئۇنىڭ بىرسى تۇمان ئارىلاش كۆك نۇرغا چۆمكىنىپ، ئىنتايىن گۈزەل، سېھىرلىك مەنزىرە ھاسىل بولدى. بۇ تارىخىي تاغ ھەقىقەتەن سىر بىلەن تولغانىكەن! مەن ئۇزۇنغىچە خۇددى ئېسىنى يوقاتقان ياكى سېھىرلەپ قاتۇرۇپ قويغان ئادەمدەك تۇرۇپ قاپتىمەن. ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلاپ: «ئەي تۇر تاغى، مەن سېنى كۆرىدىغانلىقىمنى ئويلاپمۇ باقمىغان ۋە سېنىڭ گۈزەللىكىڭنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلمىغانىدىم، ئەمدى ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشىلەردىن ھېسابلايمەن» دېگەن سۆزلەرنى ئاران قىلالىدىم.

جەنۇبىي سىنادىكى كۈنلەر ئەنە شۇنداق تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن بۇ يەردە كۆرگەن ھەر بىر نەرسە خاتىرەمدە چىڭ ساقلانماقتا.

## مىسىردا دىن ۋە مەدەنىيەت

مىسىر — ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىنىدىغان ئەرەب دۆلىتى. دىن، بۇ دۆلەتتە مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە. چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال بىر نىسبەتتە ئۇنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئادەتتىكى پاراڭ، يىغىنلاردىكى نۇتۇق، دەرسخانىلاردىكى لېكسىيە ۋە گېزىت - ژۇرنال، تېلېۋىزورلارنىڭ تەشۋىقاتىدا دىنىي روھ ھامان ئەكس ئېتىدۇ، ئىسلامنىڭ ئەركانلىرى ۋە قۇرئان روھى بويىچە ئىش قىلىشنى كىشىلەر ھامان بىرىنچى ئورۇندا قويىدۇ. تاڭ سەھەردىن ياتار ۋاقىتقىچە ھەممە يەردە ئۈنلۈك ۋە قويۇق ئەزان ئاۋازىنى، شەيخلەرنىڭ تىلاۋەتلىرىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىسىز. مىسىر مەركىزىي رادىئو ئىستانسىسى مەخسۇس بىر دولقۇندا پۈتۈن كۈن قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىدۇ. باشقا دولقۇنلاردىمۇ قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىدىغان پروگراممىلار بار. بەش نامازنىڭ ۋاقىت جەدۋىلى يىللىق كالىندار بىلەن بىرلىكتە بېسىپ تارقىتىلغاچقا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇلىدۇ. رادىئو ۋە تېلېۋىزورلاردا بۇ ۋاقىت ئەستايىدىل ئىگىلىنىپ، ئەزان توۋلىنىدۇ. يەنە، «روھىي ھەدىسلەر»، «ئاللاھقا خەت»، «ئاللاھنىڭ ئۆيلىرى — مەسچىتلەر» دېگەن مەخسۇس پروگراممىلار ئارقىلىق، خەلققە ئىسلام قانۇنى، ئىسلام تارىخى ۋە ئىسلام ئەقىدىسى چۈشەندۈرۈلۈپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى ۋە مۇناجاتلار ئاڭلىتىلىدۇ. گېزىتلەرنىڭ مۇناسىپ سەھىپىلىرىدە ئايەت ۋە ھەدىسلەر كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا بېرىلىپ، شەرھىلىنىدۇ. «قاھىرە كەچلىك گېزىتى» مەخسۇس كۈندىلىك دىنىي خەۋەرلەر ۋە دىنىي ساۋاتلارنى ئۆزىنىڭ تەشۋىقات يۆنىلىشى قىلىدۇ. مەركىزىي گېزىت — «ئەلئەھرام» نىڭ جۈمەلىك سانلىرىدىمۇ دىنىي خەۋەرلەر ۋە دىنىي تەتقىقات نەتىجىلىرى ئالاھىدە ئېلان قىلىنىدۇ. رادىئو ئىستانسىسى ھەر جۈمە كۈنى قاھىرەدىكى داڭلىق مەسچىتلەردە ئۆتۈلگەن جۈمە نامىزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نۆۋەت بىلەن نەق مەيداندىن ئۇلاپ ئاڭلىتىدۇ.

رامىزان ئېيى — ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىدە دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ راسا كۆچىيىدىغان مەزگىلى. چۈنكى قۇرئان كەرىم مۇبارەك رامىزان ئېيىدا نازىل بولغان ۋە بۇ ئايدا، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇش بەلگىلەنگەن. شۇڭا ئەرەبلەردە «ئاينىڭ ئوبدىنى رامىزان» دەيدىغان گەپ بار. رامىزاندا دىنىي دەۋەت يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، مۇسۇلمانلار ئومۇميۈزلۈك ناماز ئوقۇشقا، روزا تۇتۇشقا، كېچىلىرى زىكرى - سۆھبەتلەرگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىنىدۇ.

جۈملىدىن مىسىردا رامىزان ناھايىتى داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىنىدۇ ۋە ئۇزىتىلىدۇ. رامىزان ھارپىلىرىدا كىشىلەر بەسبەستە تەييارلىق قىلىپ، ئۆيلىرىنى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى يېزىلغان لەۋھەلەر، رەڭلىك پانۇس ۋە ھەر خىل لېنتىلار بىلەن چىرايلىق بېزەيدۇ، يېڭى سەرەمجانلارنى سېتىۋالىدۇ. كوچىلارغىمۇ پانۇس ۋە رەڭگارەڭ شار - لېنتىلارنى ئېسىپ، رەڭلىك چىراغلارنى كۆپەيتىپ، ھەممە يەرنى كاتتا بايرام قىياپىتىگە كىرگۈزىدۇ. تېلېۋىزور، رادىئولار پروگرامما ۋاقىتلىرىنى دەرھال تەرتىپكە سېلىپ، ئاڭلىتىش مەزمۇنلىرىنى رامىزان ئېيىدىكى دىنىي دەۋەتكە مۇۋاپىقلاشتۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com



رامىزاندا مۇسۇلمانلار ياخشى سۆزلەرنى كۆپرەك قىلىش، ياخشى ئەمەللەر بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىنىش ئارقىلىق، ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلىشىشنى ئىزدەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن «بىئىزنىللا» (خۇدا يول قويسا)، «ئىنشائاللا» (خۇدا بۇيرىسا)، «ئەلھەمدۇلىللا» (ئاللاھقا شۈكرى)، «ئەئۇزۇبىللا» (ئاللاھقا پاناھ تىلەيمەن)، «ۋاللاھى» (قەسەم قىلىمەنكى) دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ھەر بىر جۈملە گەپكە ئەگىشىپ ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. كىشىلەر، بۇزۇق ئىشلاردىن، غەيۋەت ۋە زىيانكەشلىكلەردىن قولىنى تارتىشنى ۋە يىراقلىشىشنى چىن كۆڭلىدىن ئۈمىد قىلىشىدۇ. ئىپتاردىن كېيىنلا، مۇسۇلمانلار ئالدىراش مەسچىتلەرگە توپلىنىپ، تاراۋا نامىزى ئوقۇيدۇ. كىشىلەرنى تېخىمۇ كۆپ جەلىپ قىلىش ئۈچۈن، بەزى جايلاردا تاراۋا نامىزى چوڭ مەيدانلاردا ئوقۇلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپچىلىكى رامىزان كېچىلىرىنى قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، قەلبىدىكى ئىشەنچ ۋە ئېتىقادىنى ئاشۇرىدۇ.

رامىزاندا كەمبەغەللەرگە ئېھسان قىلىنىدۇ. بەزى مەسچىتلەردە مەخسۇس ئىپتارلىق تاماق تەييارلىنىپ، كوللېكتىپ ئىپتار قىلىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. بەزى تىجارەتچىلەر ۋە تەقۋادار بايلار ئۆز قولىدىكى پۇلدىن زاكات ھېسابىدا بىر قىسمىنى سەرپ قىلىپ، بىر ئايغىچە كەمبەغەللەرنى ھەقسىز ئىپتارلىق تاماق بىلەن تەمىنلەپ، ساۋابلىق ئىش قىلىدۇ. بەزى جايلاردا مەسچىت ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۆيلىرىدە تاماق ئېتىپ قازان بىللە مەسچىتكە ئېلىپ بېرىپ جامائەتكە تەقدىم قىلىدۇ. كەمبەغەللەر ۋە باشقا بىر قىسىم ئۆتكەن - كەچكەن كىشىلەر ئىپتار ۋاقتىدا تەرەپ - تەرەپتىن يىغىلىپ كوللېكتىپ ئىپتار قىلىپ، ئاللاھقا مەدھىيە ۋە تاماق تەقدىم قىلغۇچىلارغا رەھمەت ئېيتىشىدۇ. روزا تۇتقۇچىلار ئادەتتە بىر نەچچە كىشى ۋە بىر قانچە ئائىلە بىر يەرگە كېلىپ بىللە ئىپتار قىلىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ، مەكتەپ ئاشخانىسىدىن بېرىلگەن ئىپتارلىق تاماقلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، گۇرۇپپىلىشىپ بىللە تاماق يەيدۇ. رامىزاندا ئالىي مەكتەپلەر كوللېكتىپ ئاشخانىلارنىڭ تاماق ۋاقتىنى تەڭشەپ، كەچكە توغرىلايدۇ. تاماق سۈپىتىنى ياخشىلاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوزۇقلىنىشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

دىنىي ئىشلار ۋازارىتى بۇ مەزگىلدە ئاساسىي قاتلاملارغا، تۆۋەنگە يۈزلىنىپ، مەركەزدىن ھەر قايسى ئۆلكىلەرگە چۈشۈپ، بارغان جايلاردا ئاممىۋى يىغىنلارنى چاقىرىپ، كەڭ تۈردە تەرغىبات ئېلىپ بارىدۇ ۋە كوللېكتىپ ناماز ئۇيۇشتۇرىدۇ.

سودا تارماقلىرى رامىزاندا كېيىم - كېچەك ۋە يېمەكلىكلەرنىڭ تۈرىنى كۆپەيتىدۇ ۋە باھاسىنى تەڭشەيدۇ. كوچىلاردا «كەنافە» دەيدىغان خاس رامىزانلىق يېمەكلىك ۋە سۈت يېمەكلىكلىرى دۇكانلىرى كېچە - كۈندۈز مۇلازىمەت قىلىدۇ. خورمىچى دېھقانلار رامىزانغا ئاتاپ قۇرۇتقان خورمىلىرىنى ھەر كۈنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ، بەس-بەستە ساتىدۇ.

روزى ھېيت كەلگەندىن كېيىن، پۈتۈن شەھەر - يېزىلار پاك - پاكىز قىياپەت بىلەن بۇ قۇتلۇق كۈننى كۈتۈۋالىدۇ. تاڭ سەھەردىلا سۇ چېچىش ماشىنىلىرى ھەرىكەتكە كېلىدۇ، سۇبھى سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن تەرەپ - تەرەپتىن جامائەتنى سەپكە چاقىرىش سادالىرى ياڭرايدۇ.

خەلقىنىڭ كۈندىلىك ھاياتى شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ. ئۇ، دىندىن بىر كۈنمۇ ئايرىلالمايدۇ. لېكىن، مىسىرلىقلار بۇ مۇقەددەس ئىدېئولوگىيىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا يېتەكچى قىلماستىن، بەلكى زامانىۋى پەن - مەدەنىيەتنى ھەممىدىن بۇرۇن، ھەممىدىن تېز ۋە ھەممىدىن كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلىپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپتۇرۇشنىڭ يولىغا ھەممىدىن بۇرۇن ماڭغان مۇنەۋۋەر خەلق. ئۇلار دىننى مەدەنىيەت بىلەن، ئىسلام دىنىنى باشقا دىنلار بىلەن قارىمۇ قارشى قىلىپ قويمىغان، بەلكى «قۇرئان كەرىم» دىكى: «سىلەرنىڭ دىنىڭلارمۇ ئۆزۈڭلەرگە ھېساب، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزۈمگە ھېساب» ① دېگەن ئايەتنىڭ روھى بويىچە، مىسىر جەمئىيىتىدە ئىسلامنىڭ راۋاجىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە، خىرىستىئان دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە چېركاۋلارنىڭ يېڭىدىن ياسىلىشىغىمۇ يول قويغان. قاھىرەدىلا يىگىرمە بەش ئورۇندا خىرىستىئان چېركاۋسى بار.

دىنىنىڭ ماھىيىتى ھەرگىز پەن بىلەن زىت ئەمەس. بەزىلەر ئاتالمىش دىنىنى مۇھاپىزەت قىلىش نامىدا، پەندىن ئۆلگىدەك قاچىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىدۇ. ئىنسانلار ئاتوم دەۋرىگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە، دىنمۇ پەن تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. مىسىرلىقلار بۇ ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. مىسىر ئالىي مەكتەپلىرىدە دىنىي تەتقىقات كەسىپلىرى تەسىس قىلىنىپ، دىنىي ئەقىدىلەر ئەتراپلىق شەرھىلىنىپ ۋە تەتقىق قىلىنىپ، پەننىڭ رولى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. كىشىلەرگە ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ئىشىكنى كەڭ ئېچىپ، زامانىۋى ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئەھمىيىتى چۈشەندۈرۈلگەن. چەت ئەل تىلى ۋە تەبىئىي پەن كەسىپلىرى چىڭ تۇتۇلۇش بىلەن بىر چاغدا، ئارخېئولوگىيە، سەنئەت ۋە گۈزەل سەنئەت قاتارلىق كەسىپلەرمۇ پائال راۋاجلاندۇرۇلۇپ، قەدىمكى مەدەنىيەت زور كۈچ بىلەن تەتقىق قىلىنغان، سەنئەت ساھەسى تازا جانلانغان. مەكتەپلەردە دىن بىلەن پەن ئوقۇتۇشى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلۈپ، ھەر خىل چارىلار بىلەن پەن خادىملىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

مىسىر پۇللىرى مىسىردا دىن بىلەن مەدەنىيەتنىڭ، قەدىمكى بىلەن ھازىرقىنىڭ بىر گەۋدە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان تىپىك مىسالدۇر. بۇ پۇللاردا ئوڭ يۈزىگە مىسىردىكى مەشھۇر مەسچىت - جامەلەرنىڭ سۈرىتى بېسىلغان بولسا، سول يۈزىگە قەدىمكى مىسىر يېزىقى، قەدىمكى تام رەسىملىرى، خۇسۇسەن فىرئەۋنلەر دەۋرىدىكى ئىشلەپچىقىرىشقا دائىر سىزمىلار ۋە قەھرىمانلارنىڭ ھەيكەللىرى، فىرئەۋن ھەققىدىكى خاتىرىلەر، ئەھراملار بېرىلگەن .

مىسىرلىقلار قەدىمكى دىنلارغا دائىر ئەسەرلەردىن ۋە مىسىر تارىخىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ھەيكەللىرىدىن ھەرگىز چۆچۈپ يۈرمەيدۇ ، بەلكى پەخىرلىنىدۇ . ئۇلار قالاق ھالدىكى بىر تەرەپلىمىلىكنى ۋە قورقۇنچنى چۆرۈپ تاشلاپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا تارىخقا توغرا مۇئامىلە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىش ئىدىيىسىنى دەسسەتكەن. قاھىرە شەھىرىنىڭ ئاساسلىق كوچا ئېغىزلىرى ۋە مەيدانلىرىدا فىرئەۋنلەر ۋە خەلق قەھرىمانلىرى ، مەشھۇر زاتلارنىڭ ھەيكەللىرى ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇنى ھېچكىم ئەيىبلىمەيدۇ،

① 109- سۈرە كافىرۇن 6- ئايەت («قۇرئان كەرىم» ئۇيغۇرچە نەشرى 610- بەت)

www.uyghurkitap.com



بەلكى ئەۋلادلارنىڭ قىلمىشقا تېگىشلىك ئىشى دەپ قارايدۇ. ھەتتا «ئەتەبە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەركىزىي مەيداندا ئوسمانلى تۈركلىرىنىڭ ئاخىرقى ۋالىيلىرىدىن بولغان ئىبراھىم پاشانىڭ ئاتقا مىنىپ شىمال تەرەپنى كۆرسىتىپ مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر ھەيكىلى بار. ئۇ، تۈركلەرنىڭ مىسىردا تۆت يۈز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنىڭ يالدامىسى بولۇپ، گەرچە مىسىرلىقلار قەلبىدە بۇ كىشىلەرگە نىسبەتەن بىر خىل ئۆچمەنلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇنىڭغىمۇ تارىخىي نۇقتىدىن توغرا قاراپ، قىلچە تەسىر يەتكۈزمىگەن، بەلكى رېمونت قىلىپ تۇرغان. فىرئەۋن — ئىسلام دىنى رىۋايەتلىرىدە، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت يەتكۈزگەن دۈشمەن ياكى كافىر دەپ ئەيىبلىنىدۇ. ئىسلام نۇقتىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھەققىدىكى بارلىق تەرىپلەر «يامان» بولىدىغان ئىشلار قاتارىغا كىرىدۇ، لېكىن مىسىر خەلقى بۇلارغىمۇ توغرا مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى ئەھراملارنىڭ قاتارىدا مەدھىيىلەپ، بىزنىڭ شان - شۆھرىتىمىز دەپ ھېسابلاشقان، ئۇلارنىڭ نامىنى ئەھراملار بىلەن بىرلىكتە ياد ئەتكەن. مىسىردا ئەھرام نامىدىكى گېزىت، شىركەتلەر، فىرئەۋن نامىدىكى مەكتەپ، كوچا، ئارال ۋە يېزىلار بار.

سودا ۋە خەلقنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئېھتىياجى بىلەن، مىسىرنىڭ شەھەر كوچىلىرىغا ھەر خىل تەشۋىقات رەسىملىرى، كىنو ئېلانلىرى، كىنو، تېلېۋىزور چولپانلىرىنىڭ سۈرەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇلار بۇ خىل تەشۋىقاتنىمۇ «شەيتاننىڭ ئىشى» دەپ قارىمىغان، بۇنىڭدىن قاچقاندەك ھۈركۈپ يۈرمىگەن، ئىچىدە غۇدراپ، تىللىمىغان، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە دىنىي تەشۋىقات مەزمۇنىدىكى ئېلانلارنىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ شەھەرگە قويۇق ئىسلام مۇھىتى ئاستىدىكى زامانىۋى شەھەر تۈسىنى بەرگەن. مەسىلەن: بەزى كوچىلاردا چوڭ - چوڭ تاختايلارغا «پەرۋەردىگار، بۇ شەھەرنى تىنچ - ئامان قىلغىن» دېگەن سۆزلەر چوڭ قىلىپ يېزىلغان.

كىنو - تېلېۋىزورلاردا ۋە گېزىت - ژۇرناللاردا مىسىر جەمئىيىتىدىكى ئەر - ئاياللارنىڭ مۇھەببەت رىشتىلىقىغا دائىر كۆرۈنۈش ۋە سۈرەتلىرى، كۆپلىگەن كىتاب - ژۇرنال مۇقاۋىلىرىدا گۈزەل قىزلارنىڭ ئۆلگىلىك رەسىملىرى دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مەتبۇئات ئارقىلىق ئەركىن مۇھەببەتمۇ كەڭ تەشۋىق قىلىنىدۇ. قىز - ئوغۇللارنىڭ بەختلىك ئائىلە قۇرۇشى ھەققىدىكى ساۋاتلار ۋە ئۇلارنىڭ بەختلىك ئائىلە قۇرغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر، يېڭى توي قىلغان بەختلىك ئەر - ئاياللارنىڭ خاتىرە سۈرەتلىرى، قىز - ئوغۇللارنىڭ مۇۋاپىق لايىق ئىزدەش ھەققىدىكى تەلەپ - تەكلىپ ۋە تونۇشتۇرۇشلىرى قاتارلىقلار ئېلان قىلىنىدۇ. لېكىن، بۇ ئىشلارغىمۇ كىشىلەر يا قىسمىنى چىشلەپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پارلاق كەلگۈسى ئۈچۈن، يېڭىچە تەرەققىيات يولىنى ئاچماقتا.

(داۋامى بار)

مەسئۇل مۇھەررىر: ھاجى ئەخمەت

كېرىمجان ئابدۇرېھىم

# پروزىچىلىقنىڭ يېڭى قوللانمىسى①

## ئىپادىچىلىك

① ئىپادىچىلىك — مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مەيدانغا كېلىپ ئومۇملاشقان بىر خىل ئەدەبىيات - سەنئەت ئېقىمى.

ئەدەبىيات ئېقىمى بولۇپ ھېسابلىنىدىغان ئىپادىچىلىك سەنئەتنىڭ رەسساملىق، مۇزىكا قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىپادىچىلىك ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى پروزىچىلىق، دراممىچىلىق، شېئىرىيەت ژانىرلىرىدا گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

پروزىچىلىقتىكى ئىپادىچىلىك ئېقىمى ئومۇملاشتۇرغاندا مۇنداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

(1) ئەدەبىياتنىڭ رېئال دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈشكە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئەدەبىياتتا سۇبيېكتىپ ھېسسىيات - تەسىراتنى ئىپادىلەشنى تەكىتلەيدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «رېئال دۇنيا ئاشۇنداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدىغان نەرسە، ئۇنى يەنە قايتا كۆرسىتىپ، ئەكس ئەتتۈرۈپ يۈرۈشنىڭ ھېچ بىر ئەھمىيىتى يوق»، «تاشقى كۆرۈنۈش، مۇناسىۋەتلەرنى يېزىش ئارقىلىق ھېچنەرسىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئەدەبىياتنىڭ مەركىزىدە تۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى — سۇبيېكتىپ ھېسسىيات-تەسىراتلىرىنى ئىپادىلەش ئارقىلىلا ئاندىن ماھىيەتلىك نەرسىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇڭا ئىنسانشۇناسلىق ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىياتتا چوقۇم ئىنكاس قىلىشنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئەمەس، بەلكى ئىپادىلەشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك.»

ئىپادىچىلىك ئېقىمىدىكىلەر «رېئاللىقنى بىز يارىتىمىز» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، يازغۇچىلار كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ، ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى چۈشىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا ۋە ئۇنى ئىپادىلەشكە ماھىر بولۇشى، پېرسوناژلارنىڭ ئىدراكسىز يوشۇرۇن ئېڭىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق رېئاللىقنى كۆرسىتىپ بېرىشى ھەرگىزمۇ تاشقى ئامىللار ئارقىلىق پېرسوناژ خاراكتېرىنى — روھىي دۇنياسىنى ئىپادىلەشكە ئۇرۇنماسلىقى كېرەك.

ئۇلار يەنە « ئۆزۈم ئالەمنىڭ مەركىزى، چىنلىقنىڭ بۇلىقى » دەپ قاراپ ئەسەرنى يازغۇچى ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ ئىپادىسى، يەنى«ئۆزۈمنى ئىپادىلەش»نىڭ نەتىجىسى قىلىشقا تىرىشتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ پېرسوناژلىرى ئىدىيىسى تولىمۇ مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان، دائىم يېتىمسىرەپ، ئارىسالدا بولۇپ گاڭگىراپ يۈرىدىغان، ئۈمىدسىز - پەرىشان ئادەملەر بولدى. پېرسوناژلارنىڭ بۇ خىل ھېسسىياتى غەربىي رېئاللىقنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئارقىلىق رېئاللىقنى كۆرسىتىپ بېرىش — ئىپادىچىلىك




① بېشى ئۆتكەن ساندا

ئىقىمىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى ۋە ئىستېتىك پرىنسىپى بولۇپ قالدى.

ئومۇمەن، ئىپادىچىلىك ئېقىمى — ئەدەبىياتتا، جۈملىدىن پروزىچىلىقتا روھىي دۇنياغىلا ئېتىبار بىلەن قاراشتىن ئىبارەت بىر خىل يېڭىچە ۋە ئەھمىيەتلىك ئىجادىيەت مېتودى، خاھىشىنى شەكىللەندۈردى.

(2) سوبيېكتىپ ھېسسىيات — تەسىراتنى بىۋاستە ئەمەس، بەلكى سىمۋوللاشتۇرۇپ ئىپادىلەشنى تەكىتلەيدۇ. ئىپادىچىلىك ئېقىمىنىڭ سىمۋولىنى قوللىنىشى ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتتىكى سىمۋول قوللىنىشتىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. ئىپادىچىلىك ئېقىمىدىكىلەر ئەسەرنى پۈتۈنلەي — باش تېما، پېرسوناژ، سيۇژېت، قۇرۇلما، شارائىت قاتارلىقلاردىن تارتىپ سىمۋوللاشتۇرۇپ، سىمۋوللۇق ئەسەرلەر ياراتتى. ئۇلار رېئاللىقنى ئەمەس، بەلكى سوبيېكتىپ دۇنيانى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، سوبيېكتىپ دۇنيانى بىۋاستە ئەمەس، بەلكى سىمۋوللاشتۇرۇپ ئىپادىلىدى. شۇڭا، ئىپادىچىلىك پروزىلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سىمۋوللاشتۇرۇلغان پېرسوناژلار بولۇپ، ئۇلار ھەرگىز رېئاللىقتىكى ئادەملەرنىڭ ئەسەردىكى ئوبرازى ياكى تىپى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ روھىنىڭ سىمۋولىدۇر. كافكا ئەسەرلىرىدە بۇ خىل ئەھۋال ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «قانۇن دەرۋازىسى» ناملىق ئەسىرىدە، باش پېرسوناژ K ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ سىمۋولىدۇر. ئاپتور ئەسەردە K نىڭ سوبيېكتىپ دۇنياسىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ روھىي ھالىتىنى ئابستراكتلاشتۇرۇپ كۆرسەتكەن. سىمۋوللاشتۇرۇش — ئىپادىچىلىك ئېقىمىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ سىرلىق، يوشۇرۇن ۋە كۆپ مەنىلىك. ئۇ يەنە ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتتىكىدەك ئۇنداق خاھىشچانلىقتا، قاراتمىلىقتا، ئومۇملۇققا ئىگە ئەمەس. ئىپادىچىلىك ئېقىمىدا سىمۋولنىڭ سوبيېكتىپچانلىقى خېلىلا كۈچلۈك بولۇپ، «كەپتەر بىلەن زەيتۇن دەرىخى = تىنچلىق» تەك ئۇنداق ئوبيېكتىپ ۋە ئاددىي ئەمەس.

(3) ئىپادىچىلىك پروزىچىلىقىدا ئابستراكتلىق، غۇۋالىق، غەلىتىلىك ئامىللىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك. بۇلارنىڭ ھەممىسى سوبيېكتىپ دۇنيانى ئىپادىلەش، ئەسەرنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىنى سىمۋوللاشتۇرۇشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇنداق ئامىللار يۇقىرىدىكى خۇسۇسىيەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، بىر تەرەپتىن ئەسەرنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى، مەپتۇنكارلىقىنى ئاشۇرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەسەرنى كۈچلۈك پەلسەپىۋى تۈسكە ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن: كافكانىڭ «قەلئە» رومانىدىكى K نىڭ كېچە-كۈندۈز ئارام ئالماي مېڭىپمۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان قەلئەگە زادىلا يېتەلمىگەنلىكىدەك تەپسىلاتلار بىر تەرەپتىن ئەسەرنىڭ مەپتۇنكارلىقىنى ئاشۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىگە پەلسەپىۋى مەسىلىنى چۈشەندۈرىدۇ.

مەيلى ئاڭلىق تىرىشچانلىقنىڭ مەھسۇلى بولسۇن ياكى ئۇنداق بولمىسۇن پەلسەپىۋىلىك — ئىپادىچىلىك پروزىچىلىقىنىڭ مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىپادىچىلىك ئېقىمى پروزىچىلىقىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىلى كافكا ( 1883 — 1924 ) بولۇپ، «ھۆكۈم» ( 1912 )، «شەكىل ئۆزگەرتىش خاتىرىسى» ( 1912 )، «قەلئە» (1922 ) ، «سوت» ( 1918 )، «ئۆڭكۈر» ( 1924 ) قاتارلىق داڭلىق ئەسەرلىرى بار.

② ئىپادىچىلىك — ئىپادىچىلىك ئېقىمى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىر خىل ئىجادىيەت مېتودى، ئېستېتىك پرىنسىپ، شۇنداقلا بىر خىل ئەدەبىيات - پروزىچىلىق خاھىشى. بۇ مەنىدىكى ئىپادىچىلىك ئىنساننىڭ سوبيېكتىپ دۇنياسىنى ئىپادىلەشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشنى تەكىتلەيدۇ.

## ئۇستۇن رېئالىزم

ئۇستۇن رېئالىزم (بەزىدە ھالقىما رېئالىزم دەپ، يەنە بەزىدە سۈر رېئالىزم دەپ ئاتىلىدۇ) — ھازىرقى زاماندىكى ئاساسلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئېقىملىرىنىڭ بىرى.

ئۇستۇن رېئالىزم مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا فرانسىيەدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، كېيىنچە تەسىرىنى پۈتۈن دۇنياغا كېڭەيتكەن.

ئۇستۇن رېئالىزمنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئاساسەن پروزىچىلىقتا ۋە شېئىرىيەت، دراممىچىلىقتا كۆرۈلىدۇ.

ئۇستۇن رېئالىزم پروزىچىلىقى ئاڭ ئېقىمى پروزىچىلىقى بىلەن بىللە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا غەرب ئەللىرى پروزىچىلىقىدا بىر مەزگىل ئاساسىي ئېقىم پروزىچىلىق بولۇپ قالغان ۋە تەسىرىنى تاكى ھازىرغىچە يوقاتماي كېلىۋاتىدۇ.

## ئۇستۇن رېئاللىق

ئۇستۇن رېئاللىق — ئۇستۇن رېئالىزم ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ ئاساسلىق چۈشەنچە بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسى ۋە يازغۇچىلارنىڭ ئەڭ يۈكسەك تىرىشىش نىشانى — پەقەت ئاشۇ ئۇستۇن رېئاللىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇستۇن رېئالىزمچىلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئۇستۇن رېئاللىق — رېئاللىق بىلەن خىيالنىڭ بىرلەشتۈرۈۋېتىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدىغان بىر خىل ئالاھىدە رېئاللىقتۇر. ئوبيېكتىپ مەۋجۇت نەرسىلەرلا رېئاللىق بولۇپ قالماستىن خىيال، تەسەۋۋۇرلارمۇ رېئاللىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە رېئاللىق بىلەن خىيال ھەرگىزمۇ بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئەمەس، ئەدەبىياتتا تېخىمۇ شۇنداق. شۇڭا ئۇستۇن رېئالىزمچىلارنىڭ مەقسىتى رېئاللىق بىلەن خىيالنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇستۇن رېئاللىققا ئېرىشىشتىن ئىبارەت.

ئۇستۇن رېئالىزمدا «خىيال» — خىيال، چۈش، تەسەۋۋۇر، تۇغما تەلەپ - ئىقتىدار، جۆيلۈش، ئۆزىچە سۆزلەپ كېتىش… قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇستۇن رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى ۋە ئاساسچىسى ئاندرې بولدون (1896 — 1966) «ئۇستۇن رېئالىزم دېگەن نېمە» ناملىق ماقالىسىدا «ئۇستۇن رېئاللىق»نى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «ئۇستۇن رېئاللىق — ساپ روھتىكى يوشۇرۇن ئاڭ پائالىيىتى. كىشىلەر بۇ ئارقىلىق ئېغىزچە، يازمىچە ۋە ياكى باشقا شەكىللەر ئارقىلىق قەلبىدىكى چىنلىقنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭدا ئەقىل - ئىدراكنىڭ كونتروللۇقى بولمايدۇ. ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئېستېتىك ياكى ئەخلاقىي چۈشەنچە بولمايدۇ. ئومۇمەن، ئۇ ئىدىيىنىڭ ئەركىن پائالىيىتىدۇر.»

ئۇستۇن رېئالىزمچىلار بۇنداق «ئۇستۇن رېئاللىق»نى يېڭىچە بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى — «ئاڭسىزلىق بىلەن يېزىش ئۇسۇلى» ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

## ئاڭسىزلىق بىلەن يېزىش ئۇسۇلى

ئاڭسىزلىق بىلەن يېزىش ئۇسۇلى (بەزىدە يەنە ئاپتوماتىك يېزىش ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) — ئۇستۇن رېئالىزم پروزىچىلىقىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇستۇن رېئالىزمچىلارنىڭ قارىشىچە، پەقەت مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىقلا «ئۇستۇن رېئاللىق»قا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئاڭسىزلىق بىلەن يېزىش ئۇسۇلى — يېزىقچىلىقتا ئالدى بىلەن ھېچقانداق تېما، دائىرە، تەرتىپ، نىشان بەلگىلىۋالماي، ئەسەرنى مەلۇم ئىزچىللىقتا، ئورتاقلىقتا ئىگە قىلىشقا ھەرگىز ئۇرۇنماي، ئاڭ ۋە ئەقىلنى قىلچە ئارىلاشتۇرماي، كاللىغا نېمە كەلسە شۇنى تېزلىك بىلەن ئەينەن خاتىرىلەپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ئۇسۇلنى بولدون مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «ئالدى بىلەن ئىدىيىنى مەركەزلەشتۈرگىلى بولىدىغان بىر ياخشى جاي تاپقىلى بولسا، ئاندىن يېزىشقا ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر تەييارلىۋېلىنسا؛ ئاپتور ئۆزىنى ئەڭ پاسسىپ ياكى ھەممىنى ئاسان قوبۇل قىلىۋالالايدىغان ھالەتتە تۇتسا ھەم ئىجادىيەت جەريانىدا يا ئۆزىنىڭ يا باشقىلارنىڭ قابىلىيىتى، ئىقتىدارى بىلەن زادى ھېسابلاشمىسا، ھېچنەرسىنى ئالدىن بەلگىلىۋالماي ئىجادىيەتنىڭ ئاشۇ ئەڭ غۇۋا يولىغا تەييارلىقسىزلا قەدەم باسسا — تېز خاتىرىلەش ئۇسۇلى بىلەن قەلەمنى زادى توختىتىپ قويماي، ھېچنەرسىنى ئويلىنىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي يېزىۋېلا كەتسە تەبىئىكى بىر خىل مۇتلەق رېئاللىق — ئۇستۇن رېئاللىق يېزىلىپ چىقىدۇ.»

ئۇستۇن رېئالىزم پروزىچىلىقىدىكى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر — بولدون بىلەن سۇپور بىرلىشىپ يازغان «ماگنىت مەيدانى» ناملىق رومان بولۇپ، ئۇ ئاساسەن ئاڭسىزلىق بىلەن يېزىش ئۇسۇلىدا يېزىلغان. مىسال ئۈچۈن تۆۋەندە بىز ئۇنىڭ مۇقەددىمىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

«بىز سۇ تامچىسىغا ئەسىرمىز، بىز مەڭگۈ بىرھايۋانىمىز. بىز ساداسىز بۇ شەھەردە چېپىپ يۈرۈيمىز، ئادەمنى خۇشال قىلىۋېتىدىغان ئېلانلار بىلەن بىزنىڭ يەنىلا كارىمىز يوق. بۇ كۈچلۈك، ئاجىز ھېسسىياتلىرىمىزنىڭ ۋە مۇشۇ شوخ، قۇرۇق، مەنىسىز سەكرىشىمىزنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ بىز ئۆلۈپ كەتكەن چولپانلارنى ئەمدىلا تېنىپ بىلىشكە باشلىدۇق، بىز ئۆز-ئارا ئۇمىدلىنىشىمىز، خۇشاللىق بىلەن ئۇھ تارتىشىمىز، ئېغىزلىرىمىز قۇرۇغان دەريالارنىڭ ساھىللىرىدىنمۇ بەكرەك قاغجىراپ كەتتى، نەزەرىمىز قىلچە مەقسەتسىز، ئۈمىدسىز پىلدىرلاپ تۇرۇپتۇ، پەقەت مۇشۇ كوفېيخانىدىلا ئولتۇرۇپ مۇشۇ يەردىلا باش قوشىمىز، سوغۇق ئىچىملىك ۋە سۇ قوشۇلغان ھاراق ئىچىمىز. شەھەرلەر ئۈستىدىكى توپا - توزان پىيادىلەر يولىدىكىدىنمۇ كۆپ، بىزنىڭ كېچىلەردىكى ئۆلۈك كەتەك سايىلىرىمىز ئاشۇ پىيادىلەر يولىدا قالىدۇ.»

«يوشۇرۇنۇۋالغانلار» ئەسەردە ئۇستۇن رېئاللىق مۇنداق ئۇسۇل بىلەن ناھايىتى ياخشى يارىتىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەردىن مۇنداق مىسال كۆرۈشىمىز مۇمكىن:

«... ساپ يامغۇر تامچىلىرى، ئاقما يۇۋاتقان دەرياغا چۈشتى. ئاقار يۇلتۇزلار بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئاياللار ھودۇقۇشۇپ كۆزلىرىنى نەچچە يىل يۇمۇۋېلىشتى...»

«...مۇشۇ قالايمىقانچىلىقتا دەرەخ شاخلىرىدىكى مېۋىلەرمۇ كۆيۈپ كەتتى...»

## پېرسوناژ

ئەدەبىي ئەسەرلەردە يارىتىلغان، تەسۋىرلەنگەن ئوبراز ئادەتتە پېرسوناژ، دەپ ئاتىلىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەسەرلەرنىڭ ھەممە پېرسوناژلىرى ئادەم بولىدۇ. ئايرىم ساندىكى ئەسەرلەردە باشقا نەرسىلەرمۇ، جۈملىدىن ھايۋانلارمۇ پېرسوناژ قىلىنىدۇ. مەسىلەن: جېك لوندوننىڭ «ھاياتقا مۇھەببەت» ھېكايىسىدىكى ئىت، چىڭگىز ئايتماتوۋنىڭ «قىيامەت» رومانىدىكى بۆرە... قاتارلىقلارمۇ ئەدەبىي ئەسەر پېرسوناژلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ يەردە پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئادەملەر ئوبرازىنىلا «پېرسوناژ» دەپ قارايمىز.

پروزا ئەسەرلىرىنىڭ مەركىزىدە ھامان ئادەم تۇرىدۇ. ئادەمنى تەسۋىرلەشتىن، ئىپادىلەشتىن ئايرىلغان پروزا ئەسىرى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالمايدۇ. ئەڭ ياخشى ئەسەر دەپ داڭ چىقارغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئادەم ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن يېزىلغان ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، پېرسوناژ ھېسابلىنىدىغان ئادەم — پروزا ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار ئادەتتە ئىجابىي پېرسوناژ، سەلبىي پېرسوناژ؛ ئاساسلىق پېرسوناژ، قوشۇمچە پېرسوناژ؛ ئوبيېكتىپ پېرسوناژ، سوبيېكتىپ پېرسوناژ؛ رېئال پېرسوناژ، توقۇلما پېرسوناژ؛ ئاكتىپ پېرسوناژ، پاسسىپ پېرسوناژ؛ ئادەتتىكى پېرسوناژ، تىپىك پېرسوناژ؛ روھىي ھالىتى بىنورمال پېرسوناژ؛ ئۆزگىرىشچان پېرسوناژ، ئاددىي پېرسوناژ - مۇرەككەپ پېرسوناژ؛ سىمۋوللۇق پېرسوناژ... دېگەندەك خىلمۇ خىل بولىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ بۇنداق تۈرلىرى ئەسەرنىڭ ئومۇمىي خاھىشى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

## پېرسوناژ خاراكتېرى

پېرسوناژ خاراكتېرى — ئەسەردىكى پېرسوناژنىڭ دۇنيا قارىشى — ئىدىيىسى، پسىخىكىسى — روھىي ھالىتى، مىجەزى — خاراكتېرى، سۆز - ھەرىكەتلىرى، تاشقى دۇنياغا تۇتقان پوزىتسىيىسى... قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلەنگەن ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

پېرسوناژ خاراكتېرى پۈتۈن ئىجادىيەتكە نىسبەتەن بەلگىلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەدەبىياتنىڭ مەركىزىدە ئادەم — پېرسوناژ تۇرىدۇ، خاراكتېر — پېرسوناژنىڭ جېنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گېگېل بۇ ھەقتە ئېنىق قىلىپ «كۆڭۈلدىكىدەك بەدىئىي ئىپادىلەشنىڭ ھەقىقىي مەركىزى — خاراكتېر» دېگەن. شۇڭا مەسئۇليەتچان يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارايدۇ. مۇنەۋۋەر، ئۇلۇغ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پېرسوناژلار خاراكتېرى ئۇستىلىق ۋە ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## مۇرەككەپ خاراكتېر

مۇرەككەپ خاراكتېر — پېرسوناژ خاراكتېرىدىكى مۇرەككەپلىكنى كۆرسىتىدۇ. پېرسوناژلار خاراكتېرىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈش — بۈگۈنكى بىر قىسىم ئەسەرلەردىكى پېرسوناژ

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com



خاراكتېرىنى ئادىدىيلاشتۇرۇۋېتىش خاھىشىغا قارشى مەيدانغا چىققان بىر خىل ئىجادىيەت خاھىشى، پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئىپادىلەشتىكى بىر خىل ئۇسۇل. «مۇرەككەپ خاراكتېر» چۈشەنچىسى مەملىكىتىمىزدە 80 ـ يىللاردىن باشلاپ ئىجادىيەت ۋە نەزەرىيە ساھەسىدە رەسمىي قوللىنىشقا باشلىغان.

«مۇرەككەپ خاراكتېر» نى تەشەببۇس قىلىدىغانلارنىڭ قارىشىچە، ئادەمنىڭ خاراكتېرى ھامان تولىمۇ مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان، مۇجمەل، غۇۋا بولىدۇ. ھېچ بولمىسا ھالقىلىق پەيتتە شۇنداق بولىدۇ. ئادەمشۇناسلىق ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات ئادەمنىڭ مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ خاراكتېرىنى تېخىمۇ ئوقتىلىق تەتقىق قىلىشى، ئىپادىلىشى كېرەك. ئادەم خاراكتېرىنى ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش، تۈرغۇنلاشتۇرۇپ قويۇش ــ بىزنىڭ بۇرۇنقى سەۋەنلىكلىرىمىز ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەنلىكىمىز. بىز بۇ سەۋەنلىكىمىزنى ئەمدى تۈگىتىپ، ئەسەرلىرىمىزدە پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ، بۇ ئارقىلىق ئادەم خاراكتېرىنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپ ـ زىددىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشىمىز كېرەك.

دەرۋەقە، پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىدە مۇرەككە پلىكنىڭ بولۇشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. لېكىن خاراكتېرنىڭ مۇرەككە پلىكىنى «مەقسەت»، «بىردىنبىر توغرا يول» قىلىۋېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

## «ياپىلاق پېرسوناژ» ۋە «تومىلاق پېرسوناژ»

«ياپىلاق پېرسوناژ» ۋە «تومىلاق پېرسوناژ» ــ ئەنگلىيىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى مەشھۇر يازغۇچىسى، ئەدەبىي تەنقىدچىسى $M \cdot E$ فورستېر (1879 ـ 1970) پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئاتاش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئاتالغۇ.

ياپىلاق پېرسوناژ ــ خاراكتېرى ئاددى، بىر ئوقتىلىق، بىر تەرەپلىمىك پېرسوناژلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق «ياپىلاق پېرسوناژلار» پەقەت ئادەتتىكى بىر چۈشەنچە، ئالاھىدىلىك ئاساسىدا مەلۇم بىر مەقسەتنى ياكى چۈشەنچە، ئالاھىدىلىكنى تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويۇش مەقسىتىدە يارىتىلىدۇ. «ياپىلاق پېرسوناژ»لار ئاددى، ئادەتتىكى، روشەن، تۇراقلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ.

تومىلاق پېرسوناژ ــ خاراكتېرى مۇرەككەپ، كۆپ ئوقتىلىق، كۆپ قاتلاملىق، ئۆزگىرىشچان، مۇجمەل پېرسوناژلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق پېرسوناژلار كىشىگە ستېرېئولۇق تۇيغۇ بېرىدۇ. بۇنداق «تومىلاق پېرسوناژ» لارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى، ئىجتىمائىي ئالاقىلىرى، ئىنكاس ـ پوزىتسىيىلىرى نىسبەتەن مۇرەككەپ، ئىددىيە ـ ھېسسىياتى ئۆزگىچە ھەم زىددىيەتلىك، كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرات ـ چۈشەنچىسىمۇ غۇۋا بولىدۇ، تاشقى مۇھىتتىكى ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىمۇ تېز، روشەن ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. مانا بۇلار ــ «تومىلاق پېرسوناژ» لارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى.

«ياپىلاق پېرسوناژ» غا قارىغاندا «تومىلاق پېرسوناژ» ئاكتىپ مەنىگە ئىگە. چۈنكى «تومىلاق پېرسوناژ» لارنىڭ پەيدا قىلىدىغان بەدىئىي ئۈنۈمى كۆپ يۇقىرى. لېف تولستوي، دوستويېۋىسكى، پىروستى، فلوبېر، ۋۇلف... قاتارلىق مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى پېرسوناژلىرى دەل ئاشۇنداق «تومىلاق پېرسوناژ» لاردۇر.

## پېرسوناژ خاراكتېرىدىكى ئىككى ياقلىمىلىق

بۇ — پېرسوناژ خاراكتېرى يارىتىشتىكى بىر خىل تولىمۇ بىر تەرەپلىمە بولغان ئىستېتىك پرىنسىپ.

بۇ خىل پرىنسىپنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ قارىشىچە، ھەر قانداق ئادەمنىڭ خاراكتېرىدە ئۆزئارا قارىمۇقارشى بولغان ئىككى خىل خاراكتېر تەڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئادەمدە ئىنسان تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن چىقىپ قارىغاندا ھەم ھايۋان بىلەن ئورتاق بولغان تەرەپلەر ھەم ھايۋاندىن ھالقىپ كەتكەن تەرەپلەر بولىدۇ؛ شەخس بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ قارىغاندا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان، ئىلگىرى سۈرىدىغان ئاكتىپ تەرەپ بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىنكار قىلىدىغان، توسىدىغان پاسسىپ تەرەپ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؛ ئەخلاق نۇقتىسىدىن چىقىپ قارىغاندا، ئەخلاق چۈشەنچىلىرىگە بويسۇنۇش، ھۆرمەت قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت زىتلىقمۇ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؛ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت نۇقتىسىدىن چىقىپ قارىغاندا چىنلىقمۇ بولىدۇ، ساختىلىقمۇ بولىدۇ… دېمەك، ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئۆز ئارا قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى خىل خاراكتېردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئەدەبىي ئەسەردىكى پېرسوناژنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئادەملىك تۈسىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن چوقۇم ئۇلاردىمۇ بۇنداق ئۆز ئارا قارىمۇ قارشىلىقنى گەۋدىلەندۈرۈش — پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە قىلىش كېرەك.

پېرسوناژ خاراكتېرىدىكى ئىككى ياقلىمىلىقنى ئىپادىلەش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن خاراكتېردىكى مۇرەككەپلىكنى كۆرسىتىپ بەرگىلى، يەنە بىر تەرەپتىن خاراكتېرنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

گەرچە پېرسوناژ خاراكتېرىدىكى ئىككى ياقلىمىلىق تەڭ، بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، ئۇلار ئىچىدىن چوقۇم بىر تەرەپ ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ، بەلگىلەش رولىنى ئوينايدۇ، يەنە بىر تەرەپ قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان تەرەپ پېرسوناژنىڭ تۈرىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن: پېرسوناژ خاراكتېرىدە گۈزەللىك، ياخشىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرسا ئۇ گۈزەل، ياخشى پېرسوناژ؛ رەزىللىك، يامانلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرسا ئۇ چاغدا، رەزىل پېرسوناژ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ، گۈزەل، ياخشى پېرسوناژنىڭ تەبىئىيىتىدە بەزى رەزىللىك، يامانلىقمۇ بولىدۇ؛ چاكىنا، رەزىل پېرسوناژنىڭ تەبىئىيىتىدە بولسا بەزى گۈزەل، ياخشى تەرەپلەرمۇ بولىدۇ.

«پېرسوناژ خاراكتېرىدىكى ئىككى ياقلىمىلىق» چۈشەنچىسىگە بەزى نەزەرىيىچىلەر، تەنقىدچىلەر قارشى چىقىپ، بۇ چۈشەنچىنى بىردىنبىر ياكى ئاساسلىق ئىجادىيەت پرىنسىپى (پېرسوناژ خاراكتېرى يارىتىش جەھەتتە) قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

## پېرسوناژ خاراكتېرىدىكى مۇجمەللىك

پېرسوناژ خاراكتېرىنى مۇجمەللىككە ئىگە قىلىش ياكى خاراكتېرى مۇجمەل بولغان پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش — ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىدىكى بىر خىل خاھىش.

بۇ خىل خاھىشتىكىلەر، ئەدەبىيات باشقا بىر مۇنچە پەنلەردىن ئۆزىدىكى مۇجمەللىك كۆزەللىكى، غۇۋالىق كۆزەللىكى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەر پېرسوناژلىرىدىمۇ ئەدەبىياتنىڭ بىر خىل ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدىغان مۇجمەللىك بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

خاراكتېردىكى مۇجمەللىكنى ئاساسەن خاراكتېرنى ئىپادىلەيدىغان ئامىللاردىكى مۇجمەللىك پەيدا قىلىدۇ.

خاراكتېرنى مۇجمەللەشتۈرۈش — پېرسوناژ خاراكتېرى يارىتىشتىكى ئايرىم ئەھۋال، شۇنداقلا ئۇنچە ئاكتىپ مەنىگە ئىگە بولمىغان بىر خىل خاھىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## پېرسوناژدىكى مەدەنىيەت خاراكتېرى

ھەر قانداق پېرسوناژدا باشقا خاراكتېرلار بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مەدەنىيەت خاراكتېرىمۇ بولىدۇ. پېرسوناژدىكى مەدەنىيەت خاراكتېرى دېگەندە ئاساسەن پېرسوناژدا ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئامىللىرى يەنى مەدەنىيەت خاراكتېرىنى ئالغان بىلىم، ئىدىيە، ھېسسىيات، ھەرىكەت، تىل، ئۆرپ-ئادەت... قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پېرسوناژدىكى مۇنداق مەدەنىيەت خاراكتېرى ئومۇمىلىققا، كونكرېتلىققا ۋە تارىخىلىققا ئىگە بولىدۇ. بۇنداق خاراكتېر باشقا خاراكتېر ئامىللىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

پېرسوناژدىكى مەدەنىيەت خاراكتېرىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىنىشى نەتىجىسىدە پروزىچىلىق ئىجادىيىتىدىمۇ پېرسوناژ خاراكتېرىنى روشەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلىش — بىر خىل يېڭىچە ئىجادىيەت خاھىشىغا ئايلىنىپ قالدى.

## پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى

ئوخشىمىغان ئەسەرلەردە پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، شۇنداقتىمۇ مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇل نىسبەتەن ئومۇملاشقان:

1. بىۋاستە ئىپادىلەش ئۇسۇلى

بىر مۇنچە ئەسەرلەردە پېرسوناژ خاراكتېرى بايانچى تەرىپىدىن بىۋاستە ئىپادىلىنىدۇ. بىۋاستە ئىپادىلەشتە بەزىدە سۈپەت سۆزلىرى (مەسىلەن: ئۇ تولىمۇ تىرىشچان ئىدى)، بەزىدە ئابستىراكت سۆزلەر (مەسىلەن: ئۇنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى دەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ)، بەزىدە باشقا خىلدىكى سۆزلەر (مەسىلەن: ئۇ پەقەت ئۆزىنىلا ياخشى كۆرىدۇ)، يەنە بەزىدە ئوخشىتىش سۆزلىرى (مەسىلەن: ئۇ تۈلكىدەكلا بىر ئادەم) قوللىنىلىدۇ.

بۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ئېنىق ۋە تۇراقلىق بولىدۇ، يەنى مەلۇم جەھەتتە خاراكتېر بېكىتىۋېتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ نەتىجىسى، پېرسوناژنىڭ تەقدىرى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدەك بولىدۇ.

بىۋاستە ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئاساسەن ئەنئەنىۋى پروزىچىلىقتا خاس ئۇسۇل بولۇپ، ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىدا، بۇنداق ئۇسۇل ئەسەردە بىر خىل ناچار ئۇنۇم — ئاددىيلىق شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

2. ۋاسىتىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى

خېلى كۆپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردە پېرسوناژ خاراكتېرى بىۋاسىتە ئەمەس، بەلكى ھەرىكەت، تىل، قىياپەت، مۇھىت قاتارلىق ۋاسىتىلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىدىمۇ مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

(1) ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلەش.

مەسىلەن: «بىر موماي سەدىقە سوراپ كەلدى.

كۆرۈنۈشىدىن قەلەندەرگىمۇ، دەرۋىشكىمۇ ۋە ياكى ئاللىقانداق سەۋدايى شائىرغىمۇ ئوخشىمايدىغان بۇ جۇلدۇر كېپەن ئادەم ئۆزىنىڭ قېتىپ كەتكەن ئاخىرقى بىر پارچە بولكىسىنى ئۇنىڭغا بەردى ـ دە، غۇدىرىغان ھالدا قورقۇنچلۇق قارا كۆلەڭگۈ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.»

— روبېن دارىئو: «ئالتۇن قەسىدىسى» دىن

(2) تىل ئارقىلىق ئىپادىلەش.

بۇ يەردىكى «تىل» ئاساسەن پېرسوناژنىڭ دىئالوگلىرى ۋە مونولوگلىرىنى كۆرسىتىدۇ. پېرسوناژ خاراكتېرىنى پېرسوناژ تىلى ئارقىلىق ئىپادىلەش ئەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل ئۇسۇل. تۆۋەندە دىئالوگ ئارقىلىق ئىپادىلەش ۋە مونولوگ ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ئايرىم ـ ئايرىم مىسال كەلتۈرىمىز.

«... — خۇداغا ئىشەنمەيمەن ـ دەپلا جاۋاب بەردىم مەن.

— بۇ گەپنى چىن كۆڭلۈڭدىن چىقىرىپ دەۋاتامسەن؟ ـ دەپ سورىدى ئۇ.

— مېنىڭچە، بۇ ئانچە مۇھىم گەپ ئەمەس، شۇڭا ئويلانمايلا دېدىم،ـ دەپ جاۋاب قايتۇردۇم مەن.»

«ئاپام بۈگۈن ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئېھتىمال تۈنۈگۈن ئۆلۈپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ.»

— ئالبېرت كىماس: «يىگانە ئادەم» دىن

(3) قىياپەت ئارقىلىق ئىپادىلەش

ئادەمنىڭ (پېرسوناژنىڭ) خاراكتېرى بىلەن ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتى — كۆرۈنۈشىدە مەلۇم ماسلىق بولىدۇ. بۇنداق ماسلىق پروزا ئەسەرلىرىدە (كىنو، تېلېۋىزىيە، سەھنە ئەسەرلىرىدىمۇ) تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈۋېتىلىدۇ. شۇڭا نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئىپادىلەشتە ئۇنىڭ قىياپىتىنى تەسۋىرلەشكە دىققەت قىلماي قالمايدۇ. مەسىلەن: ئىشپىيونلار قالپاق، پەلتو كىيىپ، كۆزەينەك تاقاپ، تاماكا چېكىدۇ؛ شاللاق ئاياللار پەدەزنى بولۇشىچە قىلىپ، بەدىنى كۆرۈنىدىغان كىيىم كىيىدۇ؛ ... ۋاھاكازالار.

(4) مۇھىت ئارقىلىق ئىپادىلەش.

پېرسوناژ خاراكتېرى بىلەن پېرسوناژ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مۇھىت ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋەت مەۋجۇت بولىدۇ. بەزىدە مۇھىت خاراكتېرگە، بەزىدە خاراكتېر مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» دە مۇھىت پېرسوناژلارغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھەتتا پېرسوناژ خاراكتېرىنى بەلگىلەش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا پوۋېستتىكى نۇرغۇن مۇھىت تەسۋىرلىرى پېرسوناژلار خاراكتېرىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ.

## سىمۋوللۇق پېرسوناژلار

بىر قىسىم پروزا ئەسەرلىرىدىكى، جۈملىدىن سىمۋوللۇق ئەسەرلەردىكى ۋە تەمسىل خاراكتېرىنى ئالغان ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار ناھايىتى روشەن سىمۋوللۇق تۈسكە ئىگە بولىدۇ. بۇنداق پېرسوناژلار ئادەتتە سىمۋوللۇق پېرسوناژلار دەپ ئاتىلىدۇ.

سىمۋوللۇق پېرسوناژلار — ئەدەبىي ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي بىر خىل شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەلۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىمۋوللۇق پېرسوناژلارنى يارىتىش يازغۇچىلارنىڭ ئەڭ يۈكسەك نىشانلىرىدىن بىرىدۇر.

كافكانىڭ «قەلئە» رومانىدىكى $K$ ، ھېمىڭۋاينىڭ «بوۋاي ۋە دېڭىز» پوۋېستىدىكى بوۋاي، ئايتماتوۋنىڭ «قىيامەت» رومانىدىكى بۆرە، «ئازاد قۇشلار» ھېكايىسىدىكى قىز ۋە «سەن» ... ئاشۇنداق سىمۋوللۇق پېرسوناژلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

سىمۋوللۇق پېرسوناژلارنى يارىتىش ئاپتوردىن يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت، دەنالىق ۋە ئەتراپلىق بىلىم تەلەپ قىلىدۇ.

## پېرسوناژ خاراكتېرىدىكى ئۈچ مۇھىم ئامىل

بىر مۇنچە ئەدەبىياتشۇناسلار مۇنداق دەپ قارايدۇ : ھەر قانداق بىر ئەسەردىكى پېرسوناژ خاراكتېرىدە تۇرمۇش ، ھېسسىيات ۋە شەكىلدىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم ئامىل بولىدۇ. تۇرمۇش — خاراكتېرنى تۇرمۇش ئاساسى بىلەن، ھېسسىيات — سوبيېكتىپ ئاساس بىلەن ، شەكىل — تۇرمۇش بىلەن ھېسسىياتنى ئىپادىلەش شەكلى بىلەن تەمىنلەيدۇ . بۇ ئۈچ ئامىل بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ، شۇنداقلا بىر - بىرىدىن زادى ئايرىلالمايدۇ ، تەڭ ، بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، رول ئوينايدۇ .

## پېرسوناژسىزلاشتۇرۇش

پېرسوناژسىزلاشتۇرۇش — ھازىرقى زامان غەرب ئەدەبىياتىدىكى بىر خىل خاتا ئىجادىيەت خاھىشى .

ئەنئەنىۋى پروزىچىلىقتا پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىش پۈتۈن ئىجادىيەت جەريانىدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا ۋە مەركىزىي مەسىلە ھېسابلىناتتى، يارىتىلغان پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ قانداقلىقى ئەسەرنى ئۆلچەشتىكى ئەڭ ئاساسلىق ئۆلچەم قىلىناتتى. «پېرسوناژسىزلاشتۇرۇش» — مانا مۇشۇنداق پېرسوناژ مەركەز چۈشەنچىسىگە قارشى مەيدانغا چىققان ، پېرسوناژنىڭ ئەسەردىكى ئورنىنى تۆۋەنلىتىشنى مەقسەت قىلغان بىر خىل خاھىشنىڭ ئاتىلىشى .

بىر قىسىم غەرب يازغۇچىلىرىنىڭ ئەدەبىي چىنلىق ھەققىدىكى يېڭىچە چۈشەنچىسى بۇ خىل خاھىشنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئارقا كۆرۈنۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ يازغۇچىلارنىڭ قارىشىچە ، ھازىرقى ئەدەبىياتنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنىڭ ( پېرسوناژلارنىڭ ) قەلبىدىكى چىنلىقنى ئىپادىلەش. ئىزچىللىقتا، ئومۇمىلىقتا ئىگە بولۇش،

تىپىك شارائىت ئىچىدە يارىتىلىشى، رېئاللىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدىغان ئەنئەنىۋى پېرسوناژلار ئارقىلىق قەلب چىنلىقىنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجادىيەتنىڭ مەركىزىدە پېرسوناژ تۇرۇۋالسا، قەلب چىنلىقىنى ئىپادىلەش ئېتىبارسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭا پېرسوناژغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇپ، قەلب چىنلىقىنى ئىپادىلەشنى مەركىزى ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

«پېرسوناژسىزلاشتۇرۇش» نى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن يازغۇچىلار-نىڭ ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلار خاراكتېرى قويۇق ھېسسىيات تۇسىگە، ئابستراكتلىقىغا ئىگە بولۇپ قالغان. غەربنىڭ يېڭىچىلىك ئەدەبىياتى، ئاڭ ئېقىمى پروزىچىلىقى، مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتى ۋە يېڭى پروزىچىلىقىدا بۇنداق خاھىش نىسبەتەن گەۋدىلىك مەۋجۇت.

### قەھرىمانسىزلاشتۇرۇش

قەھرىمانسىزلاشتۇرۇش — پېرسوناژلاردىكى قەھرىمانلىق - باتۇرلۇق خاراكتېرىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىش، ھەتتا يوق قىلىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ — غەرب ئەللىرى پروزىچىلى-قىدا 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ شەكىللىنىشكە، ئومۇملىشىشقا باشلىغان بىر خىل ئاساسلىق خاھىش.

قەدىمكى زامان ئەسەرلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى يېقىنقى مەزگىللەردىكى ئەسەرلەردى-مۇ پېرسوناژلار ھەتتا ئىلاھىي كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە تەڭداشسىز قەھرىمانلاردىن قىلىپ تەسۋىرلەنگەنىدى. كېيىنچە بىر قىسىم يازغۇچىلار ئىنساندا ئۇنچىلا كۈچ - قۇدرەت-نىڭ يوقلۇقىنى، بىرەر مىللەت، بىرەر ئەلنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەش - قانداقتۇر بىر - ئىككى قەھرىماننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشتى. نەتىجىدە شۇ-نىڭدىن باشلاپ تۆۋەن قاتلامدىكى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئوبرازى ئەدەبىي ئەسەرلەر-دىكى ئاساسلىق پېرسوناژلار بولۇشقا باشلىدى. 19 - ئەسىردە مۇنداق خاھىش تېخىمۇ گەۋدىلىنىشكە باشلىدى، 20 - ئەسىرگە كەلگەندە چەكتىن ئېشىپ كەتتى — قەھرىمانسىز-لاشتۇرۇلغان پېرسوناژلار بىر خىل ئاساسلىق پېرسوناژلار تىپى بولۇپ قالدى.

قەھرىمانسىزلاشتۇرۇلغان پېرسوناژلار-قەھرىمان پېرسوناژلارنىڭ ئەكسى بولۇپ، بۇلاردا باتۇرلۇق، جەڭگىۋارلىق، ئۈمىدۋارلىق، تاقابىل تۇرۇش، تەقدىرنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش دەيدىغان چۈشەنچىلەر يوق. بۇلار پەقەت ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىقلارنى، پاسسىپلىقلارنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. «يېگانە ئادەم» دىكى موللىسو، قارا يۇمۇر يازغۇچىسى خېللېرنىڭ «ھەربىي نىزامنىڭ 22 - تارمىقى» رو-مانىدىكى ئېيوسلىن... قاتارلىقلار غەرب ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر «قەھرى-مانسىزلاشتۇرۇلغان پېرسوناژلار» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(داۋامى بار)

مەسئۇل مۇھەررىر: ھاجى ئەخمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**قۇربانەم ئاخۇنباي** ( تاجىك )

# قەلبىمدە كۆپ يارقىن مىسرالار

## شادلىقىم

ئېتىزلاردا تاۋلىنىدۇ ئالتۇن باشاقلار،
ئوتلىقىدا گۈلبەنەفشە ئاھ، ئەجەب بەرنا.
شۇ ھالەتكە زوقتا بېقىپ قويىنۇڭغا كەلدىم،
تونۇدۇڭمۇ مېنى يۇرتۇم — سۆيۈملۈك سەھرا؟

ئېسىڭدىمۇ سۈيى شەرۋەت ئويناق شوخ بۇلاق
بىرچاغلاردا سۈلىرىڭغا قانمىغان شوخ قىز؟
ئېسىڭدىمۇ، ئەي شاش ئۆستەڭ بىر تەلۋە گۆدەك،
قىقاسلىرى شاۋقۇنۇڭدەك شۇقەدەر كەپسىز؟

ئېسىڭدىمۇ مەغرۇر تۇرغان ھەيۋەت ئېگىز تاغ،
كۆيۋادار① چوڭ يېقىلغانىتىم نەچچە رەت سەندە.
كەكلىك قوغلاپ ياماشقىنىم تىك چوققا تامان،
ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىنى قالدۇرغان مەندە.

ئېسىڭدىمۇ يېشىل كىمخاپ — چىمەنزار ئوتلاق،
مەرھۇيلىرىڭ ئاراكۈلۈپ ئوينىغانلىرىم.
ئېسىڭدىمۇ ئايرىلغاندا ئىللىق باغرىڭدىن،
گۈللىرىڭنى كۆزگە سۈرتۈپ يىغلىغانلىرىم.

ئېسىڭدىمۇ گۈزەل سەھرا ئەنە شۇ چاغلار،
ئېيتقىن قېنى — كەلسەم بۈگۈن تونۇدىڭمۇ مېنى.
ئوقۇيمەن دەپ كەتكەنىدىم قىيىماستىن كۆزۈم،
كەلدىم مانا ئەجەب بەكمۇ سېغىنىپ سېنى.

كەلدىم، لېكىن گۆدەكلىكىم قالغانتى سەندە،
بەردەم ياشەن — پۈتۈن جىسمىمغە يەرەتكە تولغان.
قوللىرىممۇ قۇرۇق ئەمەس — بىلىم بارمەندە،
گۈزەل ئارزۇ يۈرىكىمدە گۈلخاندەك يانغان.

قوينۇڭدىكى پاك — بىغۇبار يۇمران دىللارغا،
ئىلىم — پەننىڭ نۇرلىرىنى سېپىشكە كەلدىم.
يېڭى ھايات بەرپا قىلىپ، ياشنىتىپ سېنى،
بۇ ئۆمۈردىن بىرخۇشاللىق تېپىشقا كەلدىم.

## قەلبىمدە كۆپ يارقىن مىسرالار

ئۆركەش ئۇرۇپ ئاققان شوخ دەريا،
كۈيلىرىڭگە ئاشىقتۇر قەلبىم.
زەپ يېقىملىق شاۋقۇنلىرىڭدىن،
ئۆرنەك ئېلىپ چىققانتى تىلىم.

ياقۇت كەبى زىلال ئۈنچىلەر
ئەسلىتىدۇ گۆدەكلىكىمنى.
كۆكسۇڭدىكى شوخ كەپسىز دولقۇن،
ئويۇنخۇمار بەگباش چېغىمنى.

كۆپۈكسىمان ئاشۇ بۇژغۇنلار،
ئوخشار كۆركەم مەرۋۇي كۆلگە.
شۇ ھالەتتە بېسىپ كىردىڭسەن،
مېھمان بولۇپ قەلبىم تۆرىگە.

يۈرىكىمدە چەكسىز ئارمانلار،
دولقۇنلايدۇ ئۆركەشلىرىڭدەك.
شاش تۇلپاردەك يۈگەنسىز ئېقىن —
ئاقار، ئەرك دەپ ئاققان قېنىمدەك.

توختا، دەريا ئېلىپ كەت مېنى،
ئەجرىم بىلەن كۈلسۇن گىياھلار.
زىرىكتۇرمەس سېنى كۈيلىرىم،
قەلبىمدە كۆپ يارقىن مىسرالار.

## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى

① كۆيۋادار — تاغچوققىلىرىدا ئۆسىدىغان، شىرىنلىك ئۆسۈملۈك.

## ئىنسانلارمۇ ياشىسا شۇنداق

قانىتىدا شىۋىرغاننى يېرىپ ئۇچىدۇ،
كۆك قەرىدە جەسۇرانە پەرقېقىپ بۇركۇت.
نۇرلۇق كۆزى نىشان قىپتۇ يېراقچوققىنى،
غەيرىتىگە بورانلارمۇ قىلماقتا سۇكۇت.

ئۇ ئۇچىدۇ شۇ يوسۇندا شۇنچە مەردانە،
مۇشكۇلسېرى ۋۇجۇدىنى چۇلغايدۇ ئۈمىد.
باران(1) سۆيگەن مۇز ئۇستىگە يېقىپ كۆكسىنى،
ھارارەتلىك يۈرىكىدىن ئۇلغايتىدۇ ئوت.

تابىستان بوپ تويۇلىدۇ ئاڭا قارا قىش،
پاك سۆيگۈسى ۋۇجۇدىدا ياندۇرغاچ ئاتەش.
پىژ-پىژ ئىسسىقچاڭقىتالماس ئۇنىڭجىسمىنى،
لەرزان دىققاس بولار تېخى شامالغا تەڭكەش.

مەن ئويلايمەن ئىنسانلارمۇ ياشىسا شۇنداق،
جۇت ئالدىدا باش ئەگمەستىن قاقاقلاپ كۈلسە؛
بۇ ئانا يەر ئىپار ھىدلىق جەننەت بولماسمۇ،
تومۇرلارغا مەردانىلىق سىڭىشىپ كىرسە.

## مىنۇتلار

مىنۇت، دەپ مەڭسىتمەي قارايمىز ئاڭا،
تۇيدۇرماي قېرىتار بىزنى ئۇ لېكىن.
مىنۇتتا ھاياتتىن چۈشەر بىر ياپراق،
بۇ ئۆمۈر شۇنداق بىر تېۋىشسىز ئېقىن.

مىنۇت، دەپ مەڭسىتمەي قارايمىز ئاڭا،
مىنۇتلار ياسايدۇ يىللارنى، ئاينى.
چاچلارغا ئاق چېچەك تاقالسا بىر كۈن،
بىز ھەيران قالىمىز كۆرۈپ بۇ ھالنى.

مىنۇت، دەپ مەڭسىتمەي قارايمىز ئاڭا،
قەدىرسىز ئۆزايدۇ، ئۇ شۇندا دائىم.
بىلمىمىز مۇكچىيىپ تۇتقاندا ھاسا،
پۇشايمان ئىلكىدە چېكىمىز ۋايىم.

مىنۇت، دەپ مەڭسىتمەي قارايمىز ئاڭا،
مىنۇتلار قېتىدا ئالەمچە ئۈمىد.
مىنۇتلار كۆكسىگە تىزىشچۈن دەستە،
يۈر دوستۇم ماڭايلى، قىلماستىن سۇكۇت!

## ئانا تۇپراق

كىمگىمۇ تويۇلماس جېنىدىن ئەزىز،
پاك قېنى تۆكۈلگەن قەدىردان تۇپراق؟
كىمگىمۇ تويۇلماس تەر تۆكۈپ ئۆتكەن
شۇ تۇپراق قوينىدا ھاياتى قوۋناق؟

كىمگىمۇ تويۇلماس شۇنچە سۆيۈملۈك،
بىر نانىنى تەڭ يېگەن قېرىنداشلىرى.
كىمگىمۇ تويۇلماس ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ،
بىر يولدا ھەمنەپەس تەقدىرداشلىرى.

ئەنە شۇ تۇپراقتا تۇغۇلۇپ ئۆستۈم،
ئەنە شۇ تۇپراقتا بىخ سوردى ئۆمرۈم.
ئەنە شۇ تۇپراقتۇر شەپقەتچىم ئانام،
ئەنە شۇ ئىنسانلار مېھرىۋان دوستۇم.

بىر ئۆمۈر كۈيلەيمەن ئانا تۇپراقنى،
شەنىگە ئۇرغۇيدۇ مۇھەببەت مەندە.
شۇ ھالدا سۆزلەيمەن سۆيۈنۈپ دائىم،
نە ئارمان زەررە بوپ چاقنىسام سەندە.

**ياقۇپجان ياقۇپ** (تاجىك)

## سۆيگۈ بەرگەن يېڭى خىياللار

### سەن — سېھىرگەر

بىر قىيا باققانتىڭ، باققانتىڭ ماڭا،
ئاھ، چەكسىز شادلاندىم، كۆزلىرىمدە نەم.
تەلپۈندۈم ئىچىمىرقاپ، قارىدىم ساڭا،
سەن ئوۋلاپ كەتكەندە كۆڭلۈمنى شۇ دەم.

سەن راستىن ئىكەنسەن ئۇستا سېھىرگەر،
بىر ئۆچمەس ئوت ياقتىڭ قەلبىمگە شۇتاپ.
ئۆزۈڭگە رام قىلدىڭ مېنى شۇ قەدەر،
ئاھ، ئىشقىڭ قەلبىمگە كەتتىغۇ ئورناپ.

(1) باران — مۆلدۈر.

سەن شۇنداق سىھىرلىكەر، مەن بولدۇم تەسلىم،
ۋە ئىشقىڭ مەن ئۈچۈن بولدى ھۆكۈمران.
ھەقىقىي سىھىرىنىڭ شۇنداقتۇر بەلكىم،
يۈرەكنى يۈرەككە تاڭغان، باغلىغان.

سەن راستىن ئىككىنىسەن ئۇستا سىھىرلىكەر،
ئۆزۈڭگە رام قىلدىڭ مېنى شۇ قەدەر.

### سەن كەتتىڭ يىراققا، مەن قالدىم تەنھا

سەن كەتتىڭ يىراققا، مەن قالدىم تەنھا،
تەنھالىق مەن ئۈچۈن بولۇپتۇ نېسىپ.
بۇ قەلبىم پەقەتلا تەلپۈنگەن ساڭا،
چىرايىڭ كۆزۈمدە تۇراتتى يېنىپ.

مەن سېنى مېنىڭلا گۈزىلىم دەيتتىم،
ۋە لېكىن سۆيگۈمنى قىلمىدىم ئىزھار.
ياتلاردىن كۆزۈڭنى ئۈنسىز كۈنلەيتتىم،
چېتىلغاچ مېھرىڭگە بەختىمدىن يوللار.

سەن كەتتىڭ يىراققا، مەن قالدىم تەنھا،
چۈشەندىم، ئەزەلدىن چۆل ئىكەن بەختىم.
مىڭ مەررە ۋەسلىڭچۈن قىلسام ئىلتىجا،
بەرمىدى بىر شادلىق ھاياتىي بەھرىم.

سەن كەتتىڭ يىراققا مەن قالدىم تەنھا،
سېغىنىش — كۆيۈشتە قىينالدىم، ئەمما.

### ئارمان

چىرايلىرىڭ نۇر تۆككەن قۇياش،
بىر جۈپ كۆزۈڭ تۇرماقتا يېنىپ.
بىر كۆرۈپلا باشلاندى كۆيۈش،
ۋەسلىڭ ماڭا بولارمۇ نېسىپ؟!

### كەل، دىلبەر

ئارتۇچلۇق ئارىسى پىنھان چىمەندىق،
يوچۇقلار ئۈستىدىن مارايدۇ قۇياش.
سىدىنچ① شىۋىرلار شۇنچە يېقىملىق،
كېلىۋەر، دىلبىرىم، بول ماڭا سىرداش.

كېلىۋەر، دىلبەرىم، بول ماڭا سىرداش،
يات كۆزلەر كۆردىدەپ كەتمە ئەنسىرەپ.
دىللاردا قالمىسۇن قىلچە يېتىمرقاش،
تارتىنىش مىنۇتلار قالسۇن چۆلسىرەپ.

كەل دىلبەر، كېلىۋەر، تارتىنما پەقەت،
سۆيگۈمىز ياشنىسۇن ئۈزۈلمەي ھامان.
سېغىنىش - كۆيۈشتە قالمىدى تاقەت،
ۋىساللار پەيتىنى قىلىمەن ئارمان.

### سېغىنىش

گۈللەر پورەك ئېچىلسا جانان،
گۈل ھۆسنۈڭنى يادلايمەن شۇ تاپ.
ۋىساللارنى قىلىمەن ئارمان،
دىل خانەمدە سېغىنىش قوزغاپ.

### ئۈجمە كۆكۈلگە

تاتلىق - تاتلىق ئارزۇلار بىلەن
يۈرەكلەرنى قىلغانتۇق خۇشال.
سۆيۈشلەردىن ياپىرىغانتى تەن،
تەكرارلانغان ئاشۇنداق بىر ھال.

سېنى ئەمدى چۈشەندىم بۈگۈن،
سۆيۈشلەرنى قىلدىڭغۇ خازان.
دۇنيا كۆزلەپ شۇ نەپسىڭ ئۈچۈن،
كۆيۈشلەرگە بەرمىدىڭ ئىمكان.

ئوماق كۈلۈپ چىراي ئاچمىدىڭ،
ئاق مارجاننى يەرگە تاشلىدىڭ.
ئۈجمە كۆكۈل كېپىنەك مىسال،
يەنە كىمگە نەزەر تاشلىدىڭ؟

---

① سىدىنچ — تاغدا ئۆسىدىغان ياغاچ ئوسۇملۇك.

**ئەسقەرجان زەمىر** (تاجىك)

## ئارزۇيۇم

ئارزۇيۇم: كۈن بولسام، ھەتتا تۈندىمۇ —
مۇڭ باسقان ئورمانلار نۇرغا كۆمۈلسە.
نۇر تۆكسەم زىيادە ئارتۇق كۈندىنمۇ،
ئاق كېيىك پەرىلەر سۇغا چۆمۈلسە.

ئويقۇغا قامال بوپ كەتمىسە قۇشلار،
سايرىسا دىللارغا زوق بېرىپ چاك - چاك.
بۇزۇق چۈش كۆرمىسە خىلۋەت تار يوللار،
چاشقانغا بوزەك بوپ يۈرمىسە ئۆي، ساك.

ئادەملەر ئىشلىسە كۈلۈپ شادىمان،
يول تېپىپ، ئۆي تېپىپ بولۇشۇپ ئەزىز.
جۆيلۈشلەر، خىياللار بولۇپ خار-گۇمران،
ئىش - ئەمگەك تۇيۇلسا تېخىمۇ لەزىز.

چوققىلار ئايلانسا ئالتۇن مەرمەرگە،
قىيامەت دەۋرىگە كىرمىسە دۇنيا.
گادىرماچ سۈرەتلەر قونمىسا كۆزگە،
نۇر تىلەپ يۈرمىسە باغ، ئالتۇن قىيا.

زەر نۇرلار چاقنىسا گۈللەر ئۈستىدە،
جىمىكى مەۋجۇدات ئۆزلەشسە نۇرغا.
(ئىنسانلار تونىسا ئەگەر قەلبىدە،
بىر زەررە نۇرنىمۇ تېگىشمەس دۇرغا.)

نۇر بولغاچ ئۆزگىچە گۈزەلدۇر جاھان،
نۇر بولغاچ تاڭلارغا شوخ ناخشىلار جۆر
نۇر بىلەن ياشنايدۇ ھاياتلىق ھامان،
نۇر بىلەن تاپقايمىز جۇشقۇنلۇق، ھوزۇر.

× ×

كۈن بولۇش، نۇر بولۇش دېمەككى قىممەت،
ئاھ، دوستلار، بۇنىڭچۇن تۆلەيمەن بەدەل.
كۈن بولۇپ چاچارمەن كۆكتە ھارارەت،
ۋىجدانىي لەۋزىمگە قىلىپ چىن ئەمەل.

مەسئۇل مۇھەررىر: **ھاجى ئەخمەت**

(بېشى 118 - بەتتە)

بولغانىدۇ، ئەجىبا كۈلۈب ئەزالىرى ئىچىدە تالاشقا قالىدىغان ئاكىجان بۈگۈن يالغۇز قاپتىغۇ؟ - دەپ سورىدى.

— مۇشۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ ئۇنىڭ ھېلىقى باج ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى بولغان ئىنىسى يېڭى دېھلىغا ئالمىشىپ كەتتى ئەمەسمۇ، - دەپ جاۋاب بەردى يەنە بىرسى.

ئاكىجان بۇنى ئاڭلاپ، پېشانىسىدىكى تەرنى شارتتىدە سۈرتىۋېتىپ، ئاچچىقلىغان ھالدا:

— ھاراق كەلتۈر... دەپ توۋلىدى ئۇلاردىن بىرىنى.

— كىمنىڭ ھېسابىدا ئەكىلىمەن؟ يەنە سىز بۇ كۈلۈبنىڭ ئەزاسى بولمىسىڭىز، - دېدى خىزمەتچى.

ئاكىجان قاپىقىنى تۈرۈپ:

— ئىككى يىلدىن بېرى كىمنىڭ ھېسابىدا ئەپكەلگەن بولساڭ، شۇلارنىڭكىدە ئەپكېلىۋەر، - دېدى.

— بۈگۈندىن ئېتىبارەن سىزگە ھاراق بېرىلمەسلىككە بۇيرۇق چۈشتى، - دېدى يەنە بىرسى.

— نېمە دېدىڭ؟ - دەپ ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ كەتكەن ئاكىجان دەرھاللا ئىنىسىنى ئېسىگە ئېلىپ، لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ بىر ھازاغىچە جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ئېقىۋاتقان ياشلارنى سۈرتۈپ: «ھەي ئۆزگىرىشچان دۇنيا، سەن نېمە دېگەن رەزىل، نېمە دېگەن ئالدامچى-ھە؟!» دېگەن سۆزلەرنى بوش ئاۋاز بىلەن ئېيتىپ كۈلۈبتىن سىرتقا چىقىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن ئۇ كۈلۈب ئالدىدا، ھەتتا يوللاردىمۇ كۆرۈنۈپ باقمىدى.

(ئوردۇچىدىن مىركامىل مۇھەممەت تەرجىمىسى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زۇلپىيە

# ئاق لىچەك

( ھېكايە )

ئاپتوبۇس قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن بازار مەركىزىگە كېلىپ توختىدى. ئالدىمدا يوغان قارا سومكا كۆتۈرۈۋالغان بىر قېرى ئايال ھاسىراپ ـ ھۆمىدىگىنىچە ئاپتوبۇستىن چۈشۈشكە تەمشىلىۋاتاتتى. ئۆزۈمچە ئۇنىڭغا بىر ئاز قولايلىق يارىتىپ بەرمەكچى بولدۇم ـ دە، ئارقامدىن قىستاپ كېلىۋاتقانلارنى يەنكەمدە توراپ، مىڭ تەسلىكتە ئالدىمدىن ئازراق بوشلۇق چىقاردىم. دەل شۇ پەيتتە يان تەرىپىمدە قىستىلىپ تۇرغان بىر قىز چەبدەستلىك بىلەن ئالدىمغا ئۆتتى ۋە موماينىڭ سەنتۈرۈلۈپ كەتكىنىگە قارىماي تېزدىنچە ساڭگىلىتىۋالغان كىچىك قول سومكىسىنى مۈرىسىگە تاشلىغىنىچە ئىككى تاقلاپلا ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كەتتى.

— ۋايجانا... رومىلىم...

موماي ۋارقىرىغىنىچە يوغان سومكىسى بىلەن قوشۇلۇپلا يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭ ئاق داكا رومىلىنىڭ بىر ئۇچى ھېلىقى قىزنىڭ مۈرىسىگە تاشلىۋالغان سومكىسىغا ئىلىنىشىپ قالغان بولۇپ، بىر ئۇچى يەردە سۆرۈلۈپ تۇراتتى. قىز يىركەنگەندەك قولىنىڭ ئۇچىدا رومالنى يەرگە تاشلىدى ۋە ئارقىسىغىمۇ قارىماستىن ئۆز يولىغا يۈرۈپ كەتتى. مەن تېزلىك بىلەن موماينى يۆلەشتۈردۈم ۋە خالىراق بىر يەرگە ئاپىرىپ توپا ـ چاڭلىرىنى قېقىشتۇردۇم.

— موما، قاتتىق چۈشمىگەنسىز؟

— پۇتۇم...

بىرەر كىرا ھارۋىسى تېپىش مەقسىتىدە يان تەرىپىمگە قارىشىمغا يەتتە ـ سەككىز قەدەمچە نېرىدىكى ئېلېكتىر چىرىغى ئاستىدا بىرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ تۇرغان ھېلىقى قىزغا كۆزۈم چۈشتى. تازا جۇدۇنۇم تۇتتى ـ دە، ئالدىغا يۈگرۈپ باردىم:

— تازىمۇ تەربىيە كۆرمىگەن قىزكەنسىز، چوڭ ئانىڭىزدەك بىر كىشى سىزنىڭ كاساپىتىڭىزدىن يىقىلىپ چۈشسە خىيالىڭىزدا يوق...

قىز پەرۋاسىز ھالەتتە موماي تەرەپكە قاراپ قويۇپ گەپ ـ سۆزسىز تۇرۇۋەردى.

— سەن گاچمۇ نېمە؟ شۇنچە يوغانچىلىق قىلغۇدەك نېمە ھال ساڭا، ماۋۇ بىر نېمەڭنى ئىتتىنىڭ تىلىدەك ساڭگىلىتىۋالغىچە قىسقىراق ئاسساڭ بولمامدۇ؟ ھەر قانچە ۋالىيىنىڭ قىزى بولساڭمۇ يۈر، بېرىپ مومايدىن كەچۈرۈم سورا! ئاندىن دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارىسەن، ـ دېدىم زەردە بىلەن ۋە قىزنى تارتقۇچلاپ موماينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدىم.

— قېنى، مومايدىن كەچۈرۈم سورا!

پۇتىنى تېخىچە سىلاپ ئولتۇرغان موماي نۇرسىز كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئۆزىگە تەتۈر قاراپ تۇرغان قىزغا بىر ھازاغىچە سىنچىلاپ قارىدى ۋە بىردىنلا پۇتى كۆيگەن توخۇدەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

(ئاخىرى 112 ـ بەتتە)

Altun0q

دىلمۇرات تۇرسۇن

# ئىككى ھېكايە

## ئىلھامىمنىڭ زورى بىلەن

ۋاي خۇدا ئىچىم بەكلا سىقىلىپ كەتتى! تۇرمۇشتىكى مۇشۇنچىلىك ئاددىي ئىشلارغىمۇ ئېتىبار بەرمىسەڭلا ئىلكىم ئۇچۇپ ئۆز-ئۆزۈمگە ئاچچىقلىناتتىم. خەپ! ئەتىدىن باشلاپ ئەر-خوتۇنلارنىڭ جېدەل-ماجىرالىرىغا خەۋەردار بولۇپ، ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى قىياپىتىنى، يەنە تېخى قانداق گەپلەر بىلەن جېدەللىشىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالىسام.

لېكىن ھازىرقى ئىلھامىم ئەتىگە يول قويىدىغاندەك ئەمەس. تازا بىر ئىش بولىدىدە-بۇ!

مەزمۇنى ياخشى تاللانغان بۇ ئەسىرىمنى يېزىپ-يېزىپ ئاخىرىغا كەلگەندە ئەر-خوتۇنلارنىڭ جېدەللىشىدىغان چاغدىكى قىياپەت ۋە گەپ-سۆزلىرىنى تاپالماي ئورنۇمدا ئولتۇرالمايلا قالدىم.

دادام بىلەن ئانامغۇ ئۆزۈن يىللىق قەدىناس بولۇپ، قېرىلىققا باقماي بىر-بىرىنى: «قەدىرلىكىم»، «سۆيۈملۈكۈم» دەپ ئاتىشىدۇ. مەن بولسام تېخى ئايالىم بىلەن جېدەللىشىپ باقماپتىمەن. كىچىككىنە ئىش دېگەنلىك بىلەن مۇشۇنداق پەيتلەردە رولىنىڭ چوڭلۇقىنى كىم بىلسۇن؟

ئايالىم تاتلىق ئۇيقۇدا ئىدى. ئۇنىڭغا قارىغانسېرى بېشىمدا بىر پىلان پەيدا بولدى، ئويلا-ئويلا ئاخىرى مۇستەھكەملەندى. توغرا، شۇنداق قىلىشىم كېرەك! ئايالىم بىلەن قەستەن ئۇرۇشۇپ، جېدەللىشىپ ئۇنىڭ قىياپىتى ۋە ئاغزىدىن قانداق بولمىغۇر گەپلەرنىڭ چىقىشىغا دىققەت قىلىشىم كېرەك.

خۇدا ئىشلىرىمنى ئوڭۇشلۇق قىلغايسەن. ئايالىمنىڭ ئاغزىدىن ئەسىرىمدىكى باش قەھرىمانىمنىڭ تىلى چىقىپ قالسا، بۇ نېمە دېگەن ياخشى! كېرەك يوق، ئەتە ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىۋالىمەن-دە!

ئاخىرى ئايالىم بىلەن ئۇرۇشۇش نىيىتىگە كەلدىم. ئويلىغىنىم بويىچە ئۇنىڭ قىممەت باھالىق ياقۇت كۆزلۈك تاغقىنى دەسسىگۈدەك يەردە قويدۇم. ئايالىم بۇ تاغاقنى يېڭى ئالغان بولۇپ، شۇنداق ياخشى كۆرەتتىكى، ھەر ئەتىگىنى ساپ ئەتلەپ ئەينەك ئالدىدا شۇنىڭ بىلەنلا ھەپىلىشەتتى. تاغاقنى سۇندۇرۇۋەتسەم ئايالىمنىڭ مەن بىلەن ئۇرۇشۇشى تەبىئىي-دە!

مېنىڭ پىلانىدىكى ھەرىكىتىم شىرە ئۈستىدىكى ئىستاكاننى ئېلىپ يەرگە تاشلاش بىلەن باشلاندى، ئۇنىڭ سۇنغان ئاۋازىدىن ئايالىم چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. مەن ئىستاكان پارچىلىرىنى تەرمەك بولۇپ ئالدىغا بىر قەدەم ماڭدىم-دە، تاغاقنى قاتتىق دەسسىدىم، تاغاقمۇ سۇندى. سۇندىيۇ پۇتۇمغا ئەينەك پارچىسى كىرىپ كەتتى. مەن ئاغرىققا چىدىيالماي «ۋايجان» دېگىنىمچە پۇتۇمنى تۇتۇپ قالدىم. يۈرىكىم دۈپۈلدەۋاتاتتى، ئايالىمنىڭ تەرىنى تۈرۈپ: «پالاكەت باسقان سارالڭ، ئىستاكانغۇ مەيلى دەيلى، تاغاق ئۇ يەردە نېمىش قىلىدۇ؟» دېگەندەك سۆزلىرىگە گەپ توغرىلاپ بىر مەيدان جەڭنى كۈتۈپ تۇردۇم.

ئايالىم «ۋاي!» دېگىنىچە يوتقانىدىن سۇغۇرۇلۇپ چۈشۈپ پۇتۇمنى سىلاشقا باشلىدى.

— دىققەت قىلسىڭىز بولمامدۇ، بۇ نەس باسقان تاغاق پۇتىڭىزنى ئاغرىتمىغانىدۇ؟

بولدى، سىز يېزىۋېرىڭ مەن يۇغۇشتۇرۇۋېتەي…
ۋاي خۇدا، بۇ ئىشقا نېمە دەيمەن ئەمدى؟

## ساۋابلىق ئىش

؟…

ئۇنىڭ قەلبىنى ھېچكىم چۈشەنمەيتتى.

زېمىندىنمۇ چوڭ بۇ كۆڭۈلگە خۇشاللىق يوشۇرۇنغانمۇ، قايغۇ ئەلەم تولغانمۇ، مەنمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن.

ئۇ يەنە ئادىتى بويىچە يالغۇز ئورمانلىقتىكى سۈزۈك كۆل بويىدا ئاپئاق ئۈزۈن كۆڭلىكى بىلەن قېرى دەرەخقە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. كۆزلىرىدە ياش، لەۋلىرى بولسا تىپىلىقىپ - تىپىلىقىپ كۈلەتتى. كۆلگە قويۇلىۋاتقان كىچىك ئېرىقتىكى شىلدىرلىغان سۇغا قاراپ بېشىنى سىرلىق لىڭشىتىپ قوياتتى.

ئۇ، مەڭزىگە تامغان بىر تامچە ياشنى پەرۋاسىزلىق بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت بىر نەرسىنى كۆرگەندەك چىرايىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل ھېسسىيات بىلەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قارىدى.

ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇغا قانمىغاندەك مەجنۇنتالنىڭ سۇغا چىلاشقان نوتىسى يا بىللە كېتەلمەي، يا بېشىنى كۆتەرمەي سوزۇلغىنىچە تىترەپ تۇراتتى. ئۇ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، يۈگرۈپ بېرىپ مەجنۇنتالنىڭ نوتىسىنى قايرىپ سۇندۇرۇپ، ئېرىقتىكى سۇغا تاشلىدى.

بىر ئۈزۈن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۈلكىسى ئورمانلىقتا جاراڭلاپ كەتتى.

ئەپسۇس، كۆزلىرى … ئۇنىڭ كۆزلىرى…

!…

— ئاللاغا مىڭ رەھمەت! قىزىمىزنىڭ بەخت - تەلىيى كەلدى.

— شۇنى دېمەمسەن خوتۇن.

داقا - دۇمباق، ناغرىلار ياڭرايتتى. قىزنى ئېلىپ كەتكىلى ئات ھارۋىسىمۇ كەپ قالدى. ئۇنىڭدىن يەتمىش ياشلىق بىر ئاقساقال ھاسىغا تايىنىپ ئاران چۈشتى. بىر يولۇچى كىشىلەر توپى ئارىسىدىن بىر يىگىتنى نوقۇپ سوراپ قالدى: «بۇ ئاقساقال قىزنىڭ نىكاھىنى ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنغان مويسىپىتمۇ؟» يىگىتنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب بەرگۈدەك ماجالى يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقىدا ئاق كۆڭلەكلىك بىر پەرىزات قېتىپ قالغانىدى.

؟!…

ئۈچ يىل ئۆتتى. ئەلەمەلە مويسىپىتنىڭ يىل نەزىرىسىگە تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى.

— ھەي! ھېلىمۇ ياخشى قىزىمىزنى دامولla ھاجىمغا بېرىپ ساۋابلىق ئېلىۋاپتىمىز، ئەمدىلىكتە بۇ ئۇلۇغ پىرىم جەننەتكە كىرىپ كەتتى، قىزىمىزمۇ ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇشتى، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— يەنە بىر ساۋابلىق ئىزلىسەك بولامسۇ دادىسى.

— توغرا ئېيتتىڭ ئانىسى، ھە … ئويلاپ كۆرەيلى، يۇرتىمىزدا ئۇلۇغ مويسىپىت زاتلاردىن قايسى ھاجىملار قالدى…؟

مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرسۇن نىياز

ۇدىنمۇھەممەتجان ئابلىز

# ئىككى نەسىر

## بۈگۈن

«... بەختنىڭ ئەتىسى يوق، ھەتتا بۈگۈنىمۇ بولغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئەسلىگە مەنسۇپ ئۆتمۈشى ھەم تەسەۋۋۇر قىلىدىغان كەلگۈسىمۇ بولمايدۇ. ئۇ پەقەت ھازىرنىڭ ئۆزىدە — قىسقىغىنا دەقىقىلەردە مەۋجۇت».
— تۇرگېنېۋ

بۈگۈن — ھاياتلىق،
بۈگۈن — ياراتقۇچى،
بۈگۈن — تۈنۈگۈن،
بۈگۈن — ئەتە،
بۈگۈن — ھەممە.

چۈنكى، ئۇ تۈنۈگۈننىڭ يۈرەك پارىسى، ياراملىق پەرزەنتى، ئەتىنىڭ ئانىسى، ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى. شۇڭا، ھاردۇق يەتكەن تۈنۈگۈن ۋە كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان ئەتىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئۆتكۈر زەھەر تۈپەيلى شىپا تاپماس كېسەللىككە گىرىپتار بولماي، قاتمۇ-قات ئۆلۈم گىردابىغا قەدەم قويماي، تۈنۈگۈننىڭ سۆنمەي دۇردۇنلار بىلەن جابدۇلغان «ئېزىتقۇ بۆشۈك»ىدە ئەللەيلەنمەي، ئەتە ئۈچۈن ھەرگىز بىھۇدە پەرىشانمۇ بولماي، پەقەت بۈگۈننى غەنىمەت بىلىشنىڭ ئۆزى كۇپايە. چۈنكى، بۈگۈن، تۈنۈگۈن ۋە ئەتىنىڭ قوشۇلۇشىلا بۈگۈن. بۈگۈن ئەتىنىڭ تۈنۈگۈنى، تۈنۈگۈننىڭ ئەتىسى، تۈنۈگۈن بۈيۈك ئۈمىدلەرنى كۈتكەن، قىلىشقا تېگىشلىك سانسىز ئىشلارنى قالدۇرغان ئەتە. بۈگۈننىڭ ئۆزى ھەممە دېگىنىمىز شۇنىڭغا قارىتىلغان، يەنى بۈگۈن يوقنى بار، بارنى يوق قىلغۇچى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈنۈگۈندىن ئىبارەت تېتىقسىز، مەنپەئەتسىز، قۇپقۇرۇق ئېمىزگىنى ئېمىپ، گاچا بولۇپ قالغاننى ئاز دەپ ئۆپكىسىز قېلىشقا؛ بىرەر ئېغىز گەپنى يۈرەكلىك، تولۇق قىلالمايدىغانلىقىمىزغا قارىماي پو ئېتىشقا؛ ئەتىدىن ئىبارەت تۇمان ئىچىدە ئالتۇندەك قىممەتلىك بۈگۈننى «ساۋاتسىز» ئوغرىلارغا تارتتۇرۇپ قويۇشقا زىنھار بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى بۈگۈن بىلەن ئەتىنى پۇختا تۆمۈر دەرۋازا ئارقىلىق رەھىمسىزلەرچە ئايرىۋەتكەن تۈزۈك. شۇندىلا بۈگۈنگە ئىگە بولغىلى، ئۇنىڭدىن نەپ ئالغىلى، ئۆتمۈشنى ئۈزۈپ تاشلىغىلى، ئۆلۈپ بولغان ئۆتمۈشنى يەرنىڭ چوڭقۇر قېتىغا دەپنە قىلىۋەتكىلى بولىدۇ. چۈنكى بىلىش ۋە بىلدۈرۈش خاسىيىتىدىن مەڭگۈلۈك مەھرۇم بولغان سېسىق تارىخ كىشىنىڭ يۈرەك قېنىنى پۇشايمان سۈيى بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ-دە، ئاجىزلىق كېسىلىگە ئولتۇرغۇزۇپ ھالاكەت دېڭىزىغا غەرق قىلىۋېتىدۇ. دېمەككى، «مېنىڭ بۈۋام شۇنداق دانىشمەن كىشى ئىكەن» دېيىش يوقنى بار قىلىش ئەمەس، بەلكى بارنىمۇ يوق قىلىپ، شېرىن خىيالنىڭ بەختسىز قەلەندەرى بولۇشتۇر.

«مېنى باشلا سەن ئالغا رەھىمدىل چىراغ،
يېقىن تۇر يېنىمغا، كەتمىگىن يىراق.
كۆز يەتمەس مەنزىلنى كۆرگۈم يوق پەقەت،
باسسامۇ بىر قەدەم شۇڭا ماڭا راھەت.»

دېمىسىمۇ، «ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا». ئەڭ ياخشىسى گالۋاڭنى ھالاكەت يولىغا باشلايدىغان ئەتىنىمۇ بۆلۈپ تاشلاش كېرەك. ئەتىكى ئېغىر يۈككە تۈنۈگۈنكى ئېغىر يۈك قوشۇلسا، بۈگۈنكى ئەڭ زور تۇسالغۇغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۆتمۈشنى ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەكنى مەڭگۈلۈك ئايرىپ تاشلاپ، (تۇرمۇشنىڭ تامامەن تەنھا بۈگۈن ئىچىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى) بىلىش لازىم. چۈنكى:

بۈگۈن — ئادىل سوتچى،
بۈگۈن — مەۋجۇتلۇق جارچىسى،
بۈگۈن — بولۇشلۇق خېمىر تۇرۇچ.

بۈگۈن — تۈنۈگۈنكى ياغلىق قاپاقنى كۈن نۇرىغا قاقلاپ ئۇنى سۇيۇلدۇرۇش ياكى ئەتە قاغجىراپ كەتكەن قاپاقتا لېيمۇ لىق ياغ بولۇشنى تەلۋىلەرچە تىلەش ئەمەس، بەلكى ئۇ بۇلدۇقلاپ تۇرغان بۇلاق، خالاس.

بۈگۈن تۈنۈگۈنگە قەرزدار ئەمەس، ئەتىگە ھەم مەدىكار ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە خوجىدار. شۇڭا بۈگۈن ئۆزىنى ھەرگىز ئەتىگە كۆرۈ قويمايدۇ، تۈنۈگۈننىمۇ ھاپاچ ئېتىۋالمايدۇ. ئەگەر بۈگۈن تۈنۈگۈننى يۆدۈۋېلىپ ئۆزىنى ئاۋارە قىلسا، بۈگۈنكى سەپەرگە ئاتلانماقتا يوق، تۈنۈگۈننىڭ ئەڭ ئاخىرقى بوسۇغىسىدىن ھالقىيالمىسا، قانداقمۇ ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى — بۈگۈن بولالايدۇ؟ بۈگۈن ئەتىگە قالسا، ئۇنداقتا ئەتىكى بۈگۈنچۇ؟

ھەي قەدىرلىك ئىنسان، سەن: «مېنىڭ بوۋام تولىمۇ دانىشمەن كىشى ئىكەن، ئەۋلادىم مۇقەررەر مەندىن نەچچە ھەسسە ئۆتكۈر، ئۇلۇغ بولىدۇ. چۈنكى، ئەتە ئۇلارنىڭ. ئەتە ھامان بۈگۈندىن گۈزەل» دەپ قارىساڭ بۈگۈن تۈگۈل ئۆزۈڭنى يوق قىلىسەن. سەۋەب، تۈنۈگۈن گويا كى بىر چۈش، ئەتە بولسا خۇددى بىر سايە، پەقەت بۈگۈنلا قايناق ھايات، شۈبھىسىز مەۋجۇتلۇق.

## شەپىسىز ئوغرى

«سەن مېنىڭ قاتىلىم يۈرەك ئوغرىسى. ياق، ياق، سەن مېنىڭ نىگارىم، بۇ ئەڭ ئوغرىسى.»

مەن بۈگۈن ئۆزۈمنى ئوغرىلىتىپ قويدۇم. ئالەمدە تەڭدىشى يوق، شەپىسىز بىر «ئوغرى» مېنىڭ قەلب دۇنيارىمغا ئۇشتۇمتۇت ئۇسسۇپ كىرىپ، يۈرىكىمنى ئوغرىلاپ قاچتى. مەن كۆكنى تىرەپ تۇرىدىغان سېپىللار بىلەن قورشالغان قورغانغا جۈرئەت قىلىپ كىرگەن بۇ «ئوغرى»نى زىنھار كۆرەلمىدىم - يۇ، لېكىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە يۈرىكىمدىن ئايرىلىپ قالدىم. ئىقرارمەنكى، كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى،

ھەتتا شەپىسىنى ئاڭلىغىلى بولمايدىغان بۇنداق «تەڭداشسىز ئوغرى» نى ئۆمرۈمدە تۇنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يولۇقتۇردۇم.

دۇنيادا ھېچ بىر ئوغرى ئۆز ئوغرىلىقى، بولۇپمۇ، جان ئوغرىلاشتەك «قىلمىشى» بىلەن زىيانغا ئۇچرىغۇچىنى بۇنچە خۇشاللاندۇرغان، ھەم بەختكە سازاۋەر قىلغان ئەمەس. دېمەك، بۇنداق «ئوغرى» نىڭ نەزەرىگە نائىل بولغان كىشى خېزىر يولۇققانلاردىنمۇ زىيادە بەختلىكتۇر. ئاشۇنداق «خىسلەتلىك ئوغرى» نىڭ ئۆزىنى ئوغرىلاپ قېچىشىغا تەشنا بولۇپ، ئۆمرىگە خاتىمە بەرگەن «سەۋدايى» لار ھەددى - ھېسابسىزدۇر.

مەن مۇھەببەت ئاتلىق شۇ قەدىرلىك ئوغرىنىڭ ئوغرىلىشىغا ئەرزىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ھەر ئىككىلا ئالەمدە ھەممىدىن بەختلىك سانايمەن.

مەن مۇھەببەت ئاتلىق پەرىزاتنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن، ياخشى كۆرىمەنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىمنى قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييارمەن. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ ئىلاھىم، مېنىڭ يۈرىكىم، جان تېنىم ۋە بارلىقىم.

مەن پەقەت مۇھەببەت ئۈچۈنلا تۆرەلگەن، مۇھەببەت مەن ئۈچۈن يارالغان. دېمەككى، مەن ھايات ئىكەنمەن ئۇ مەۋجۇت.

مەن مۇھەببەتنى خۇددى ئۆزۈمنى ياخشى كۆرگەندەك چىن قەلبىمدىن ھەقىقىي ياخشى كۆرىمەن. مېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈشۈم ئۆلۈم بىلەن خاتىمىلىنىشىنى مۇددىئا قىلغان. بۇنىڭ بىلەن شۇ دەقىقىدىكى ئۆلۈم بىرلەشكەن بولسا ھەيھات! دۇنيادا ئۇنىڭدىن قۇدرەتلىكرەك يەنە بىر بەخت ھۆكۈمرانى بولماس. بىراق، ئۆز كۆڭلۈمنى ئۇنىڭغا ئاشكارا ئىزھارلاپ ئۇنى تەڭلىككە سېلىشنى ياكى كۆڭلۈمنى پىنھان تۇتۇپ ئۇنى دىلىغۇللۇق دەرياسىغا غەرق قىلىپ، ھەسەت قاينىمىغا چۆمدۈرۈشنى، ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىمدە ئېقىشنى خالىمايمەن. لېكىن مېنىڭ پەقەت ئۇنىلا سۆيگىنىم سۆيگەن.

مېنىڭ ئۆمۈر داستانىم ئۇنى تۇنجى سۆيۈش مەرىكىسىدە مۇقەددىمە سەھىپىسى ئاچقان بولۇپ، ھەرگىزمۇ خاتىمە باسقۇچىغا بارمايدۇ. پەقەت ئۇنى ھەر بىر سۆيۈشۈملا يېڭىدىن - يېڭى سەھىپە ئېچىپ ماڭىدۇ. زېمىن ۋە ئاسمان ئۇنىڭ پۈتمەس سەھىپىسى. بۇ، مېنىڭ ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئالغان سوۋغام.

مەن ياخشى كۆرىدىغان ئۇ (پەرىزات) بۇ دۇنياغا تېخى تۇغۇلۇپ باققىنى يوق، تۇغۇلۇشىمۇ ھەم مۇمكىن ئەمەس. بىراق ئۇنىڭ سۆيگۈسى — مۇھەببەت مەلىكىسى ئىنسانلار ئارىسىدا، مەن بىلەن بىر دىياردا.

مەن ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدىغان ئۇ — مەن جان تەسەددۇق ئەيلەش ئۈچۈن تاللىغان ئاشۇ پەرىزات مەن بىلەن ھەرگىز دىدارلاشمايدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي بىر يىگىت يەنە مۇھەببەت ئىلاھىنىڭ سېھىرلىك نەزەرىگە چۈشكەن، ۋۇجۇدىدا سۆيگۈ خېمىرتۇرۇچى بولغان، تومۇرىدا سۆيگۈ قېنى مەۋج ئۇرۇپ ئاقىدىغان بۇ ئويغاق ئىنسان ۋاپا، قايناق ھېسسىيات، ۋىجدان، غۇرۇر، باراۋەرلىك، مېھنەت، يۈكسەك ئىرادە، بۈيۈك غايە ماتېرىياللىرى بىلەن زىننەتلەنگەن سۆيگۈ سارىيىغا رازىمەنلىك ۋە قىزغىنلىق بىلەن باشلايدىغان قىز؛ شۇنداقلا، ئاشۇ خىلدىكى بىر قىز ئۆزىنى تەقدىم قىلىدىغان ھەقىقىي يىگىت يەتتە ئىقلىمدا مەۋجۇت ئەمەس. يەنى مەن بارلىقىمنى ئاتىغان ۋە سۆيمەكچى بولغان پەرىزات بىر گەۋدە سۈپىتىدە مەۋجۇت ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭ سوۋغا سۈپىتىدە ماڭا ھەدىيە

قىلىنغان روھىي ساپلىقى ئۇ ياكى بۇنىڭغا پارچىلىنىۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ سۆيۈشۈمگە نائىل بولۇۋاتقان، مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋاتقان گۈزەلنىڭ تېپىلغۇسىز پەزىلىتىنى ماڭا نامايان قىلغۇچى يەنىلا مېنى يېتىلدۈرگەن مۇنبەت تۇپراقتۇر.

مەن كېچە - كۈندۈز مۇھەببەت دۇنياسىنى كېزىپ، ئالەمدە تەڭدىشى يوق ئاشۇ پەرىزاتنىڭ ۋەسلىنى «تىلەش» بىلەن ئاۋارە. ئۆمرۈمنى پەقەت ئۇنى ئىزدەشكە ئاتىۋەتكەچكە ئۆكۈنۈشتىن يىراقمەن.

ئۇ، مەڭگۈ مەن بىلەن بىر سەپتە تۇرالمايدۇ - يۇ، لېكىن ھەمىشە مېنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇنىڭ ئۆزى مېنىڭ بەختىم. چۈنكى، ئەگەر ئۇ بۇ دۇنياغا تۆرۈلۈپ، مەن بىلەن سەبداش بولۇپ قالسا، مېنىڭ مۇھەببەت تىلەك كۆڭۈل دۇنيارىمدىن مەڭگۈلۈك سۈرگۈن بولىدۇ. ئۇنىڭ تۆرەلمەسلىكى مۇھەببەت. مەن پەقەت ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى جەلپكار خىسلەتلىرىنى «كۆرۈپ» تۇرۇشقا خۇشتار.

ئىقرارىمەنكى، ئۇ ھەمىشە مەن بىلەن بىرگە بولسا ئۇنىڭغا ھازىرقىدەك تەشنا بولۇشۇم، ئوتلۇق تەلپۈنىشىم، سۆيگۈ قەسىرىمنى ھازىرقىدەك گۈزەل، ساپ ھالدا ساقلىيالىشىم ناتايىن. سۆيگۈ مۇھەببەت ئۇ ئىككىمىزنىڭ ئۆز ئارا نازۇك تۇيغۇلىرىمىزنى بىلىپ بولغىنىمىزغا قەدەر مەۋجۇت. چۈنكى، ئۆزى ھارام، لەۋزى ھالال تەندىن خامسۈت ئەمگەن ھەر قانداق بىر بەندە پۈتۈن ئۆمرىدە بەكمۇ تەستە ئېرىشكەن ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسىگە ياكى نەرسىسىگە ئىگە بولۇۋېلىپ ياكى ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىۋېلىپ، قايتا يېڭى بىر نەرسىگە سېزىك بولىدۇ.

ھەي سۆيۈملۈك ئىنسان، بۇ دۇنيادا مۇھەببەت بار دېيىلسە، ئۇ زادى مەڭگۈلۈكمۇ يوق؟ مۇھەببەت بىناسى زادى نېمىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان؟ تەبىئەت ئانا مېنىڭ ماڭا قانداق جەۋرى - جاپالارنى ياكى سۆيگۈدىن ئۆزگە بەخت - سائادەتلەرنى ئاتا قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، مەن ئۇنى چېنىمدىن ياخشى كۆرىمەن، مەڭگۈ قىزغىن سۆيىمەن. ئۇ، مېنىڭ ھاياتىم، مۇھەببەتسىز ھايات مەن ئۈچۈن ئۆلۈمگە تەڭ.

مەسئۇل مۇھەررىر: **تۇرسۇن نىياز**

---

(بېشى 106 - بەتتە)

ھەي، ئەمدى موماي بۇ قىزنى تىللاپ قاغاپ كېتىدىغان بولدى، قانداقمۇ قىلارمەن؟ مەن ئۇنى موماي تىللاپ دەردىنى چىقىرىۋالسۇن دەپ ئېلىپ كەلمىگەنىدە.

— ۋايەي، ئاسىيە قىزىمغۇ بۇ!؟

— ھە؟... ئاپا، مەن سىزنى مۇنچە كەچتە قايتىپ كېلەر، دەپ ئويلىماپتىمەن،- دېدى قىز بىردىنلا مومايغا ئۆزىنى ئېتىپ.

— قىزىمغا مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ نېمە قىلماقچىدىلىڭ؟— دېدى موماي ئۇشتۇمتۇت ماڭا ھۆرپىيىپ،- دۇنيا لىقتا ئاران مۇشۇ بىر تاللا ئارزۇلۇق قىزىم بار. مەن ئانىسى تۇرۇپ مۇشۇ يېشىمغىچە ئالىيىپ قاراپ باقمىغان يەردە سەن سويىمەك تېخى... قىزىمغا ئازار بەرگەن قولۇڭ قۇرۇپ كەتسۇن، ئىلاھىم!... نېمە، چەكچىيىسەنغۇ؟ يىغلىسام ئۆزۈم يىغلىدىم، ئۆزۈم قوپالايمەن، سېنىڭ نېمە كارىڭ؟!...

داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. بىردىنلا كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ ھەر خىل مەنىدە تىكىلىپ تۇرغان كىشىلەر توپى ئارىسىدىن سالپايغىنىمچە چىقىپ كەتتىم. مومايىنىڭ نېمىلەرنىدۇر دەپ قاغاشلىرى خېلى يەرگىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

مەسئۇل مۇھەررىر : **تۇرسۇن نىياز**

كىرىشان چاندار [ھىندىستان]

# ئاكىجان

(ھېكايە)

چۈنى ئاكا ئۆلديات كۈلۈبىنىڭ ۋە يور-
بىن كۈلۈبىنىڭ ئەزاسى بولمىسىمۇ، ئىنى-
سى باج ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشقارما
باشلىقى بولغان ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇ
بۇ كۈلۈبلاردا كۆپ ئىززەت - ئىھتىرامغا
ئىگە بولغانىدى. ئۇ كۈلۈبلاردا ئورۇنلاش-
تۇرۇلغان بارلىق چوڭ زىياپەتلەرگە ئالا-
ھىدە مېھمان سۈپىتىدە قاتنىشاتتى. ئۇ-
نىڭغا تەكلىپنامىلەر ئۈزلۈكسىز كېلىپ
تۇراتتى.

مانا بۈگۈنمۇ كىمجى كەليانجى ئۆز-
نىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەپ، چۈنى
ئاكا قاتارلىق يېقىن دوستلىرىدىن يىگىرمە
بەش كىشىنى چاقىرىپ زىياپەت ئورۇنلاش-
تۇرۇپ بەردى. دەل مۇشۇ سورۇندا ئول-
تۇرغان رام بەنگا ئەپەندى يېڭى سۈلياۋ
زاۋۇتىنىڭ ئىش باشلاش مۇراسىمى يۈزى-
سىدىن بەرمەكچى بولغان ئەتىلىك زىياپە-
تىگە چۈنى ئاكىنىڭ قاتنىشىپ بېرىشىنى
بەش قېتىم جىكىلەپ قويدى.

رانى خېنىممۇ چۈنى ئاكا بىلەن تانسا
ئوينىۋېتىپ ئەتىلىك زىياپەتكە تەكلىپ
قىلغىنىنى ئاز دەپ، قىزى كەملا خېنىم-
دىن تەكلىپنامە ئەۋەتتى. كەملا خېنىم
چۈنى ئاكىنىڭ قولىنى مامۇقتەك يۇمشاق
قوللىرى ئارىسىدا چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

— ماڭا قاراڭ ئاكىجان، ئەگەر ئەتى-
لىك زىياپەتكە كەلمىسىڭىز مەن سىزنى
مەڭگۈ كەچۈرەلمەيمەن جۇمۇ، - دېدى
نازلانغان ھالدا.

چۈنى ئاكا كەملا خېنىمنىڭ نازۇك كې-
رەشمىلىرى بىلەن شامدەك ئېرىپ خۇددى
يالاقچى ئىتتەك ئالدامچى قۇيرۇقىنى شى-
پاڭلىتىپ ۋالاقلاشقا باشلىدى:

— نى... نېمىشقا بارمىغۇدەكمەن؟
سى... سىز تەكلىپ قىلغان يەردە مەن بار-
مىسام قانداق بو... بولىدۇ؟ ئۇ چاغدا
بۇ ئىشىم مۇنۇ شېئىرغا توغرا كېلىپ
قالمامدۇ؟

ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلدى خۇدانىڭ قۇد-
رىتى بىلەن،
ئۇ ماڭا قارايدۇ مەن ئۆيۈمنىڭ گۈزەللى-
كى بىلەن.

— ها... ها... ها...

چۈنى ئاكىنى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن
«ئاكىجان» دەپ چاقىرىشاتتى. ھەر بىر
زىياپەتتە خۇددى ئۇ ئاساسلىق مېھماندەك
بارلىق كىشىلەردىن پەرقلىق ھالدا ئىز-
زەتلىنەتتى. چۈنى ئاكىنىڭ ئاياللارنى،
كۈلۈب ئەزالىرىنىڭ ئاغزى بىلەن ئېيت-
قاندا «ئاياللار بىرلەشمىسى» نى ئىنتا-
يىن ياقتۇرىدىغانلىقى بارلىق زىياپەت
ئىگىلىرىگە مەلۇم ئىدى. شۇڭ-
لاشقا ئۇنى زىياپەتكە چاقىر-
غۇچىلار بىر نەچچە خۇشچاقچاق
گۈزەل ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئورۇن
ھازىرلاپ قويۇشنى زادىلا ئۇنتۇمايتتى. ئۇ-
نىڭ بىلەن بىرگە ئولتۇرغان مىجەزى چۇس
ئاياللارمۇ خۇددى ئالدىدا چۈنى ئاكا ئە-
مەس، بەلكى بىليارتتىن ياسالغان بىر
تەخت تۇرغاندەك ئېچىلىپ - يېيىلىپ، ھېچ
ۋاقىتتا كۈلمىگەن نازلىق كۈلكىلىرىنى كۆ-
لۈپ ئولتۇرۇشاتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەسلىدە چۈنكى ئاكا گۇجرات ناھىيەسىدىن بولۇپ، شىمالىي ھىندىستاندىكى بىر فېرمىنىڭ بوغالتىرلىق خىزمىتىنى ئىشلەيتتى. لېكىن ھېساباتتىن چىققان چاتاقنىڭ زورلۇقىدىن ئۇ خىزمەتتىن ھەيدىلىپ ئىككى-ئۈچ يىلدىن بۇيان بومبايغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى. ئۇنىڭ بومبايدا نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ھېچ كىشى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ بويى ئۇزۇن، يۈزى ئورۇق، ئاۋازى خارقىراق بولۇپ، يول ماڭغاندا خۇددى مەس ئادەمدەك دەلدەڭشىپ ماڭاتتى. كۆلۈپ ئەزالىرى ئۇنىڭ بۇ مېڭىشىنىمۇ ياقتۇراتتى.

بىر قېتىم كۆنۈۋەر ئەپەندى ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ:

— ئاكىجان، سىز خۇددى شاھزادىلەردەك ماڭىدىكەنسىز، بىرەر ئەۋلادىڭىز پادىشاھمۇ-يە؟ — دەپ ئۇنىڭ مېڭىشىنى تەرىپلەپ قويدى.

بۇ تەرىپنى ئاڭلىغان چۈنكى ئاكا شۇندىن بۇيان تېخىمۇ دەلدەڭشىپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ مۇشۇ خىلدىكي مەسخىرىلىك ئەيىبلىرى كۆپ بولغىنى بىلەن ھېچكىممۇ ئۇنى مەسخىرە قىلىشقا پېتىنالمايتتى.

چۈنكى ئاكا كۆپ ئەقتىدارلىق كىشى بولۇپ، شىمالىي ھىندىستاندا يىگىرمە بەش يىل تۇرۇش جەريانىدا شېئىر ۋە شائىرلىققا قىزىقىپ قالغانىدى. ئۇ بۇ كۆلۈبتىكى كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپلا بىر خىيالىي شائىرغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ، دەسلەپتە كۆلۈب ئەزالىرىغا شېئىر ئوقۇپ بەرسە، ئاپتورنىڭ كىملىكىنىمۇ قوشۇپ ئېيتىپ بېرەتتى. بارا-بارا باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى «ئۆزۈم يازدىم» دەپ ئوقۇپ بېرىدىغان بولۇپ قالدى. كۆلۈبتىكى كىتابتىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان، باج ئوغرىلاپ كۆتۈپ قالغان مەدەنىيەتلىك كىشىلەر ئالدىدا ئۇنىڭ يالغان گەپلىرى چېنىپ قالسىمۇ، ئۇلار: «بىز باج ئوغرىلىغان يەردە ئۇ شېئىر ئوغرىلىسا، بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى؟» دەپ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئېغىزىغا تەگمەي ئالقىشلاپ كېتەتتى. شائىرلىقتىن باشقا يەنە ئاكىجان ئىنتايىن چاقچاقچى كىشى بولۇپ، ئۇ ھەر قانداق بىر زىياپەتتە بىرەر نەچچە يۇمۇر ئېيتىپ بەرمەي قويمايتتى. ئۇنىڭ بۇ ئوغرىلىما ئىجادىيەتلىرىمۇ ئانچە ئاسانغا چۈشمەيتتى، ھەر كۈنى ئەتىگىنى ھەقەمسا يېڭى شائىر ئەمەر ئەلىنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرۈشكەننى باھانە قىلىپ ئوغرىلىقچە يېزىۋېلىش، ئاخشاملىرى ئىنگلىزچە كىتابلاردىن لەتىپىلەرنى يادا ئېلىپ كۆلۈب ئەزالىرىغا چاندۇرماي سۆزلەپ بېرىش — ئۇنىڭ كۈندىلىك ۋەزىپىسى ۋە ئاساسلىق قابىلىيىتى ئىدى.

ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ تەگدىن تولىسى مىنۇت-سېكۇنتلارنى ساناش، باشلىقىنىڭ تىلھاقارەتلىرىنى ئاڭلاپ، قولدەك خىزمەت قىلىش بىلەن ئۆتۈپ، ئەمدىلىكتە تېخى بۇ ئەركىن-خۇشال تۇرمۇشقا ئىگە بولغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇ دائىم «ئېست، مەن بۇرۇنراق ئۆزۈمنىڭ مۇنداق قابىلىيەت ئىگىسى ئىكەنلىكىمنى بىلگەن بولسام، بوغالتىرلىق قىلماي، باشقا بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ چاغقىچە مىليونېر بولۇپ كېتىدىكەنمەن» دەپ، ئۆز خاتالىقىدىن ئەپسۇسلىناتتى.

× ×

يورىبىن كۆلۈبىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە رام بەنگا ئەپەندىنىڭ زىياپىتى قىزىپ كەتكەن بولۇپ، ناخشا-مۇزىكىلارنىڭ ئاۋازى كۆلۈب سىرتىدىكى كىشىلەرنىمۇ ھوزۇرلاندۇرۇۋاتاتتى. چۈنكى ئاكا ئۇچىسىغا

قۇلۇلە تۆگمىلىك كۆڭلەك كىيىپ، بېلىنىڭ تۆۋىنىگە ئاق رەخت ئورىۋالغانىدى. ئۇ ھېجىيىپ زالغا كىرىشى بىلەن تەڭ ناخشا-مۇزىكىلار توختاپ، ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى.

— ئاكىجان، بۇ يەرگە كېلىڭ.

— ياق، ماۋۇ يەرگە كېلىڭ، مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭ، ياق بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىڭ.

— ئاكىجان، مېنىڭ قاچاندىن بېرى يولىڭىزغا قاراۋاتقانلىقىمنى بىلەمسىز؟ — دېدى بىر چەتتە ئولتۇرغان رانى خېنىم يېقىملىق ئاۋازى بىلەن.

ئاكىجانىنىڭ ئاجىز بەدىنى پەخىرلىنىش ۋە خۇشاللىقتىن ھەربىي بۇيرۇقتەك كۆچلىنىپ كەتتى. ئۇ زىياپەتتىكىلەرگە بىر قۇر كۆز سېلىپ چىققاندىن كېيىن رانى خېنىم، لىۋا خېنىم ۋە نىلۇپەر قاتارلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر بوش ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. كىشىلەر كۈلۈشۈپ:

— قاراڭلار، ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئاكىجانغىلا يېپىشىۋالىدىكەن. بىزگە قاراپ باقايمۇ دېيىشمەيدۇ، — دېيىشتى.

فىروز ئەپەندى بۇنىڭغا جاۋابەن:

— ئۇ بۇ يەرگە جادۇگەرلىك ئۆگىنىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، — دېدى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن. بۇنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن قاتتىق كۈلۈشكە باشلىدى، ئاكىجانمۇ بۇ گەپكە ھەممەيلەنگە قارىغاندا قاتتىقراق كۈلۈپ كەتتى.

بەنگا ئەپەندى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— قايسى خىلدىكى ۋىسكى ئىچىسىز؟ — دەپ سورىدى.

كەملا خېنىم مەسلىھەت كۆرسىتىپ:

— مەنمۇ شامپان ئىچىۋاتىمەن، سىزمۇ شۇنى ئىچىڭ، — دېدى.

— بولىدۇ، مەنمۇ شامپان ئىچەي، — دېدى ئۇ، كەملا خېنىمغا شەھۋانىي كۆزى بىلەن قاراپ.

ئاكىجانىنىڭ ئالدىغا شامپان كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، نىلۇپەر ئۇنىڭ تۆگمىسىنى ئويناپ تۇرۇپ:

— ۋاي-ۋۇي، بۇ مەرۋايىتتىن ياسالغان تۆگمە ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، بۇ كۇ... قۇلۇلە كېپىدىن ياسالغان.

رانى خېنىممۇ بۇ گەپكە ئارىلىشىپ:

— ياق، بۇ چوقۇم مەرۋايىتتىن ياسالغان، — دېدى.

زەرگەر ئەگەرچەند ئەپەندى ئاكىجانىنىڭ يېنىغا كېلىپ، تۆگمىگە دىققەت بىلەن قاراپ:

— نېمانداق كەمتەرلىك قىلىسىز؟ مەن يىگىرمە يىلدىن بېرى زەرگەرلىك قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەم مۇشۇنىمۇ تونىيالماسمەنمۇ؟ بۇ بىرىنچى دەرىجىلىك ئالاھىدە مەرۋايىتكەن، — دېدى.

ئاكىجان سىرلىق بىر كۈلۈپ قويۇپ، كۆڭلىدە «بۇلار تۆگمىمنى مەرۋايىتتىن ياسالغان دەپ تۇرۇۋېلىۋاتسا، مەن نېمىشقا «ھەئە» دەپ جىم ئولتۇرمايمەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ، گەپ-سۆز قىلماستىنلا ئالدىدىكى شامپاننى ئىچىۋېتىپ، رانى خېنىمغا:

— مەن بۈگۈن ئى... ئىنتايىن قىزىقارلىق بىر لەتىپە تەييارلاپ قويدۇم. دىققەت بىلەن ئاڭلاڭ، ھە! — دېدى — دە، ھەممەيلەننىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، لەتىپىنى باشلىدى:

— بىر ئادەمنىڭ بەك كېلىشكەن، گۈزەل ئايالى بولۇپ، ئۇ ئايالىدىن دائىم گۇمانلىنىپ يۈرىدىكەن. لېكىن شۇنچە قىلسىمۇ بىرەر ئىسپات قولىغا چۈشمەپتۇ. بىر كۈنى ئۇ خىزمەت بىلەن 15 كۈنلۈك سەپەرگە چىقماقچى بوپتۇ. ئۇ مېڭىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ يېقىن دوستىغا:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— مەن ئاياللەردىن گۇمانلىنىمەن، سەن ئۇنىڭ قەيەرلەرگە بارىدىغانلىقىنى كۆزدىتىپ بىرەر ئىسپاتىنى قولغا كەلتۈرگىن، — دەپ تاپىلاپ قويۇپتۇ.

ئۇ قايتىپ كېلىپ دوستىدىن سورىغانىدا، دوستى ئۇنىڭغا:

— سەن يولغا چىقىپ ئىككى سائەتتىن كېيىنلا ئايالىڭ بەك چىرايلىق ياسىنىپ ئۆيدىن چىقتى ۋە تانسا كۇلۇبى ئالدىدا ئىنتايىن كېلىشكەن بىر يىگىت بىلەن كۆرۈشۈپ، تانسا كۇلۇبىدا خېلى ئۇزۇنغىچە تانسا ئويناپ، ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كېلىشتى. مەنمۇ يوشۇرۇنغىنا ئۆيۈڭگە كىرىۋالدىم. ئۇلار بىر ھازاغىچە ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇرۇشۇپ مەس بولغاندىن كېيىن سېنىڭ ھوجراڭغا كىرىپ چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ ئېسىمنى يوقىتىپ نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيلا قاپتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ھېلىقى ئادەم قولىنى چىشلەپ تۇرۇپ:

— ھەي... يەنە بۇ نەس ئىسپات قولغا چۈشمەپتۇ ئەمەسمۇ؟! — دەپتۇ. ھا...ھا...ھى... ھى

رانى خېنىم ئۆزىنىڭ ئاجايىپ خۇلقى بىلەن ئاكىجانغا خاپا بولغانىدەك قاراپ:

— سىز بەكلا قېلىنكەنسىز، بەكلا قېلىنكەنسىز. بولدى، لەتىپە ئاڭلىسىمايمىز. شېئىر ئوقۇپ بېرىڭ، — دېيىشى بىلەن تەڭلا ئاكىجان «مانا بۇ شېئىرنى تېخى بۈگۈن تۈزگەنىدىم» دېگىنىچە شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

ساڭا بۈگۈن نېمە بولدى، ئەي نادان دىل،
دەردىڭگە داۋا نېمە، دەرھال بايان قىل.

كۈنئەۋر ئەپەندى:

— پاھ، پاھ، سىزنىڭ نادان دېلىڭىزغا گەپ توغرا كەلمەيدىكەن! — دېدى-دە، بومبايدا ئۇزۇندىن بېرى ياۋروپا دورىلىرىنى ئىلىم — سېتىم قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ھىرانەنە ئەپەندىگە قاراپ:

— مەنىسىنى چۈشىنەلىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ھىرانەنە ئەپەندى:

— ناھايىتى ئاسان شېئىر ئىكەن. دوختۇر كېسەلگە «بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى» دەپتۇ. كېسەل دوختۇردىن: «كېسىلىمنىڭ دورىسى نېمە؟» دەپ سوراپتۇ. دوختۇر: «نادان دىل، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ» دەپ چۈشەندۈرۈپ قويدى.

— ئۇنداقتا «نادان دىل» دېگەن قانداق نەرسە ئۇ؟

— ھەي، بەلكىم يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان مىللىي دورىدۇر، قانداق دېدىم، ئاكىجان؟ — سورىدى ھىرانەنە ئەپەندى.

— پۈتۈنلەي توغرا، يەنە بىرنى ئوقۇپ بېرەي:

مېنىڭمۇ ئاغزىمدا يۇمشاق تىلىم بار،
سوراپ باقساڭچۇ نېمە تەلىپىم بار.

كۈنئەۋر ئەپەندى يېنىدا ئولتۇرغان بىرسىگە قاراپ:

— بۇ شېئىرنى چۈشىنەلىدىڭىزمۇ؟ مەنغۇ پەقەت چۈشىنەلمىدىم، — دېدى.

— بەك تۈزلا شېئىر ئىكەن، شائىرنىڭمۇ ئاغزىدا تىلى بار ئىكەن ۋە بىر نەرسە تىلەيدىكەن.

— نېمە تىلەيدىكەن؟

— نان تىلەيدۇ-دە، — دەپ شېئىرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بەردى.

ئاكىجان يەنە بىرنەچچە شېئىرنى ئوقۇپ بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، رانى خېنىم ئۇنى بىر چەتكە ئېلىپ كېتىپ:

— ئاكىجان، مېنىڭ بېجىم ئايمۇ-ئاي ئېشىپ كېتىپ بارىدۇ. ئەگەر سىز ئىنىڭىزگە دەپ بېجىمنى كېمەيتىپ بەرسىڭىز سىزگە

ئۈچ مىڭ رۇپىيە بېرىمەن. قانداق كېمە يەتمەپ بېرەلەمسىز؟ — دېدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، چوقۇم كېمە يەتمەپ بېرىمەن.

— ئۇنداقتا ئۈگۈنلۈككە كەچتە ئۈيۈمگە كېلىپ كۆڭۈل ئېچىپ كېتىڭ، مەن سىزنى كۆڭۈلسىزدىكىدەك كۈتۈۋالىمەن، - دېدى ئۇنىڭ دولىسىغا يۇمشاققىنا بىرنى ئۇرۇپ.

ئاكىجان بىلەن رانى خېنىمنىڭ قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن نىلوپەر:

— ئاكىجان، ئاتلىق سۆزلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى رانى خېنىمغىلا ئاتىۋەتمىگەنسىز؟ بىز بىلەنمۇ سۆزلىشىپ قويۇڭ، - دەپ توۋلىدى.

بۇنى ئاڭلىغان ئاكىجان خۇددى سۆكەكنى كۆرگەن ئىتتەك بىردەمدىلا نىلوپەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ بولدى.

ئۆلبەتەن ئەپەندى فىروزغا قاراپ:

— چوقۇم ئاكىجاندا بىر سىر بار. چىرايلىق ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئاكىجانغىلا يۇپىشۇۋالىدىكەن، - دېدى.

— مەنمۇ ھېچ چۈشىنەلمىدىم، كونىلارنىڭ «ئاياللار مېرابىيا قۇتىسىغا ئوخشايدۇ. ئەرلەر خۇددى چىۋىندەك ئۇنىڭغا يۇپىشۇۋالىدۇ» دەيدىغان گەپلىرىنى توغرا ئاڭلايتتىم. لېكىن ھازىر بىزنىڭ بۇ يەردە مېرابىيا قۇتىسى ئاياللار ئەمەس، بەلكى بىر ئەر، ھا... ھا... ھا...، - فىروزنىڭ بۇ گېپىگە ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

زىياپەت ئاخىرلىشاي دەپ تۇرغاندا، ئۆلبەتەن ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— دوستلار، ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە سىلەرگە ئالاھىدە زىياپەت تەييارلاپ قويىدۇم. كۈندۈزى بېلىق تۇتىمىز، ئاخشىمى ئىچىشىپ ئولتۇرىمىز. بارلىق مېھمانلارنىڭ ۋاقتىدا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، - دەپ ئېلان قىلدى.

بۇنى ئاڭلىغان فىروز نىلوپەرگە مەنىلىك قاراپ:

— نېمىشقا ئاخشامدا بېلىق تۇتقىلى بولمىغۇدەك؟ - دەپ چاقچاق قىلدى.

— قاراڭغۇدا كۆرمەي تېيىلىپ كېتىپ چۆكۈپ كېتىپ قالمىسىز ئۇكا، - دېدى نىلوپەرمۇ بوش كەلمەي.

فىروز:

— پاھ، ھازىرقى ئاياللار ھەم رەسىم ئىشلەكەن ھەم رەسسام ئىكەن ھەم بېلىق ئىشلەكەن ھەم قارماق ئىكەن، - دېدى ھېچنېمە تۇرۇپ.

— ۋوي! ئاكىجاننىڭ رومكىسى قۇرۇق تۇرىدىغۇ، دەرھال شامپان كەلتۈرۈڭلار، - دەپ ۋارقىرىدى ئۆلبەتەن ئەپەندى.

ئۇ شامپاننى ئۆز قولى بىلەن قۇيغاچ:

— ئەتە چۈشتىن كېيىن مۇشۇ كۆلۈبقا كېلىڭ، ھەممىمىز مۇشۇ يەردە يىغىلىمىز. بۇ ئادەتتىكى زىياپەتنى قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، - دېدى ئېگىلىپ تۇرۇپ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، چوقۇم بارىمەن. شېئىرمۇ يازغاچ كېلىمەن تېخى، ھى...ھى...

ئەتىسى ئەسلىدىكى ۋاقىتتىن بىر سائەت بۇرۇن كېلىۋالغان ئاكىجان فىروزنى كۆرۈپ:

— فىروز، ماياككا كېلىڭ، مەن سىزگە بۈگۈنكى يېڭى لەتىپەمنى ئېيتىپ بېرەي... بىر تىجارەتچى بولۇپ كۆلەك شىم ساتىدىكەن...

— قارىسىنى نېمىشقا ساتمايدىكەن؟ سېرىقىنى نېمىشقا ساتمايدىكەن؟ - دېدى فىروز ئاكىجاننىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— ئاغىنە، ئاۋۋال لەتىپىنى تولۇق ئاڭلىماي تۇرۇپ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ - دېدى ئاكىجان فىروزنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ.

فىروز:

— كىم ئاغىنە ئىكەن، كىمنىڭ ئاغىنىسىكەن؟ ئۆزىڭىزگە مۇناسىپ كىشىنى تېپىپ «ئاغىنە» دەپ چاقىرىڭ. مەن سىزنىڭ بۇنداق تەكەللۇپسىز سۆزلىرىڭىزنى قەتئىي ياقتۇرمايمەن، — دېگىنىچە قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، بىر ياققا كېتىپ ئولتۇردى.

ئاكىجان «فىروز ماڭا ھېچ ۋاقىتتا مۇنداق پوزىتسىيىدە بولۇپ باقمىغان، بۈگۈن ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، بىر ھازاغىچە ھەيرانلىقتا ئېغىزىنى ئېچىپلا قالغان بولسىمۇ، يەنىلا داپ يۈز ئادەم بولغانلىقىدىن كۈنئەۋەر ئەپەندىسىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئېسىلىپ:

— بۇ شېئىرىمنى ئاڭلاپ بېقىڭ، تېخى بۈگۈنلا يازدىم، — دېدى.

— كەچۈرۈڭ، مېنىڭ ھازىر شېئىر ئاڭلاشقا ۋاقتىم يوق، يەنە كېلىپ سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزدا ۋەزىن، تۇراق، قاپىيە دېگەنلەردىن قىلچىلىك ئەسەر كۆرۈنمىسە، بۇنداق قوۋۇلاشمىغان شېئىرلارنى ئاڭلاپ نېمە قىلاي؟ راستىمنى ئېيتسام، سىزدىن بەكلا زېرىكتىم! — دېگىنىچە ئۇمۇ ئاكىجاننى تاشلاپ كېتىپ قالدى.

«مەن بۇ كۇلۇبقا كەلگەن ئىككى يىلدىن بۇيان بۇنچىلىك خورلۇققا ئۇچرىمىغانىدىم. بىرسى لەتىپىمنى مازاق قىلىپ، قاپاق تۈرسە، يەنە بىرسى شېئىرىمنى ھاقارەتلەۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ زادى نېمە قىلغىنى بۇ؟» دېگەندەك چىگىش سوئاللار ئاكىجاننىڭ روھىي تېمپېراتۇرىسىنى خېلىلا تۆۋەنلىتىۋەتتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي رانىي خېنىم خۇددى ئۇزۇندىن بۇيان ئاشىقىنى كۆرمىگەن مەشۇقتەك ئاكىجاننىڭ ئالدىغا ئالدىرىغان ھالدا كېلىپ:

— ئاكىجان، ئەتە كەچتە مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلمەڭ، بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقماقچىمەن. ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن، — دېدى.

— ئۇنداقتا مەن سىز كەلگەندىن كېيىن باراي، — دېدى ئاكىجان بىچارىلەرچە قاراپ.

— نېمانداق قىلىسىز ئادەمسىز؟ «ئەقىللىق ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز» دەيدىغان گەپ بار، بارماڭ دېگەندىن كېيىن بارماڭ! — دېدى - دە، رانىي خېنىممۇ باشقا بىر ئورۇندۇققا كېتىپ ئولتۇردى.

ئۆبتەن ئەپەندى كۇلۇبقا كىرىپ، زىياپەتكە ئېلىپ بارماقچى بولغان دوستلىرىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن:

— كۈنئەۋەر ئەپەندى، بەڭگا ئەپەندى، ئىلوپەر، رانىي خېنىم ... — دەپ بارلىق مېھمانلارنىڭ ئىسمىنى چاقىرىشقا باشلىدى.

ھەممەيلەن بىر - بىرلەپ كۇلۇب سىرتىدىكى ماشىنىغا چىقتى. كۇلۇب ئىچىدە ئۆبتەن ئەپەندى ۋە بىر نەچچە خىزمەتچىدىن باشقا ھېچ كىشى قالمىغانىدا، ئاكىجان ھاقارەتلەر تۈپەيلى ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئاجىز بەدىنىنى كۆتۈرۈپ ئۆبتەن ئەپەندىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— مەنمۇ ماشىنىغا چىقامدىمەن، ياچىقمامدىمەن؟ — دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن.

— ئاپلا، كەچۈرۈڭ، ماشىنىدا ئورۇن قالمىدى. ھەي ياكى، سەن ماشىنىغا چىقىپ مېھمانلارغا قاراپ باق، كېلەلمىگەنلەر بولۇپ قالمىسۇن يەنە، — دېگىنىچە بىر خىزمەتچىنى ئەگەشتۈرۈپ كۇلۇبتىن سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئاكىجان سوغۇق تەرگە چۆمۈپ كەتكەن ھالدا چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. كۇلۇب ئىچىدە قالغان ئىككى خىزمەتچىدىن بىرسى:

— ھەي، بۈگۈن ئاكىجانغا نېمە

(ئاخىرى 105 - بەتتە)

ئاقىلجان ھۆسۈنوۋ [سوۋېت ئىتتىپاقى]

## ئارتىس بىلەن ئۇچرىشىش

( ھېكايە )

سومكا كۆتۈرگەن ئىككى يىگىت يولدا ئاپئاق قارنى غاراچ - غۇرۇچ دەسسەپ كېلىشىۋاتاتتى. ئېگىز بويلۇق كېرىمجان ئوڭ قولىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تىنىماي سۆزلەيتتى، پاكار بويلۇق مۆمىنجان ئۇنىڭ كېپىگە قۇلاق سالغاچ كۈلەتتى.

— مەن سىزگە ئېيتسام، خاتىرە دېگەن نەرسە، ھەركىمدە ھەر خىل بولىدۇ. بەزىلەر بۈگۈن كۆرگەن ئادەمنى ئەتىسى تونىمايدۇ. بەزىلەر باركى، بىر كۆرگىنىنى ئەللىك يىلدىن كېيىنمۇ تونۇيالايدۇ... مېنىڭ خاتىرەممۇ ياخشى. تۈنۈگۈن سەمەندەر بىلەن بىر ماشىنىغا چىقتۇق، شوپۇرنى شۇزاماتلا تونۇدۇم. «ھە، ئاغىنە ئىشلىرىڭ قانداق؟» دېسەم، شوپۇر ماڭا ھەيران بولۇپ قارىدى. ئەسلىدە بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن ئىنىستىتۇتتا بىرگە ئىمتىھان بەرگەنىدۇق. شۇ ئىشلارنى ئېسىگە سالغانىدىم، خاتىرەمگە ھەيران قالدى.

ئەنە شۇنداق، دوستۇم مۆمىنجان. بىر كۆرگەن ئادەمنى ھەرگىز ئۇنۇتمايمەن. قېنى، يېڭى يىل ھارپىسىدا رېستورانغا كىرىپ ئۆتمەيلىمۇ؟

مۆمىنجان كېرىمجانغا بىر قاراپ قويدى - دە، «مەيلى كىرسەك كىرەيلى» دېدى.

ئۇلار رېستورانغا كىرىشتى. ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغاچقا، ھەممە ئورۇنلار بوش ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشىغا كۈتكۈچى قىز يۈگۈرۈپ كېلىپ تاماق تىزىملىكىنى ئۇزاتتى. كېرىمجان دەرھال تاماق تىزىملىكىنى قولىغا ئېلىپ كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

— بىزگە ئىككى تەخسە قورۇلغان گۆش، ئۈچ يۈز گرام كونياك، بېلىق بىلەن قورۇلغان سەي...

كۈتكۈچى قىز بۇيرۇلغان نەرسىلەرنى خاتىرىلەپ كېتىشى بىلەن، قەددى-قامەتلىك، كېلىشكەن، سۆلەتلىك بىر كىشى ئۈستەلگە يېقىنلاشتى.

— سىلەرگە ھەمراھ بولسام بولامدۇ؟ - دېدى ئۇ كېرىمجان بىلەن مۆمىنجانغا قاراپ، - ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇرۇشنى بىئەپ كۆردۈم...

— قانداق، ساغلىقلىرىڭىز ياخشىمۇ؟ - دېدى يېڭى كەلگەن كىشى ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

كېرىمجان ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قالدى.

— مەن سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن.

ناتونۇش كىشى كۈلدى:

— مېنى كىنودا كۆرگەن بولسىڭىز كېرەك.

— ھە، توغرا، - دېدى كېرىمجان بىر نېمىنى ئەسلىگەندەك. شۇ ئارىدا يېڭى كەلگەن كىشىنى بىر ئادەم سىرتقا چاقىرىپ چىقىپ كەتتى.

— مانا ئاشۇ ئادەم كىنو ئارتىسى بولىدۇ، - دېدى كېرىمجان مۆمىنجانغا قاراپ، - فامىلىسىنى ئېنىق بىلمەيمەن، قايسى كىنودا رول ئالغانلىقىنى ئەسلەي

پەلمەيۋاتىمەن. ئەمما ئۆزى كاتتا ئارتىس... كۆردىڭىزمۇ، مەن بىلەن بىرگە بولسىڭىز، ئەنە ئاشۇنداق ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىسىز...

ئۇلار ئارتىس ئۈچۈن بىر تەخسە قورۇلغان گۆش بۇيرىدى.

— بىز سىزگىمۇ تاماق بۇيرىدۇق، — دېدى كېرىمجان.

— ھەي، ئاۋارە بولۇپ نېمە قىلاتتىڭلار، سەت بوپتۇ-دە.

كېرىمجان كىنو ئارتىسىغا كىچىككىنە قەدەھتە كونياك ئۇزاتتى:

— بىز بىلەن ئازراق بولسىمۇ بىللە ئىچىڭ.

— ياق، ئىچمەيمەن، سىلەر بەھوزۇر ئىچىۋېرىڭلار.

كۈتكۈچى قىز كەلگەندى، كېرىمجان ئۇنىڭغا ئاغزى يېرىم ئىچىلگان كونياك بۇيرىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي كونياكىمۇ ئۈستەل ئۈستىدە پەيدا بولدى.

— بىز بىلەن ئىچمىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن، — دېدى كېرىمجان كىنو ئارتىسىغا، — مانا بۇنى ئالغاچ كېتىڭ.

— نېمىشقا؟ — دېدى كىنو ئارتىسى تاماق يېيىشتىن توختاپ، — بىرەرسىڭىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىمۇ قانداق؟...

— ئالىسىز-دە، ئەمدى، سىز بىلەن ئۇچراشقىنىمىزغا خۇرسەنمىز.

ئۇلار تاماق ئۈستىدە كۆپ گەپ قىلىشمىدى. كېرىمجان بىلەن مۆمىنجاننىڭ بىر ئاز ئاچچىقى كەلدى. ئەمما ئىككىلىسى كىنو ئارتىسى ئالدىدا ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇشتى. كۈتكۈچى قىز ھېساب-كىتابقا كەلگەندى، كېرىمجان كىنو ئارتىسىدىغا يانچۇق ئاختۇرغىلى قويمىدى. ئۇلار سىرتقا چىقىشتى. كىنو ئارتىسى خۇشلىشىش ئۈچۈن قولىنى ئۇزاتتى.

— كەچۈرۈڭ، — دېدى كېرىمجان ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، — ئىسىم-فامىلىڭىز ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ. ھە، راست، سىز قايسى كىنولاردا رول ئالغانتىڭىز؟

— مەن كىنولاردا ھېچقانداق رول ئالمىدىم، — دېدى ناتونۇش كىشى كېرىمجانغا پەرۋاسىز قاراپ، — مەن شوپۇر، ماشىنا ھەيدەيمەن.

— مېنى كىنودا كۆرگەنسىز، دېدىڭىزغۇ ھېلى؟

— كىنو زالىدا يانمۇيان ئولتۇردۇقۇ، ئەسلىيەلمىدىڭىزمۇ؟

— ھە، مۇنداق دېمەمسىز...

— ھە، شۇنداق... خوش ئامان بولۇڭلار.

ئۇ خۇشلىشىپ كېتىپ قالدى.

— ئەنە، كۆردىڭىزمۇ، — دېدى كېرىمجان ئۆزىنىڭ خېجىللىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، — مەدەنىيەت كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي قىلىپ كېتىپ، بەزىدە ئارتىس بىلەن شوپۇرنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ...

ئاپتورنىڭ «تاقالمىغان ئۈزۈك» ناملىق ئۆزبېكچە ھېكايىلەر توپلىمىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:

**ئەقىدەم سالى**

مەسئۇل مۇھەررىر: **ھاجى ئەخمەت**

# سوۋغات

(ھېكايە)

بىر يىگىت بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق قىز دەپ ھېسابلايتتى.

بىر كۈنى قىز ئۇنىڭغا: «ئەتىلىككە مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم» دېدى.

— سىز گۈلنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — سورىدى ئۇ قىزدىن.

— ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن.

— ئۇنداق بولسا، ئەتىكى تۇغۇلغان كۈنىڭىزدە سىزگە قانچە ياشقا تولغان بولسىڭىز شۇنچە تال ئەتىرگۈل سوۋغا قىلاي.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى قىز، — ئەتە ساقلايمەن.

يىگىت قىزنىڭ يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، ماگىزىنغا كىرىپ يىگىرمە ئىككى تال ئەتىرگۈل سېتىۋالدى. ئاندىن، گۈللەرنى پىرىكازچىككا بېرىپ، ئۇنى قىزنىڭ ئادرېسى بويىچە ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ چىقىپ كەتتى. پىرىكازچىك بۇ ياشنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. چۈنكى ئۇ، بۇ ماگىزىندىن دائىم گۈل سېتىۋالاتتى. شۇڭا پىرىكازچىك ئۇ يىگىتكە ياخشىلىق قىلىپ قويۇشنى ئويلاپ، يەنە ئون تال ئەتىرگۈلنى ئۇ ئالغان گۈللەرگە قېتىپ قىزغا ئەۋەتىۋەتتى.

ئەتىسى، قىز ئەتىرگۈل ۋە تەبرىكخەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈتۈۋاتقىنى دەل ئاشۇ قىزىل ئەتىرگۈللەر ئىدى!

ئۇ تەبرىك خەتنى بىر نەچچە قېتىم ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، قىزىل ئەتىرگۈللەرنى تويماي پۇرىدى - دە، ئاندىن بىرلەپ ساناشقا باشلىدى. قىزىل ئەتىرگۈل ئوتتۇز ئىككى تال بولۇپ چىقتى! ئۇ يىغلاپ تاشلىدى - دە، ئاندىن گۈللەرنى دېرىزىدىن غەزەپ بىلەن سىرتقا تاشلىۋەتتى.

يىگىت قىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن كەلگەندە، قىز ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزمىدى. بىچارە يىگىت قىزنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمەي ھەيران قالدى.

(رۇسچىدىن مۇرات مەتنىياز تەرجىمىسى)

---

ئىزاھات: ھېكايىنىڭ رۇسچە نۇسخىسىغىمۇ ئاپتور - نىڭ ئىسمى يېزىلمىغان (ت)

# موللا مۇھەممەتيار خەلپەت چاقچاقلىرىدىن

1

بىر كۈنى موللا مۇھەممەتيار خەلپەت يارەنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئالا ئېتىغا مىنىپ، بەگ ھاجىم ئىسىملىك بىر زەردار باينىڭ باغ زىيا پىتىگە مېھمانغا بارىدۇ، ساھىبخان بەگ ھاجىم مېھمانلارنى قارشى ئالغىلى چىقىپ دەرۋازا ئالدىدا مەتيار خەلپەتنى كۆرۈپلا چاقچاق قىلغۇسى كېلىپ بىر ئېغىز گەپ بىلەن خەلپەتنى ئۇجۇقتۇرۇپ قويماقچى بولۇپ:

— كەلسىلە خەلپىتىم، تىنچ كەلدىمۇ، بۈگۈن «ئالەت»كە مىنىپ كەپلا، ئوبدان كەلگەنلا — دەپتۇ.

مېھمانلار ئارىسىدا كۈلكە قوزغىلىپتۇ، بەگ ھاجىم قوزغالغان كۈلكىدىن ئۆز چاقچىقىنىڭ ئۈنۈمىنى دەڭسەپ بىر ئېغىز گەپ بىلەن مەتيار خەلپەتنى جايىدا باپلاپ يەرگە قاتتىق ئۇردۇمغۇ دەپ كېرىلىپتۇ.

موللا مەتيار خەلپەت سەل - پەل تىنچىپ كۈلكە بېسىلمىشىغىلا:

— ئەسلىدە بەگ ھاجىم مېنى ئالا ئاتقا مىنىپ كەپلا دېمەكچىتى، شۇنداق دەي دەپ تۇرۇشىغا، ئاغزىغا «ئالەت» كىرىپ قېلىپ شۇنداق دەپ سالدى! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

2

مەتيار خەلپەت بىر دوستى بىلەن باينىڭ نەزىرىسىگە داخىل بولۇپ چىققاندىن كېيىن، ھېلىقى دوستى كېتىۋېتىپ يولبويى ئۈستى - ئۈستىگە شۈكرى ئېيتىپ مېڭىپتۇ، كېكىرىپمۇ شۈكرى... ساقال - بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپمۇ شۈكرى... بۇ گەپ تولا تەكرارلانغاچقا ئىچى پۇشقان مەتيار خەلپەت:

— تەقسىر، نېمانچە تولا شۈكرى بۇ؟ نېمىگە مۇنچىۋالا شۈكرى دەيلا؟ — دەپ سوراپتۇ. دوستى جاۋاب بېرىپ:

— ياراتقۇچى ئىگىمىز بىزگە بۈگۈن رىسقى ئاتا قىلىپ قورسىقىمىزنى باينىڭ پولۇسى بىلەن بىر قېتىم تويغۇزۇپ قويدى، بۇنىڭغا شۈكرى قىلماسلىق بولامدۇ، ئەلۋەتتە شۈكرى قىلىشىمىز كېرەك، مىڭ - ئون مىڭ قېتىم شۈكرى قىلىش كېرەك! — دەپتۇ.

— قىزىق ئادەمكەنلا — دەپتۇ مەتيار خەلپەت مېيىقىدا كۈلۈپ، — سىلە بىلەن ماڭا باينىڭ پولۇسىدىن بىر قېتىم يەيدىغان رىسقىنى بەرگەن خۇدا بايغا نېمە بېرىپتۇ بىلەملا، شۇنچىۋالا يەر - زېمىن، كاتتا باغ - ھويلا، مال - دۇنيا، زىلچا - گىلەم، خوتۇندىن ئۈچ.



سىڭگىچۇ، بىر پارچە يىرتىق كىگىز بىلەن بىر قارىغۇ خوتۇن. ماڭا بەرگىنى بىر ئاكاھ خوتۇن بىلەن قېرىپ ھالى قالمىغان ئالا بايتال. يەنە نېمىسىگە شۈكرى!

نەشرىگە تەييارلىغۇچى: خېۋىر تۆمۈر

# رىۋايەتلەر

## ئەمىر ناۋايى ھەققىدە بىر رىۋايەت

كۈن پېتىشتە خۇراسان دېگەن شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ ھۈسەيىن بايقارا ئىسىملىك شاھى بار ئىكەن. ئۇ، ئەمىر ناۋايى ھەزرەتلىرى بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئۆتىدىكەن، بىر كۈنى ئادىتى بويىچە پادىشاھ دوستى ئەمىر ناۋايى ۋە بىرنەچچە يېقىنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ھىراتنىڭ شىمالىدىكى ئورمانلىققا ئوۋغا چىقىپتۇ: كۈن پېشىن بولغىچە ھېچ بىر ئاڭ ئۇچرىماپتۇ، جىلى بولۇپ جىددىلىشىپتۇ، توغراقلىق، يۇلغۇنلۇقلارغا كۆز تىكىپ ھەر بىر شەپە، ھەر بىر تىۋىشقا قۇلاق سېلىشقا باشلاپتۇ. بىرمەھەل ئۆتكەندىن كېيىن «غاق-غاق» دېگەن ئاۋاز ئىشىتىلىپتۇ. «بىر غازنىڭ ئاۋازىغۇ، مۇشۇ ئەتراپتا كۆل بولسا كېرەك» دەپ ئويلىشىپ، ياشراق بىرى توغراق ئۈستىگە چىقىپ قارىغانىكەن، يىراقتا ناھايىتى چوڭ بىر زۇمرەت سۈلۈق كۆل كۆرۈنۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوۋچىلار كۆل تامان يول ئاپتۇ، كۆل چۆرىسىدە قېلىن كۆك قومۇش ئۆسكەن بولۇپ، قىرغاققا يېقىن يەردە غاز كۆرۈنمەپتۇ، ئاخىرچە قىرغاقتىكى شەپىدىن ئۈركىگەن غازلار كۆل ئوتتۇرىسىغا قاراپ ئۈزۈپ بېرىپتۇ ۋە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ، ئوۋچىلار ئوقيا بىلەن بىر تالاي غازلارنى ئېتىۋاپتۇ، كۆل بويىدا بىر دەم غاز كاۋىپى قىلىپ يېيىشىپتۇ، ناۋايى ھەزرەتلىرى شۇ سورۇندا كاۋاپ قىلىنغان غاز گۆشىگە قاراپ تۇرۇپ مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇغانىكەن:

ناۋايى ئۆتتى كوچاڭدىن پىيادە يارى بىلەن،
ھەر نە كىم بالاغا قالار ئۆز ئاغزى، ئۆز ئىختىيارى بىلەن.

نەۋكەرلەر سورۇشۇپتۇ: «بۇ بېيىتنى بىزگە چۈشەندۈرۈپ بەرسىلە ئىكەن؟» ناۋايى ئېيتىپتۇركى: «ئەي يارانلار، ئەگەر بۇ غاز ئۆز ئاغزى بىلەن «غاق-غاق» دېمىگەن بولسا بىز بۇ يەردە كۆل ۋە غاز بارلىقىنى بىلمەي كېتىپ قالغان بولاتتۇق، ئۆز ئايىغى بىلەن كۆل ئوتتۇرىسىغا ئۈزۈپ بارمىغان بولسا كۆرمىگەن؛ ئۆز قانىتى بىلەن ئۇچۇپ كۆككە كۆتۈرۈلمىگەن بولسا ئوقيا بىلەن ئېتىپ تۇتالمىغان بولاتتۇق. ‹ھەر نە-كىم بالاغا قالۇر ئۆز ئاغزى، ئۆز ئىختىيارى بىلەن› دېگەن شۇ» دېگەن ئىكەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: سەمەن يېزىسىدىن ھاشىم قۇربان
يېزىۋالغۇچى: ئابدۇكېرىم ئەخمەت.

## مۇكاپات ۋە جازا

بەدۆلەت زامانىسىدا قەشقەردە ناھايىتى چوڭ نورۇز مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەنىكەن. بۇ مۇراسىمدا ھەر خىل ھۈنەرۋەنلەر ئۆز ماھارىتىنى نامايىش قىلىشىپتۇ.

بىر ياغاچچى ئۇستام ئۇچار ئات ياساپتۇ، ئوڭ قۇلىقىنى تارتسا ئۇچۇپتۇ، سول قۇلىقىنى تارتسا چۈشۈپتۇ. ئۇستىنىڭ ھۈنىرىگە قايىل بولغان بەدۆلەت تون يېپىپ، بىر پەتنۇس تىللا بىلەن مۇكاپاتلاپتۇ.

تۆمۈرچى ئۇستام بىر تۆمۈر ئۆردەك ياساپتۇ. تۆمۈر بولسىمۇ سۇدا لەيلەيدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم مىنىپ، ئوڭ قانىتىنى تۇتسا سۇدا خۇددى ھايات ئۆردەكتەك ئۈزۈپ، سول قانىتىنى تۇتسا توختايدىكەن. بۇ ئۇستامۇ تون ۋە تىللا بىلەن مۇكاپاتلىنىپتۇ. ئاخىردا ئون تال يىڭنە بىلەن بىر قېتىم يىپ كۆتۈرۈۋالغان بىرسى كېلىپ:

— داد پادىشاھىم، رۇخسەت، ئىنايەت قىلسىلا، مۇبارەك نەزەرلىرىگە ئاجايىپ ھۈنىرىمنى تەقدىم قىلسام، — دەپتۇ.

— قولۇڭدىكى ئۈنتال يىڭنە، بىر قېتىم يىپ بىلەن قانداق ھۆنەر كۆرسەتمەكچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شاھى ئەزەم، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى، — ئۆزۈم ئۆگزىدە تۇرۇپ يەردىكى ئۈنتال يىڭنىنىڭ قۇلىقىدىن بىر قېتىم يىپنى ئۆتكۈزەلەيمەن.

— قېنى كۆرۈپ باقايلى، — دەپتۇ پادىشاھ.

ھېلىقى ماھارەتچى يەرگە ئۈنتال يىڭنىنى قاتار سانجىپ قويۇپ، ئېگىز بىر ئۆگزىگە چىقىپ قولىدىكى بىر قېتىم يىپنى لەۋلىرىدە نەمدەپ بارماقلىرىدا ئۇشلاپ، يىڭنىلەرنىڭ قۇلىقىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، بەدۆلەت ئۈنىڭغىمۇ تون يېپىپ، بىر پەتنۇس تىللا ھەدىيە قىپتۇ. ماھارەتچى يەر سۆيۈپ ھۆرمەت ۋە رەھمەت ئىزھار قىپتۇ. بەدۆلەت دەرھال:

— نەۋكەر! تۇت بۇناكەسنى، — دەپ تۈۋلاپتۇ ۋە دەرھال قىرىق دەررە ئۇرۇشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. نەۋكەرلەر «ۋاي داد!» دېگەنگە پەرۋا قىلماي پەرمانىنى بىجا كەلتۈرۈپتۇ.

شۇ ئارىدا بەدۆلەتنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ۋەزىرى:

— ئالدىدا تون ۋە تىللا ھەدىيە قىلىپ، ئارقىدىنلا دەررىگە باسقانلىرى نېمىسى؟ — دەپ سوراپتۇ. بەدۆلەت ئېيتىپتۇكى: «ئەي يارانلار! ئەي ئاۋام! سەمىڭلارغا سالايكى، ياغاچچى ياسىغان ياغاچ ئات بىلەن بىپايان ئاسماندا ئۇچقىلى بولىدىكەن. تۆمۈرچى ياسىغان تۆمۈر ئۆدەك بىلەن دەريا - دېڭىزلاردا ئۈزگىلى بولىدىكەن. ئۆگزىدە ئۆرە تۇرۇپ يەردىكى ئۈنتال يىڭنە قۇلىقىدىن بىر قېتىم يىپ ئۆتكۈزمەك ئاسان ئىش ئەمەس. لېكىن تۇرمۇشتا بىر قېتىم يىپنى ئۆتكۈزگەن ئۈنتال يىڭنە بىلەن نېمە ئىش قىلغىلى بولىدۇ؟ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، شۇڭا مەن ئۇنىڭ ماھارىتىنى مۇكاپاتلىدىم، لېكىن پايدىسى يوق ماھارەت بىلەن ۋاقتىنى زايا قىلغانلىقى ئۈچۈن جازالىدىم» دېگەنىكەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: مەن يېزا تۇغ كەنتى ئارا مەھەللىدىن پاتەمخان قۇربان
يېزىۋالغۇچى: ئابدۇكېرىم ئەخمەت.

مەسئۇل مۇھەررىر: **ھاجى ئەخمەت**

**مۇشتەرىلەر دىققىتىگە:**

«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى كەڭ كىتابخانلارنىڭ، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە تەرجىمە خادىملىرىنىڭ سەمىمىي دوستى بولۇش سۈپىتى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر ئالقىشقا سازاۋەر بولۇۋاتىدۇ. ئۇ بىلىم ئاشىقلىرىنى مەملىكىتىمىزدە چىقىۋاتقان خەنزۇچە گېزىت - ژۇرناللاردىكى پوۋېست، ھېكايە، شېئىر، نەسىر، ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي خاتىرە، ئەدەبىي ئوبزور، نەزەرىيىۋى ماقالە، كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان ھەمدە ئۇلارغا ئاجايىپ ئىستېتىك زوق بېغىشلايدىغان ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال.

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سانلىرى كىتابخانلىرىمىزنىڭ ئارزۇ تەلەپلىرى ئاساسىدا تېخىمۇ مەزمۇنلۇق، قىزىقارلىق ۋە جانلىق چىقىرىلىدۇ.

ژۇرنىلىمىزنىڭ ۋەكالەت نومۇرى: 58 - 51. باھاسى: 1.10 يۈەن.

كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىلارغا بېرىپ مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ھۆرمەت بىلەن: «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» تەھرىر بۆلۈمى

## «دۇنيا ئەدەبىياتى»غا مۇشتەرى بولۇڭ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلىدىغان بىردىنبىر مەخسۇس ژۇرنال.

«دۇنيا ئەدەبىياتى»غا چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى رومان، پوۋېست، ھېكايە، نەسىر، شېئىر، دراما، كىنو سىنارىيەسى، ئوبزور، مەسەل، چۆچەك، يۇمۇرلار؛ مۇقاۋىسىغا دۇنياغا مەشھۇر ماي بوياق رەسىملەر، فوتو سۈرەتلەر بېرىلىدۇ.

«دۇنيا ئەدەبىياتى» — چەت ئەلنىڭكىنى جوڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ قەدىمكى، يېقىنقى، ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زاماندىكى نەمۇنىلىك مەشھۇر ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق كىتابخانلىرىمىزغا مەنىۋى ئوزۇق، ئەدەبىي ھەۋەسكارلىرىمىز ۋە تەنقىدچىلىرىمىزگە زۆرۈر پايدىلىنىش ماتېرىيالى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

«دۇنيا ئەدەبىياتى»غا ھەر يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە، 11 - ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 15- كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار يىللىق ۋە يېرىم يىللىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. ژورنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋەكالەت نومۇرى 52 - 58. مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى قارشى ئالىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

«دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

## «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»غا مۇشتەرى بولۇڭ ۋە ماقالە ئەۋەتىڭ

«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) مەملىكەت بويىچە ئاشكارە تارقىتىلىدىغان ۋە جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدىغان ئۈنىۋېرسال ئىلمىي ژۇرنال بولۇپ، پەسىلدە بىر سان چىقىدۇ.

ژۇرنالدا پەلسەپە، قانۇن، سىياسىي ئىقتىساد، تارىخ، مىللەت، ئۆرپ - ئادەت، تىل - يېزىق، ئەدەبىيات، سەنئەت، پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە، باشقۇرۇش ئىلمى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

1992 - يىلى ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ژۇرنال سۈپىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ھەر جەھەتتىن ئۆستۈرۈپ، مۇشتەرىلار ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىدۇ ۋە ژۇرنالنىڭ ئۆز ۋاقتىدا چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

كۆپچىلىكنىڭ پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ، ۋاقتىدا مۇشتەرى بولۇشىنى ۋە داۋاملىق ماقالە ئەۋەتىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ژۇرنالنىڭ پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 114 - 58.

ھەر بىر سانىنىڭ باھاسى: 0.60 يۈەن، يىللىق باھاسى: 2،40 يۈەن.

«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى

## «تارىم» ژۇرنىلىغا ۋاقتىدا مۇشتەرى بولۇڭ!

هۆرمەتلىك كىتابخان:

«تارىم» ژۇرنىلى — سىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىڭىز ۋە مەسلىھەتچىڭىز. سىزگە مەلۇمكى، ژۇرنىلىمىز مەملىكەتنىڭ ئىچى - سىرتىغا تارقىتىلىدىغان ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال بولۇپ، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە، ئېچىلىش، سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرىدۇ. دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە، كۆپ خىللىققا، يۇقىرى ئىستېتىك قىممەت يارىتىشقا، قىزىقارلىق، ئىلمىي بولۇشقا، ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىشقا، داددىللىق بىلەن يېڭىلىق ياراتقۇچىلارنى زور كۈچ بىلەن قوللاشقا، مىللىي ئالاھىدىلىكنى ساقلاشقا، كىتابخانلارنىڭ كۆپ تەرەپلىمە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ژۇرنىلىمىزنىڭ سەھىپىلىرىدە ھېكايە، پوۋېست، شېئىر، داستان، بالىلادا، ساتىرا، ئەدەبىي ئاخبارات، ئوچېرك، نەسىر، مەسەل، ئەدەبىي ئوبزور ۋە مۇھاكىمە ماقالىلىرى ھەمدە نەشرگە تەييارلانغان رومانلاردىن پارچىلارمۇ بېرىلىدۇ. ژۇرنىلىمىزدا يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر، مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرى، تەرمە گۈللەر، بالىلار ئەدەبىياتىدىن، قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن، چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر، گۈلىستانىدىن گۈلدەستە، كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر، بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز، ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار قاتارلىق سەھىپىلەرمۇ بار. ژۇرنىلىمىزغا سۈپەتلىك فوتو سۈرەت ۋە بەدىئىي سۈرەتلەرمۇ بېرىلىدۇ.

هۆرمەتلىك كىتابخان:

ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلارنىڭ 11 - ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 15- كۈنىگىچە ژۇرنىلىمىزنىڭ كېلەر يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ!

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئايلىق باھاسى: 1.40 يۈەن.

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66 - 58.

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى



**ئىلىم - پەنخەزىنىسى — قەشقەر شىنخۇا كىتابخانىسى**

(غىيىنجان ۋە ئادىل ئابدۇراخمان فوتوسى).





بۇ ئۆرۈك ھۆرمەتكە باي،
دەيدۇ ئەل: شاخ مانتوسى.
(گۇڭشاۋېيمىڭ فوتوسى)


# قەشقەر ئەدەبىياتى (20-يىل نەشرى)

《喀什噶尔文学》(双月刊)

*KASHGAR LITERATURE*
*IN UIGHUR LANGUAGE JOURNAL*

1991 - يىل 5 - سان (قوش ئايلىق ژۇرنال)

نەشر قىلغۇچى: قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى

تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەري قوبۇل قىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋاكالىتەن تارقىتىدۇ

چەتئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب - ژۇرنال سودىسى باش شىركىتى

(بېيجىڭ 2820 - خەت ساندۇقى)

(O.P. BOX 2820 BIEJING CHINA)

فورماتى 1092 × 787 مم، 1/16 8 باسما تاۋاق

دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: GN 65—1081/1

پوچتا ۋاكالىتەن نومۇرى: 62 — 58

باھاسى 1.00 يۈەن

تېلېفون نومۇرى: 23196